ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (2)

# ئاتا ــــ
# بىر تۇپ سۆيگۈ دەرىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

دانا ئاتا باللارغا يۈكسەك غايە ۋە چىن ئەقىدە ھەققىدە ساۋاق بېرىدۇ. قېرىنداشلىرىغا، دوستلىرىغا، قوشنىلىرىغا ھەققى تەۋسىيە قىلىدۇ. ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدۇ. ھەققەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ.

ياخشى ئاتا ئۆز ئەقىل ـ پاراستى، ئۆز ئەمگىكى، ئۆز ئىقتىسادي بىلەن دۇنيانى نادانلىقتىن، غەپلەتتىن ئويغىتىدۇ. قەلبىدىكى يۈكسەك گۈزەللىكى بىلەن ھايات يوللىرىنى يورۇتىدۇ. جاسارىتى بىلەن دىللارنى تاۋلايدۇ. پاكلىقى ۋە توغرىلىقى بىلەن كىشىلەرنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ.

ISBN 7-228-09343-7
(民文）总定价（三册）：60.00元

ISBN 7-228-09343-7
9 787228 093434 >

بۇ كىتابىمنى ھۆرمەتلىك دادام ئايۇپ ياسىن، مېھرىبان ئانام زىننەت قادىرغا ئېھتىرام بىلەن بېغىشلايمەن.

—ئاپتوردىن

www.uyghurkitap.com

ئبراهىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (2)

# ئاتا ــ بىر تۈپ سۆيگۈ دەرىخى

(نەسرلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

伊布拉音·阿力甫·特肯作品集/伊布拉音·阿力甫·特肯著.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005.3
ISBN 7—228—09343—7

Ⅰ.伊… Ⅱ.伊… Ⅲ.文学—作品综合集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I217.2

中国版本图书馆CIP数据核字（2005）第020257号

责任编辑：安尼瓦尔·沙比提
米丽古丽
责任校对：木尼拉·木沙江

**伊布拉音·阿力甫·特肯作品集**(中)(维吾尔文)

伊布拉音·阿力甫·特肯 著

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号，邮编830001）
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168毫米 32开本 14.625印张 6插页
2005年7月第1版 2005年7月第1次印刷
印数：1—3000

---

ISBN 7—228—09343—7 总定价:60.00元



ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# خەنجەر شولىسى ۋە شەيتان

## مۇھەممەتجان ئەمەت يارتېكىن

### (كىرىش سۆز ئورنىدا)

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئىبراھىم ئالىپ تېكىنىنىڭ مەزكۇر نەسرلەر توپلىمىنىڭ قول يازمىسىنى كۆرۈپ خېلىغىچە گاراڭلاردەك ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردۈم. بۇ نادانلارچە ساددىلىق ئىچىدىكى مەستخۇشلۇق بولماستىن، بەلكى سەممىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان پىكىرلەرنىڭ تاڭ نۇرلىرىغا ئوخشاش تەبىئىي گۈزەللىككە ئىگە قىلىنغانلىقىدىن ئىدى.

ئېھتىمال، چاقناپ تۇرغان گۈزەل يۇلتۇزلاردىمۇ ئادەملەر ياشايدىغاندۇ، بەلكىم شۇلار ھەممىشە ئۆزلىرىنى تەبىئەت بىلەن بىر جان، بىر تەن بىلىدىغان شائىرلاردۇر. ئۇلار راستتىنلا تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىلىرىمۇ؟ بۇ شەك - شۈبھىسىز شۇنداقتۇ ياكى ئۇنداق ئەمەستۇ. مەن تەبىئەتنىڭ باشقا كىشىلەرگە بېرىشكە قىيمىغان

خۇشاللىق ۋە ئازابلارنى شائىرلارغا ئايانماي بەرگىنىگە قاراپ شۇنداقمىكىن دەيمەن.

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ خاتا پىكىرلەرنى قوبۇل قىلماسلىق ھوقۇقى بولىدۇ. مېنىڭ بۇ ئەسەرلەردىكى سەممىيەتتىن گۇمان قىلىشقا ھېچقانداق ئاساسىم يوق. ئالىپ تېكىن نەسرلىرىدىكى كىشىلىك ھايات، مۇھەببەت، تەقدىر ـ قىسمەت، ھەقىقەت، پاكلىق ۋە ئۆلۈم مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلار، ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەققىدىكى خىتاپلار، تەپەككۇر چېقىنلىرى يۈز ئاچقاندىكى چاقناپ تۇرغان مېھرىبانلىقنىڭ ئالماس شەبنەملىرى ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئادەم ۋە ئالەم ھەققىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ھاياتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بىزگە بېرىلگەنمۇ؟ بىز قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق؟ ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى نېمە؟ ئاشۇ شانۇ شەۋكەتلىك نام ـ ئاتاقلار، پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلار بىزگە قاچانغىچە ھەمراھ بولىدۇ؟ ئەپسۇسكى، بىز بۇ ھاياتتىن مەلۇم مەزگىل پايدىلىنىش ھوقۇقىغىلا ئىگە. ئۇ: «باھار قۇشلىرى ئۇچۇپ كەتتى، سېنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالدى. . . يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىغان چاغدا سەن ئاشۇ ئېغىر، ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ باغرىغا قاراپ ئاستاغىنا ئۇچۇپ كەتتىڭ. . . » («ياشلىق جىلۋىسى» دىن) دەپ يازغانىدى. ئۇ يەنە شەربەتتەك تاتلىق سۆيۈشلەر، سەبرىگە تويۇنغان ئۇمىدۋار كۈتۈشلەر ھەمدە تاشلارنىڭ ئېغىر سۈكۈتلىرى ھەققىدە يازغانىدى. ئۇ يەنە قاراڭغۇ ھىجران ۋە يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك تەبەسسۇم قىلىدىغان پارلاق ۋىسال توغرىلىق ئويلانغانىدى. مەن بۇ نەسرلەرنى ئوقۇۋېتىپ بەزىدە ئادەملەرنىڭ ھايات تەلقىنلىرى ئىچىدىكى

نىدالىرىنى ئاڭلىسام، بەزىدە يىڭناغۇچلارنىڭ ئىنچىكە قاناتلىرىنى تىترىتىپ پەرۋاز قىلىۋاتقاندىكى ياشاش شادلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم، يەنە بەزىدە شىپالىق بىر قولنىــــڭ ھاياتنىــــڭ كونا جاراھەتلىرىگە ئاۋايلاپ مەلھەم بېسىۋاتقانلىقىنــــى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن يەنە ھەققانىيەت خەنجىرىنىڭ يارقىن شولىسى ئاستىدا دىر ـ دىر تىترەۋاتقان ھالسىز شەيتاننىمۇ خىيال قىلدىم. غالىبلار بىلەن مەغلۇپلارنىڭ قەبرىسى ئوخشاشلا مۇشۇ تۇپراق ئۈستىدە بولىدۇ. تالاي يىللاردىن كېيىن ھەر ئىككىسىنى ئەسلەيدىغان ئادەم قالمايدۇ، شۇڭا بىز بىروۋنىڭ رەسۋالىقى ئۈستىــــدىن ئۇزاق كۈلۈۋېلىش پۇرسىتىنى كۈتمەسلىكىمىز لازىم. بۇ شۇنچىلىكلا بىر ئالەم، باغقا كىرىش ئىستىكى — مېۋىلەرنىڭ جەزبىدىن بولىدۇ، گۈلزارلىققا قەدەم ئېلىش — گۈزەل رەڭلەر بىلەن خۇشپۇراقلارنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىدىن، نەسرگە كىرىشىمۇ مەنە ئىزتىراپىدىن بولىدۇ. مەن بۇ نەسرلەرنىڭ بەدىئىي بالاغىتى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئەزىم مەنىلىرى توغرىلىق سۆزلىمەكچى ئىدىم. چۈنكى ھاياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت، ئاددىي، دەبدەبىسىز ئىبارىلەر ئارىســــدىن خۇددى گۈزەل تاڭ نۇرىدەك بالقىپ تۇرغان سەمىمىيەت بۇ ئەسەرلەرگە ئالاھىدە جەلپكارلىق ئاتا قىــــلغان. مەن شۇنداق ئويلايمەن، دۇنيا يالغان ـ ياۋىداقلار تەرىپىدىن ھاپ ئېتىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، شائىرنىڭ يۈرىكىدە سەمىمىيەتنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇملىرى يەنىلا جىلۋە قىلىپ تۇرسا كېرەك.

خىيال دېگەن ئايىقى چىقماس سەپەر. ئادەم خىيال ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ. تەپەككۇر — جاۋاھىــــراتلار بىــــلەن

تولدۇرۇلغان تۈگمەس خەزىنە، ھەركىم ئۆنىڭدىن ئۆزى ئىزدىگەن مەنىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئەمدى سىز بۇ يېقىملىق كۈيلەرگە قۇلاق سالغايسىز.

2005 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

# مۇندەرىجە


مەڭزىمدىكى ياش ئىزلىرى ............................ 1
تىنىمسىز ئويلار ................................. 87
يامغۇر تامچىلىرى .............................. 98
تەنھا يۇلتۇز .................................. 126
غېرىبلىق ئىزتىراپلىرى ........................ 142
مارجان ئارال ................................... 156
قۇياش نۇرى .................................... 179
ئېتىقاد تىنىقى ................................ 182
روشەن ئەينەك ................................. 206
ياشلىرىمدىن يارالغان دۇنيا ..................... 239
روھىمنىڭ چەكسىز ئاسمىنى ...................... 261
تۇندىكى گۈلخان ................................ 284
جىمجىتلىقتا چاقماق چېقىنى ..................... 304
زېمىنىنىڭ ئىپپىتى ............................. 322
كەچمىشلەر ...................................... 330
ئاتا — بىر تۇپ سۆيگۈ دەرىخى .................. 347
جاراھەت ناخشىسى ............................... 352
كۆڭۈل ئېكرانىمدا كۆلگەن سۇرەتلەر .............. 360
قۇم توزانلىرى .................................. 364
ھەسەن ـ ھۆسەن ناخشىسى ........................ 388
يۇلتۇزنامە ..................................... 394
زەپەر گۈلى ..................................... 400
تاغدىن ـ باغدىن ............................... 452

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مەڭزىمدىكى ياش ئىزلىرى

1

جاھالەت باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ — نادانلىق؛ ھالاكەت باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ — نادانلىق؛ مەغلۇبىيەت باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ نادانلىق؛ قۇللۇق، مەھكۇملۇق، يېڭىلىش، تەسلىمچىلىك باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ — نادانلىق؛ سېتىش - سېتىۋېلىش، مۇناپىقلىق، چېقىمچىلىق باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ — نادانلىق؛ غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە - ئىغۋا، كۆرەلمەسلىك باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ — نادانلىق؛ ئىختىلاپ، تەپرىقىچىلىق، گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق، قەبىلە - مەھەللىۋازلىق باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ — نادانلىق. . . نادانلىق — بارلىق جىنايەتنىڭ يىلتىزى.

2

بىراۋ مېنىڭدىن: «سەن نېمىدىن قورقىسەن» دەپ سورىسا، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: «مەن پەقەت ھەقىقەت يولىدىن ئېزىپ كېتىشىمدىن قورقىمەن».

3

خائىنلاردا كۈچلۈك يۈرەك بولمايدۇ، ئاددىيسى ئۇلار دەرەخنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۈركۈيدۇ، ئۆز شەپىسىدىنمۇ ئەندىكىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە جەھەننەمگە سەپەر قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4

بىز رەھىمدىل، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ۋە ئادىل بولۇشنى، تەرغىب قىلىمىز، بۇ ياۋۇزلارغا، باسمىچىلارغا، زوراۋانلارغا، ئاسىيلارغا، مۇناپىقلارغا قارىتىلغان گەپ ئەمەس.

5

ناخشا — زۇلۇمدىن تۇغۇلىدۇ، ئۇ ئېيتىۋەرگەندە كۈتۈلمىگەن زۇلۇملارنى چاقىرىپ كېلىدۇ.

6

زالىملارنىڭ كۈلكىسى يېتىملارنىڭ قەلبىگە ئاچچىق نەشتەر بولۇپ سانجىلىدۇ، مەزلۇملارنىڭ كۈلكىسى باھار ئاپتىپىدەك زېمىنغا تەكشى يېيىلىدۇ.

7

دۈشمەندە يۈز ـ خاتىر بولمايدۇ، ئۇنىڭدا يۈز ـ خاتىر بولغان بولسا دۈشمەن بولمىغان بولاتتى.

8

سەمىمىي ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قۇياشى پەقەت مۇھەببەت.

9

بۆشۈك بوۋاقلارنىڭ تەسەللىسى، ئويۇنچۇق بالىلارنىڭ تەسەللىسى، ئۆسمۈرلەر، ياشلار ۋە قېرىلارنىڭ تەسەللىسى مەنىلىك ھېكمەتلەر ۋە ياخشى سۆزلەردۇر.

10

بىز بىرەر خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ قويغىنىمىزدا دەرھال پۇشايمان قىلىمىز، مانا بۇ خاتالىقنى تونۇش دېمەكتۇر. بىراق، ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى پەرۋايىغا ئالمايدۇ، مېنىڭچە بۇ بىخۇدلۇق بولسا كېرەك.

11

ئۆزىمىزنى قوغداش، ئاسراش، كۆيۈنۈش، ئۆزىمىزگە ئادىل بولۇش، سەمىمىي بولۇش بىزنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلىتىمىز بولۇشى كېرەك.

12

ئەقىللىق كىشىلەر پۇشايماندىن ھېكمەت تاپىدۇ.

13

سەن كېرەكسىز دەپ قارىغان نەرسىلەر مەن ئۈچۈن كېرەكلىك، مەن ئۈچۈن كېرەكسىز بولغان نەرسىلەر سەن ئۈچۈن ئەلۋەتتە كېرەكلىك. مانا بۇ ھايات قانۇنىيىتى.

14

نادانلار، پاسىقلار، مۇناپىقلار ھەقىقەتنى قارىغۇ قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ.

15

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا تىرناقنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق رولى بار، لېكىن بىز ئۇنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

16

يىغلاۋاتقان ئاقىل كۈلۈۋاتقان ئاقىلدىن داناراق پىكىر قىلىدۇ.

17

بىرلىك دېگەن بۈيۈك نەرسە. بىرلا نەرسىگە مۇھەببەت ھەدىيە قىلىش كۆپ نەرسىگە مۇھەببەت ھەدىيە قىلىشتىن گۈزەل. بىرلا تەڭرىنى سۆيۈش كۆپ تەڭرىنى سۆيۈشتىن گۈزەل. بىرلىك باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشتۇر.

18

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار «تىنىمسىز ھەرىكەت — ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت» دەپ قارايدۇ.

19

مۇناپىقلىقتىن قورقىدىغان ئادەم كىشىلەرگە ئالدىراپ ۋەدە قىلمايدۇ.

20

قولۇڭدا قورالىڭ بولمىسىمۇ، قەلبىڭدە قورالىڭ بولسۇن. قەلبىڭدىكى قورال — ئېتىقاد، ئىمان، ۋىجداندۇر.

21

سەن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىڭدا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن، چۈنكى پارچىلانغان مۇھەببەت سۇنغان ئەينەكتۇر.

[illegible] 22 [illegible]

نەپسى يامان ئادەم داستىخاندىكى ھەممە نېمەتلەرنى يەۋېتىشنى ئويلايدۇ، نەپسى تەقۋادار ئادەم نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەپ تەڭرىگە سىغىنىدۇ.

[illegible] 23 [illegible]

ماڭماقچى بولغان يولىڭىزنى ۋە يەتمەكچى بولغان نىشانىڭىزنى مەخپىي تۇتۇڭ! شۇنداق بولغاندا نىشانغا سالامەت يەتكىلى، يولدا بىخەتەر ماڭغىلى بولىدۇ.

[illegible]

24 [illegible]

سىز بەزىدە يولنى خاتا باسقاندا، يوللىرىڭىز شۇنداق راۋان بولۇپ كېتىدۇ.

[illegible]

25

سائىتىڭىز بولغاندا ۋاقىت كۆزقارىشىڭىز بولىدۇ، غەلىبە - ئۇتۇقلار توغرا ۋاقىت كۆزقارىشىدىن كېلىدۇ.

[illegible]

26 [illegible]

بېسىم ئىشلەتمىسەڭلا سېنى باشقىلار سۆيىدۇ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىنتىلىشى.

[illegible] 27 [illegible]

كېپىنەك قۇشتەك ئۇچالمايدۇ، ئەمما ئۇ گۇللەرنىڭ نازۇك شاخلىرىدىن ھوزۇرلىنالايدۇ.

[illegible] 28 [illegible]

ئۇلار ئامەتلىرىدىن قۇرۇق قالغاندا، سىزگە نەپرەت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى



قارايدۇ. زىددىيەت چىدىماسلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

29

بەزى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بۆرىنىڭ خاراكتېرى بار، بەزى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا تۈلكە ۋە ئىتنىڭ خاراكتېرى بار، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا قوينىڭ خاراكتېرى بار. كۆپ كىشىلەر قوي خاراكتېرىدىكى ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدىكەن.

30

پاشىنىڭ مەقسىتى ئادەمنىڭ قېنىنى شوراش ئەمەس، پەقەت قورسىقىنى تويغۇزۇش.

31

ساۋاب باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ چىن مۇھەببەت.

32

ئېشەك دۆت ئەمەس ھەم ھۇرۇنمۇ ئەمەس، ئۇنى پەقەت ئېشەكنىڭ ئوقۇردا سامان يەيدىغان كىشىلەرلا شۇنداق دەپ ئاتايدۇ.

33

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپلا مەغرۇرلىنىپ كېتىشمۇ ئىنسان تەبىئىتى. بىز بۇنداق تەبىئەتلىك كىشىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىمىز.

34

ئۇ سىزگە «مەن قورساق تويغۇزۇش ئۇچۇن ياشايمەن» دېگەن بولسا، ئۇ پۈتۈنلەي يالغان ئېيتقان بولىدۇ.

35

جانلىقلار دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك نەرسە ئادەم، ھالبۇكى ئادەمدىكى ئەڭ كۈچلۈك نەرسە ئىمان ۋە ئېتىقاد.

36

بىر ياخشى پىكىر، توغرا ئىدىيە ئېتىبارغا ئېلىنمىسا ئېتىراپچىسى ئەڭ ئاز بولىدۇ.

37

بىراۋ سىزگە پەند ـ نەسىھەت قىلغاندا جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاڭ، بۇ سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز؛ بىراۋ سىزگە ھاقارەت قىلغاندا سىز سۈكۈت قىلماڭ، بۇ سىزنىڭ نەپرىتىڭىز.

38

قەھرىماننىڭ بالىسى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشنىلا بىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇشنى ئويلىمايدۇ.

39

دۈشمەن گىرىم قىلىپ پەرىشتە نىقابىدا نىقابلىنىۋالغان ئالۋاستى.

40

ئۆچۈپ قالما، پەقەت ئۆچۈپ قالما. . . بۇ ئازراق بولسىمۇ ئىز قالدۇرۇپ قوي دېگەنلىك.

41

ناخشىچى قەھرىمان بولالمايدۇ، ئۇ پەقەت ناخشىچىلا بولالايدۇ. بىراق، قەھرىمان ناخشىچىمۇ بولالايدۇ.

42

يىگىتلىكنىڭ مۇنداق بىر روھى بار، ئۇ قىرغاقنى قىرغاققا تۇتاشتۇرىدۇ، تالاي مەخپىيەتلىكنى يوشۇرىدۇ.

43

ئايغىڭنىڭ چەمى تېشىلسە تىكەن كىرىدىغىنى ئېنىق، غۇرۇرۇڭنىڭ يىلتىزى كېسىلسە دۈشمەن كۈلىدىغىنى ئېنىق.

44

قان بىلەن تەر ساڭا ئادىل باھا بېرىدۇ.

45

كىشىلەر سېنى «هايۋان» دەپ تىللىغاندا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۆزۈڭگە قاراپ باق، بەلكىم بۇ سۈپەتنىڭ ئاز بىر قىسمى سېنىڭدە تېپىلىشى مۇمكىن.

46

خادا تاشلارنى كىم ئۇخلايدۇ دەيدۇ؟ ئۇنى ئۇخلاتمايۋاتقىنى دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن چايكىلارنىڭ چۇقانلىق ناخشىسى.

47

تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش باشقا گەپ، پىكىر بىرلىكى باشقا گەپ. رەقىبلەر تىل بىرىكتۈرىدۇ، دوستلار پىكىر بىرلىكىگە كېلىدۇ.

48

بىخۇد، نادان ئادەملەرنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرى باشقىلارنىڭ بولۇپ كېتىدۇ.

49

سەت گەپلەر قەبىھ سەتچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

50

گۇناھنىڭ يىلتىزى قەلبدە، ئۇنى كۆل قىلىۋېتىدىغىنى ئەقىدە ۋە ئىمان.

51

سىز ياقتۇرۇپ قالغان قىز سۆيۈلۈپ بولغان قىزدۇر. نۇرغۇن چىرايلىق قىزلار نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن بالدۇرلا سۆيۈلۈپ كېتىدۇ.

52

بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا بەخت ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغىنى ئاتا ـ ئانىنىڭ پاك مېھىر ـ مۇھەببىتىدۇر.

53

كۆپ ساندىكى كىشىلەردە مۇنداق بىر بىخۇدلۇق بار، ئۇلار ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان كۆلپەتلەرنىڭ يىلتىزىنى تېپىشنى خالىمايدۇ.

54

دۈشمەنىنىڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرغان بىلەن ئۇ ئاخىر بىزنى ھاڭغا دومىلىتىدۇ.

55

ھاياتنىڭ كۆلكىلىك يەرلىرى كۆپكەن: چىرايلىق كىيىملەر

ئىچىدە بۇزۇق، رەزىل تەنلەر ھۇزۇرلىنىدىكەن؛ پاسكىنا، نەپرەت كىيىملەر ئىچىدە گۈزەل، پاك، سەلتەنەتلىك تەنلەر ھۇزۇر تاپىدىكەن.

56

ئادەملىكىمدىن پەخىرلىنىمەن، بۇ باشقىلارنى باسمايدىغان ھەم باشقىلارغا بېسىلمايدىغان ئادەملىكتۇر.

57

سىز مۇلايىم، سەمىمىي ئادەم، شۇنداقتىمۇ سىزنى ياقتۇرمايدىغانلار يەنىلا مەۋجۇت؛ سىز رەزىل، كاززاپ ئادەم، شۇنداقتىمۇ سىزنى ياقتۇرىدىغانلار يەنىلا مەۋجۇت.

58

ئەزىمەتلەر ساختا كۈلكىنى كۈلمەيدۇ، پەقەت ساختا كۈلكىنى بىلىۋالىدۇ.

59

بىز دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشىغانسېرى شۇنچە كۆپ پېشكەللىكلەرگە دۇچار بولۇشىمىز مۇمكىن.

60

ئۆزىنى كۆرسىتىپ جار سالغانلارنى كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ، كىشىلەرنىڭ قىزىقىدىغىنى مەخپىي كىشىلەر.

61

كېمە قىرغاققا يېتىپ باردى، ئۇ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. دېڭىز دەھشەتلىك نەرە تارتتى، دولقۇنلىرى چۇقان كۆتۈردى. كېمە

شۇنداق ئويلىدى: بۇ پەقەت سېنىڭ ھېيۋەڭ، خالاس.

62

مۇنداق بىر قانۇنىيەت بار ئىكەن: يىلاننىڭ بېشى كېسىلسە ئۇنىڭ تېنى مىدىرلىمايدىكەن . دۆشمەننىڭ بېشى، يەنى سەركەردىسى يوقالسا، پۇقرالىرى تېز مەغلۇپ بولىدىكەن.

63

مەسلىھەت زۆرۈر بولمايدىغان كىشىلەر بار، ئۇلار قارىسىغىلا يۈرىدۇ ھەم قارىسىغىلا پىكىر قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى تەۋەككۇلچى دەۋالىدۇ. بىراق، تەۋەككۇلچىلەر ئۇنداق بولمايدۇ.

64

تېزلا «ماقۇل» دەۋېتىشمۇ نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

65

خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ماڭغان يولۇڭ توغرا بولسۇن. توغرا يول ھەقىقەت يولىدۇر.

66

بىكار يۈرۈپ چارچاپ، ھالسىزلىنىپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي دېگۈم كېلىدۇ.

67

مېنىڭ ئەڭ ئالىي خىزمىتىم باشقىلارغا ياردەم بېرىش. لېكىن ، بەزى كىشىلەر بۇ خىزمەتلەرنىڭ يولىنى ئېتىپ قويماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

68

ئاچچىق نەپرەت بولغاندا، تاتلىق كۈلكە بولىدۇ.

69

پىتنە ـ ئىغۋا ئاتوم بومبىسىدىنمۇ يامان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىدۇ.

70

كىشىلەر سەمىمىيلىكىنى بىلمىگۈچە ساختا ئىشەنمەيدۇ.

71

خۇنخورلار ئۇچۇن خائىنلارنىڭ قېنىمۇ ۋە قەھرىمانلارنىڭ قېنىمۇ ئوخشاش.

72

توشقاننىڭ قورقۇنچاقلىقى راست. شىرمۇ، يولۋاسمۇ ئانچە يۈرەكلىك ئەمەس. . . ئادەملەرچۇ؟ ئادەملەرمۇ شۇنداق. . . بىراق، ۋاقتى كەلگەندە توشقانمۇ، شىرمۇ، يولۋاسمۇ ۋە ئادەممۇ باتۇر.

73

قەيسەر كىشىلەر ياراتقان تارىخ كۆپ تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ.

74

ھەقىقەتچىلەر ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى نىقابلاپ ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنىڭ ھەقىقەتنى تونۇتۇش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

75

گەرچە بىز پۈتۈن بولساقمۇ، كىشىلەر بىزنى چۇۋۇپ يەنە قايتا توقۇپ تۇرىدۇ. بۇ توقۇش ۋە چۇۋۇش تاكى ئۆلگۈچە داۋام قىلىدۇ. بىزمۇ باشقىلارنى چۇۋۇپ ۋە توقۇپ تۇرىمىز.

76

بەخت ۋە نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشىلەر — ھەقىقەت يولىدا ئېرىنمەي، زېرىكمەي ماڭغان كىشىدۇر. گەرچە بۇ يول جاپالىق، خەتەرلىك بولسىمۇ.

77

ئىنسان قەلبى كىچىككىنە بىر خۇشاللىق بىلەن لەرزىگە چۈمىدۇ ۋە كىچىككىنە قايغۇ بىلەن مۇسىبەت چۆلىگە كىرىدۇ.

78

ئۆز ۋەتەن خۇشاللىقىنىڭ بۆشۈكى، خاتىرجەملىكىنىڭ جەننىتىدۇر. بىزنىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىقىمىز ئۇنى سۆيۈش، ئاسراش ۋە قوغداش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

79

شىر ئۆزىنىڭ شىر ئىكەنلىكىنى باتۇرلۇقى، قورقۇمسىزلىقى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

80

سەن ئۆزۈڭنى بۇ دۇنيادا يېگانە دەپ قارا، سەن ھېلىھەم يېگانە. سەن يېگانە پېتى، يېگانە ھالدا يىراق دۇنياغا سەپەر قىلىسەن.

www.uyghurkitap.com

81

سىنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكۈڭ سىنىڭ ھايات يولۇڭغا ماياك بولالمايدۇ، ماياك بولىدىغىنى پەقەت سىنىڭ ئېتىقادىڭ.

82

دۇنيادا يا ۋەتەن غۇرۇرى يوق، يا خەلق غۇرۇرى يوق ياكى يا مىللەت غۇرۇرى يوق، يا يۇرت غۇرۇرى يوق ئادەمدىن بىچارە ئادەم بولمىسا كېرەك. دۇنيادا پەقەت ھايۋانلاردىلا شۇنداق غۇرۇر يوق.

83

بالىلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىن ئېسىل بىر ماكان مەۋجۇت ئەمەس.

84

بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە كىشىلىك ھايات ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ئۇنىڭ قەلبىدە بولسۇن.

85

ياخشىلىقنى رەزىل ئاتا ۋە بۇزۇق خوتۇننىڭ پەرزەنتىدىن كۈتۈش تولىمۇ بىمەنىلىك بولسا كېرەك.

86

ئىنسان ئەسلىدىنلا قورقۇنچاق مەخلۇق، ئۇ تۇرمىدىن، ئازابتىن، ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، ھەتتا بىر ـ بىرىدىن قورقۇشىدۇ. ئۇلارنى قورقۇتۇۋاتقان نەرسە دەل ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى.

87

ياخشى گەپ بالىلارغا ۋە غۇرۇرلۇق ئادەملەرگە تېز تەسىر قىلىدۇ.

88

قارائىغۇ كېچە ياكى تەنھالىق ئىنسان ماھىيەتلىــرى قانات چىقىرىپ پەرۋاز قىلىدىغان ۋاقىتتۇر.

89

گاھى چاغلاردا بالىلارمۇ يامان ئويلاردا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ناچارلىقىدىن بولسا كېرەك.

90

خائىنلار غەلىبە قازانغان ئەلدە، خەلق زار ـ زارلىقتا ياشىماققا مەجبۇر بولىدۇ.

91

بىز ئۆزىمىزگە قارىغاندا باشقىلارنى كۆپرەك خىيال قىلىمىز. بۇ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزغا كۆڭۈل بۆلگىنىمىز، ئەلۋەتتە.

92

ئېقىن سۇ كۈچلۈك قىقاس ـ چۇقانلىرى بىلەن مەغرۇر خادا تاشلارنى غولىتىۋەتتى. ئۇلار ئىنسانلارغا قاراپ «مانا بۇ بىرلىك» دېدى.

93

ئادەملەر زامان ۋە ماكان ھەققىدە ئوخشاشمىغان مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا خىلمۇخىل پىكىر ئېقىملىرى

پەيدا بولدى.

94

بىز كىشىلەر ئارىسىدا ياشايمىز، بۇ ئارقىلىق ئارىمىزدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ، دوستلۇق پەيدا بولىدۇ، شەيئىلەرنى تەبىئىي هالدا قوبۇل قىلىمىز. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا ماهىيەت.

95

قىزلارنىڭ ئاجىزلىقى شۇكى، ئۇلار ئاسانلا غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

96

ئاگسىز، كور، رەزىل ئادەملەر ئالىملارنى مەسخىرە قىلىشتىن يازمايدۇ.

97

مېنى نۇرغۇن تەربىيىلەر، تالاي نەسىهەتلەر بىزەپ باقتى... بىراق، مەن كىشىلەرگە ساختا، سۇنئىي كۆرۈندۇم. بۇ مەندىكى سەۋەنلىك ئەمەس، بۇ زامان ۋە ماكاننىڭ رەڭلىرى بولسا كېرەك. مانا مۇشۇ قارىشىمنىڭ ئۆزىلا مېنىڭ ئەسلىي قىياپىتىم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

98

ئىنسان جاراگلىق نەرسە، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاددىيلىرىمۇ جاراگلاپ تۇرىدۇ.

99

بىز هاياتنى قىزغىن سۆيسەكلا، ئۇ بىزگە دەخلى

يەتكۈزمەيدۇ.

100

ئازابنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ بىز ياقتۇرمىغۇدەك ئۇنچە قەبىھ نەرسىمۇ ئەمەس. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىز ياقتۇرىدىغان بەخت، خۇشاللىق ئەنە شۇ ئازابنىڭ ئارقا تەرىپىدە.

101

خىياللىرىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەندە، ئىشلىرىڭغا تەسىر يېتىدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسى يوقايدۇ، تۇرمۇشۇڭدا تەرتىپسىزلىك بولىدۇ، ئاخىر سېنى تىراگېدىيە ئۆزىگە چاقىرىدۇ.

102

ھايات — ئىنتايىن قىسقا بولغان ۋاقىتتىن ئىبارەت.

103

دەۋراننىڭ دەككىسى، زاماننىڭ زەربىسى ۋە پاسىقلارنىڭ تەنبىھلىرى كۆپ ھاللاردا يۈكسەك ئادەملەرنىڭ باش ئۈستىدە ئەگىپ يۈرىدۇ.

104

پەقەت ئاياللارلا ئۆز ئېرىنىڭ ئەسەبىي، غالجىرلىقىنى قوبۇل قىلالايدۇ.

105

ئەسەبىيلىشىش ئىنسانغا كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كېلىپلا قالماي يەنە ئىنسانغا كۈتۈلمىگەن پاجىئەلەرنى كەلتۈرىدۇ.

106

ئادەم دۈشمەنلىرىگە غەزەپلىك بولۇش كېرەك. ئۇ غەزەپلىك بولغاندا ئۇنىڭ بەختىنى ھېچكىم گۇمران قىلالمايدۇ، خۇشاللىقىنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ.

107

ئىچى تار، كۆرەلمەسلەر باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

108

دۇنيادا ئۇلۇغ زاتلار بولمىغاندا، ئىنسانىيەت بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگە مەڭگۈ كۆچمىگەن بولاتتى.

109

بىز ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن نورمال يېقىنلىشىشىمىز لازىم. مانا بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاددىي يەكۈنى.

110

چىن ئىنسان دېگەن زۇلۇمغا سۈكۈت قىلمايدىغان، زالىمغا يۈز - خاتىر قىلمايدىغان، خائىن - مۇناپىقلارنى قانات ئاستىغا ئالمايدىغان، سۇخەنچىلەرگە يان باسمايدىغان ئىنساندۇر.

111

ھېكمەت ئەربابلىرىدىن بول، ئۇلار شۇنداق ئىنسانلاركى، ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، قايغۇ - ھەسرەتتىن دادلىمايدۇ، غەم - ئەندىشىدىن زارلانمايدۇ، ئۇششاق، كىچىك ئىشلار

ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ھاياتنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇنى ئاسرايدۇ، تەربىيىلەيدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن بەھۇزۇر ياشايدۇ.

112

بىزنى قايغۇ ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار بىزنىڭ دۇشمەنلىرىمىزدۇر.

113

مۇھەببەت — ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىكنىڭ خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى.

114

شوتا بولمىسا ئۆگزىگە چىققىلى بولمايدۇ، ئىرادە بولمىسا ھەرىكەت بولمايدۇ، بىلىم بولمىسا يول بولمايدۇ.

115

بالىلارمۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىدۇ، بىز پەقەت ئۇلارغا چۈشەندۈرەلىسەكلا.

116

بالىلارنى ئەخلاقتا ھېرىسمەن قىلغاندا، ئۇلاردا ئادىمىيلىكنىڭ تولۇق بىرلىكى جىلۋە قىلىدۇ.

117

بىز سۆيىدىغان، ياد ئېتىدىغان، قوللايدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار دەل پەزىلەت ئىگىلىرىدۇر.

118

دەرەخ زالىمغىمۇ، ئالىمغىمۇ سايە تاشلايدۇ. بۇ پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەرەخنىڭ، بىر جانسىز نەرسىنىڭ ئەقىدىسى.

119

ھەربىر ئىنساننىڭ شۇنداق ئىسىل ئاتىسى بار، ئۇ بولسىمۇ — ھايا.

120

قەلبىنىڭ ئىللىتى ئىنساننىڭ ھالاكىتىدۇر.

121

تۇگىمەس خىياللار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش بىزنى زالالەتكە، غەپلەت دۇنياسىغا ئىلىپ بارماي قالمايدۇ.

122

ساغلام ئەقىل ئۆز ھالاكىتىنى ئاچچىق ئىچىملىكتىن، قىزغىن شەھۋەتتىن ئايرىپ قارىمايدۇ.

123

تۇرمە ھويلىسىدا ئۆستۈرگەن گۈلنىڭمۇ بەرگىلىرى ئازابلىق ناخشا ئېيتىدۇ.

124

ئوكيانلاردا گۆھەر سۈزگۈچى غەۋۋاسلارنىڭ يۈرىكى خادا تاشلاردۇر. ئەنە شۇنداق مۇستەھكەم يۈرەك يوشۇرۇن، خەتەرلىك ئىشلارغا تەۋەككۈل قىلالايدۇ!

125

ھىيلە - مىكىر، پىتنە - ئىغۋا، غەيۋەت - شىكايەتنىڭ

ئازابىغا چىدىماق ھەقىقەتەن تەس.

126

ئانا يۇرتۇڭغا كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، بۇنى ئۆز بىخۇدلۇقۇڭدىن بىل.

127

يۇرتنىڭ قەدرى سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا، ھاياتنىڭ قىممىتى جاپا ـ رىيازەتتە، مۇھەببەتنىڭ تەمى جۇدالىقتا. . .

128

سۆزلىيەلەيدىغان ھايۋاننىڭ تەبىئىتى ھايۋاننىڭ تەبىئىتىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

129

يۇمران گىياھ كۈننىڭ جامالىنى ئەمدىلا كۆرەي دېگەندە، كۈن بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى.

130

ئاتا ـ ئانىمىز ئۆلگەندە بىزدە قورقۇنچ بولمايدۇ. بىراق، بىز ئۆلگەندە ئاتا ـ ئانىمىزغا قىيامەت دەھشىتى يەتكەندەك بولىدۇ.

131

ئۆلۈشكە تەييار كىشىلەر بار: ئۇلار بارلىقىنى ۋەتەن ئىستىقبالى، خەلق مەنپەئىتىگە بېغىشلىغان غالىبلاردۇر. يەنە ئۆلۈشكە تەييار كىشىلەر بار: ئۇلار ئۇششۇقلار، مۇتتەھەملەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

132

سەن زېرىكىپ قالغاندا دۇنيا كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ.

133

كۈل، بىراق يىغلىما؛ يىغلا، بىراق بىلىندۇرمە.

134

بىر قوشۇق تۇز ۋە بىر پارچە نېنى قالغان ئاق كۆڭۈل دېھقان بۇ نەرسىلىرىنى باشقىلاردىن ئاياپ قويمايدۇ. بىراق، تالاي ئاقسۆڭەكلەر ئۆز بالىلىرى ئۈچۈنمۇ بايلىقىنى يوشۇرىدۇ.

135

جاھالەتنىڭ بەندىلىرى زۇلمەت، كۈلپەت ۋە زۇلۇمنىڭ ھامىيلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت ئۆلگەن، ھەقىقەت يىرىكلەپ قالغان.

136

ئەڭ ئۇلۇغ سوۋغا — ھېكمەتلىك سوۋغىدۇر. كۆپ كىشىلەر بۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەيدۇ.

137

دانىشمەنلەر سۆزنى قىسقا ۋە ئىخچام قىلىدۇ، كىشىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ.

138

يولۋاس مۇلايىم، ئېغىر - بېسىق كېلىدۇ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن يىرتقۇچ، بىزدە مۇنداق ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس.

139

بىز گۈزەللىكلەرنى ئاجايىپ مەپتۇنكار ھېكمەتلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرەلەيمىز.

140

خۇشاللىق، خاتىرجەملىكنىڭ يىلتىزى — ھېكمەت. ئۇ ئىنسانىيەتكە بەخت تۇغۇپ بېرىدۇ.

141

ئەقىللىق ئادەملەر ئۈچۈن تەنقىد ۋە تەنبىھ شىپالىق دورا، روشەن يول بەلگىسى، توغرا خەرىتە، جەلپكار ھېكمەتتۇر.

142

ئەڭ تەقۋادار ئادەممۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالىدۇ. مانا بۇ ھايات ۋە تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى.

143

قەھرىماننىڭ قەلبى يىغلايدۇ، لېكىن ئۇ پىنھان قەلبىنى كىشىلەرگە ھەرگىز كۆرسەتمەيدۇ.

144

غەيۋەتخورلار باشتا مۇلايىم بولىدۇ، كېيىن ئەسەبىيلىشىدۇ، ئاخىر مەينەتچىلىكتە ئۆلىدۇ.

145

ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ شەپقەتلىك بولالايدىغىنى — ئانىلاردۇر. بىز پاھىشە ئاياللار قەلبىدىمۇ بۇ خىل مۇھەببەتنى كۆرەلەيمىز.

146

مېنىڭ مۇنداق بىر قارىشىم بار: بىز كۈرەش ئىچىدە تۇغۇلىمىز، كۈرەش ئىچىدە ياشايمىز، كۈرەش ئىچىدە ئۆلىمىز. مېنىڭ دېمەكچى بولغان كۈرەش قارىشىم — ھايات پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت.

147

سەن باشقىلارغا قارىغاندا ئۆزۈڭنى كۆپرەك كۆزىتىپ تۇر، بۇ ئۆزىگە ئىگە بولۇش، ئۆزىنى باشقۇرۇش پەلسەپىسى.

148

قەلبىڭنى دائىم خاتىرجەم قىلىۋاتقان نەرسە — تەڭرىنىڭ شىپالىق سۆزلىرىدۇر، سەن ئۇنى زىكرى قىلىشتىن توختاپ قالما.

149

تەمە — زۇلمەتنىڭ ئانىسى، زۇلمەت — بارلىق كۈلپەتلەرنىڭ ئانىسى.

150

تەڭرى ئەڭ يىرگىنىدىغان مەخلۇق — قەلەندەرلەر ۋە مۇناپىقلاردۇر.

151

كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلغۇچى ئەمگەكچىلەرنىڭ سەردارى بولسا كېرەك. دەۋەت قاتتىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى.

152

كۆرۈمسىز تاش ئەيىبسىز گۆھەرگە ئايلاندى. ئۇ شېرىن

ئۆيقۇدىن ئويغانغاندەك ئۇلۇغ سەنئەتكارنى ئىزدىدى.

153

زالىملارنىڭ قامچىسى تەننى ئاغرىتسا، مۇناپىقلارنىڭ قامچىسى روھنى ئازابلايدۇ. دېمەك، قامچىنىڭ ياخشىسى يوق.

154

قارا تۇپراق ئۆزىنى ساپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرغان ئەزىمەتنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىدۇ. بۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدۇر.

155

ھايۋان قوتاندا تەربىيىلىنىدۇ، ئادەم ئۆيدە. بەزىبىر ئائىلىلەردە ئادەم قوتاننىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ قالىدۇ.

156

ھەقىقىي ھايات ئۆزىگە ئۆزى ئەڭ كۆيۈنىدۇ.

157

زالىملارنىڭ كۆزى ھەقىقەتچىلەرنى بەكلا ئاسان كۆرۈپ قالىدۇ. ھەقىقەتچىلەرمۇ ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يوشۇرۇپ كەتمەيدۇ.

158

دۈشمەن ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ ھامان بىر كۈنى يوقىلىدۇ.

159

ئۇلۇك ھاياتتا سادا بولمايدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم

www.uyghurkitap.com

قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر ئەمەس، زېمىندىكى ئۆلۈكلەردۇر.

160

ئۈمىد — مەۋجۇدلۇقنىڭ چىرىغى. ئۇ يېنىپ تۇرمىغاندا ھاياتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

161

ئىستىبدات ئىگىلىرىنى ئائىلە ئىخلاس بىلەن تەربىيىلەيدۇ، مەكتەپ ئىجتىھات بىلەن تەلىم بېرىدۇ، جەمئىيەت كىنايىلەر بىلەن تاۋلاپ يېتىلدۈرىدۇ.

162

ھەر ئادەم ئۆزىنى ئابرۇي ۋە بۈيۈكلۈك قەسرى ئىچىدە دەپ قارايدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئانچە ھېس قىلىپ كەتمەيدۇ.

163

ئۈمىد — ئارزۇلار ئەينىكى.

164

ئۈمىد — خۇشاللىق ۋە بەختنىڭ تەشەببۇسكارى.

165

ئىنسان — تۇپراقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

166

ساختىلىق ھەقىقەتنى ئالدىيالايدۇ، ئەمما يوقىتالمايدۇ.

167

ئالىملار زالىملار بىلەن سۆھبەتلەردە بىرگە بولالمايدۇ. چۈنكى، سۇ دېگەن سۇ، ئوت دېگەن ئوت، ئۇلار مەڭگۇ چىقىشالمايدۇ.

168

ھەقىقەتنى ئاڭلىماسلىققا سالغانلار ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغانلاردۇر.

169

ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىمىز ياخشى ئاسرالسا، بىزنى ھېچكىم گۇمران قىلالمايدۇ، ھېچكىم بويسۇندۇرالمايدۇ.

170

پەزىلەت — ئىنساننىڭ ئەڭ قابىل قوغدىغۇچىسىدۇر.

171

ھېكمەتلىك سۆزلەر دانىشمەنلەرنىڭ خۇشاللىقىدۇر، قايغۇسىدۇر، ئەلەم - ھەسرەتلىرىدۇر، پاكلىقىدۇر، تىنچلىقىدۇر، ۋەسىيىتىدۇر. بۇلارنى ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ئېلىپ كېتەلمەيدۇ.

172

تەڭرى چەكلەپ تۇرمىغان بولسا، زېمىن قەبىھ جىنايەتلەرنىڭ ئىزى بولۇپ قالغان بولاتتى.

173

ئەركەكلەر ھەرگىز يوقالمايدۇ، ئەركەكلەر يوقالدى دېگەنلىك

مىللەت يوقالدى دېگەنلىكتۇر.

174

بوسۇغا مەن بىلەن دۈشمەنلىرىم ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلغۇچىدىن ئىبارەت، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىمەن.

175

ھاياتنى سەن ۋە مەن ئۇنداق ياكى مۇنداق قىلىپ ياساپ بولالمايمىز.

176

سىياسەتچىنىڭ بىر قولىدا يۇمشاق، بىر قولىدا قاتتىق قالقان بار. ئۇ ئاشۇ قالقانلىرى بىلەن مۇداپىئەلىنىدۇ.

177

مەن ئۇچۇۋاتقان ئادەم، ئۈستۈمدە ساما، ئاپئاق بۇلۇتلار. مەن شۇ سامالارنىڭ ئۈستىدە.

مەن مېڭىۋاتقان ئادەم، ئاستىمدا يەر، مەن يەرنىڭ چوڭقۇر قېتىمدا...

178

مەن گۈزەل بوشلۇقتا قاراپ قەدەم ئېلىۋاتىمەن، مەن يېشىل بىر دۇنياغا، تەبىئەتنىڭ پاك قوينىغا، ئىنسان مۆتىۋەرلىرىنىڭ ياخشىلىرى ئارىسىغا قەدەم قويۇۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ قاباھەتلىك چۈشتىن، زالالەتتىن ئويغانغىنىم، تىرىلگىنىم.

179

مەن — بىر تارىخ، تارىخ بولغاندىمۇ راست تارىخ.

180

ئىنسانغا چوقۇنۇش پاجىئەلەردىن باشقا نەرسە بەرمەيدۇ.

181

بىلىم تەبىئەتتۇر، بىلىم جەمئىيەتتۇر، بىلىم ئىنسانىيەتتۇر، بىلىم سەن ھەم مەندۇرمەن.

182

مەن سۆرەپ كېتىۋاتقان قېيىق — ھايات. مەيلى قۇرۇقلۇق، مەيلى ھاۋا، مەيلى سۇ بولسۇن، ئۇ مېنىڭ ئىچىمدە. . . سىرتىمدا. . .

183

پۇل قۇتقۇزىدۇ ھەم ھالاك قىلىدۇ.

184

بىز باشقىلارنىڭكىنى كۆرمىگەندە ئۆزىمىزنىڭكى نەرسىسىنى ئەڭ ياخشى دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىلىرى بار.

185

تارىخ — ئىستىبداتلىق مۇئەللىم، يېتۇك ناتىق. بىز ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىرىنى يېقىلغۇ قىلىپ، يېڭى بىلىملەرنى ئىجاد قىلىمىز.

186

ئىنسانىيەت پائالىيىتى تارىخقا ئايلىنىدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەر، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ناپولېئون ۋە باشقىلار شۇ تارىخنىڭ ئاساسلىق ياراتقۇچىلىرى . . . بىز يېزىپ قالدۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com

تارىخ ئەنە شۇنداق تارىختۇر.

187

ھەقىقەت چۇقان كۆتۈردى، ئۇ ئەسەبىيلەرچە توۋلىدى: «ئەي ئىنسانلارنىڭ ھەققانىي ئەۋلادلىرى، مېنى تونۇڭلار، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار مېنى كۆرسۇن. سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار مېنىڭ خانەمگە يول ئالسۇن، سىلەرنىڭ بەختىڭلار مېنىڭ قولۇمدا. سىلەر ئىزدەپ يۈرگەن خۇشاللىق، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك مېنىڭ خەزىنەمدە ۋە مېنىڭ ئوردامدا. مەن سىلەرنى، سىلەرنىڭ روھىڭلارنى ئۆزۈمگە چاقىرىمەن. مېنى ئىزدەڭلار، مەن مەۋھۇم ئەمەس؛ مېنى ئىزدەڭلار، مەن سىرلىق ئەمەس... : مەن تەڭرىنىڭ شىپالىق سۆزى، گۈزەل ھېكمىتى، مۇڭلۇق ئاۋازى» ئۇ جىمىپ قالدى، بىز ھەقىقەتكە ئەگەشتۇق.

188

ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن نەرسىگە ئېرىشىپ قالغاندا، ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرسىز بىر نېمە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

189

سەركەردە تەكەببۇرلاشقاندا، ئەسكەرلەر ئۇنىڭ قوماندان ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدۇ.

190

روھى ئۆلگەن ئادەم سۇيى قۇرۇغان تۇگمەنگە ئوخشاپ قالىدۇ.

191

مەغلۇبىيەت ئۇنتۇلغۇسىز ئازابتىن ئىبارەت. ئۇ تۇنجى مۇھەببەتكە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

192

ئۆزىنىڭ سەندىن كۈتۈۋاتقىنى تەسەللى ئەمەس، غەيرەت.

193

خىزمەتنى قىلىپ بىر باشقا چىقىپ بولۇپ، ئاندىن شۇ خىزمەتنى قىلغانلىقىڭنى باشقىلارغا دە ياكى باشقىلار ئۆزى شۇ خىزمەتنى سېنىڭ قىلغانلىقىڭنى بىلىۋالسۇن.

194

ئىت ئۆز ئىگىسىدىن باشقا بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەتمەيدۇ. ئىگىسى «چىشلە» دېسە شۇ ھامان چىشلەيدۇ، چىشلىمىسە ئۆزىنىڭ ئاچ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

195

پۇل بولسىلا باتۇر بولغىلى بولمايدۇ، باتۇرلۇق پۇل ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس.

196

جاللاتنىڭ كۆزى قارىغۇ، قۇلىقى گاس، قەلبى قاتتىق بولىدۇ. ئۇ ئانىسى ۋە دادىسىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدۇ.

197

ھەققانىي بولۇش، ئادىل بولۇش ئەڭ ياخشى پەزىلەتتۇر.

198

ئەزىمەتلەردىن بول، پەزىلىتىڭنى باشقىلار سۆزلىسۇن، ئاۋام خەلق ئۈچۈن قەلبىڭنى ئايىما، ئەخلاقىڭنى ئۇلار ئۈچۈن ئۆرنەك قىل، سەمىمىي بول، ئۇلار ساڭا ئىشەنسۇن، ياخشى سۈپەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

سېنىڭ روھىڭ بولسۇن.

199

ھەقىقەت يولى — جاپاغا چىدايدىغانلارنىڭ يولىدۇر.

200

ياخشىلىق قىلىش — ياخشىلىققا ئېرىشىشتۇر.

201

يورۇقلۇق — قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ئۆزىگە تەبىر ئىزدەيدۇ.

202

سەن ھەقىقەت دەۋاتقان نەرسە مېنىڭ نەزىرىمدە ھەقىقەت بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، سەن دېگەن سەن، مەن دېگەن مەن، ئارىلىقىمىز يېقىن بولسىمۇ، ئىككىمىز ئىككى قۇتۇپتا ياشاپ، ئىككى خىل ئىدىيىدە پىكىر قىلىمىز.

203

تەقۋادار دانىشمەنلەرنىڭ قەلبى گۆدەك بالىلارنىڭ ساپ قەلبىدۇر.

204

ھايات — چۈشتۇر، كۆپلىرىمىز ئۇنىڭغا توغرا تەبىر بېرەلمەي دۇنيادىن ئۆتىمىز.

205

ئاياللار ئەرلەرنىڭ گۈزەل ھەرىكەتلىرىدىن لەززەت تاپىدۇ.

206

تۇرمۇش — دولقۇنلۇق دەريادۇر. سەن ئېقىشنى خالىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سېنى مەجبۇرىي ئاقتۇرىدۇ.

207

نۇر قېرىمايدىغان ھەم ئۆلمەيدىغان ھەقىقەتتۇر. مەن تۈنۈگۈنكى قۇياشنى بۈگۈنمۇ كۆردۈم.

208

سەن ئېغىر كۈنلەردە ئۆز قىلمىشلىرىڭنى ئەسلىدىڭ، مەن سېنى ياخشى كۈنلەردىمۇ ئۆز قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ، دەپ قارايمەن.

209

دەرەخ ئۆزىنىڭ ئەڭ شېرىن مېۋىسىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

210

ئۈيقۇلۇق ئۇۋا، ئۇ باللارنى ئۇيقۇغا چاقىردى. سەن زىنھار ئۇنداق ئەمەس، سەن باللارغا ناخشا ئېيتىپ بېرىسەن.

211

گۈلزارلىقتىكى سەر خىل گۈللىرىم ئازابلانغان، قايغۇرغان كۆڭلۈم. باياۋاندا چاڭقىغان كارۋان قەلبىمدىكى خورلانغان ئاسمان.

212

چۈشىنىمەن ئۆز ھاياتىمنىڭ پىنھان سىرىنى، چۈشىنىمەن سىرلىرىنى بىلگەن كىشىنى، ئاشۇ قىزنى...

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى — ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سەۋدامەن، غېرىبمەن. . . چۈشەنمىسۈن ئادەملەر مېنى. . .

213

ئۇ نۇر، ئۇ يورۇقلۇق، ئۇ ئىزگۈ ناخشا، ئۇ كۈچلۈك سادا. ئۇلار ھەممىسى ئۈمىددۇر، ئۈمىددۇر. . .

214

مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، بۇ ئۆلۈم دەھشەتلىك ھەم قەبىھ ئۆلۈم ئىدى. بۇ ئۆز - ئۆزىنى گۇمران قىلىشتۇر.

215

ئوماق كېپىنەك بېشىمغا قوندى، بېشىمدىن سانسىز گۈللەر ئۈنۈپ چىقتى، نۇرغۇن كېپىنەكلەر بېشىمنى ماكان ئەتتى. مەن كىچىككىنە ئەقىدەمدىن مەمنۇن بولدۇم.

216

مەن گىياھلارنىڭ شاۋقۇنى، ئۇلارنى سۈكۈتتە كۆردۈم. مەن كۆرگەن بۇ شاۋقۇن گۈزەللىك ئىدى.

217

سەن مىليونلىغان تىرىك ھاياتلىقنىڭ ئىچىدىكـــى ئۆلۈك ھاياتسەن. بۇ مەسخىرە ئەمەس، ئاگاھلاندۇرۇش.

218

سەن ئۆز قەلبىڭنى «مېنىڭ قەلبىم خەلق ئۈچۈن سوقىدۇ» دېدىڭ. ناخشىلىرىڭ قەلبىڭدىن توختىماي ياڭراپ تۇردى. بۇ سېنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ ئىدى .

219

سەن ئۆز ناخشىلىرىڭنى زىمىستان قىشقا بەر، ناخشاڭ ئۇنىڭ سوغۇق قەلبىنى ئېرىتىدۇ. ئۇنىڭ زۇمرەت ئېقىنلىرىدىن باھار تۇغۇلىدۇ.

220

قېزىپ تاشلانغان يىلتىزلار بالىلار ۋە ئانىلارنىڭ مۇڭلۇق يىغىسىنى ئەسلىتىدۇ.

221

دىلىمغا راھەت بېغىشلىغىنى — ھەقىقەت ناخشىسى.

222

بىزنى كېچە يالماپ يېدى، كۈندۈز توغراپ پارچىلاپ يېدى. لېكىن، ئالدىراپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكىمگە ئىشىنىمەن.

223

سەن ئۆزۈڭنى كۈندۈزدە ئەمەس كېچىدە كۆزەت، بۇ چاغدا تېنىڭ ۋە روھىڭ ساڭا نۇرلۇق كۆرۈنىدۇ ياكى قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ.

224

مەن كۆرۈۋاتقان ئۇ كىشىلەر چۈشكۈنلەشكەنلەر، مەن كۆرۈۋاتقان ئۇ كىشىلەر يالغانچىلار... ئۇلارنىڭ چوقان - سۈرەنلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

225

گېپىڭىز باشقىلارغا ئۆتمىگەندە ئۆز ئاجىزلىقىڭىز ھەققىدە چوڭقۇر خىيال قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

226

زېرەك كىشىلەرنىڭ قەلبى ساختا ئادەملەرنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىنىمۇ ئۆز ۋۇجۇدىغا سىغدۇرالمايدۇ.

227

ئۇچۇپ يۈرمەن ياپراق بولۇپ، ياخشىلارنىڭ بېشىغا سايە بولۇپ.

228

زېمىننىڭ تىلى — قەيسەر كىشىلەردۇر.

229

ئىت باغلاقتا ئازابلانمايدۇ، بىراق قورسىقى ئاچ قالسا ئازابلىنىدۇ.

230

دۇنيا، مەن ساڭا ئېھتىرامىمنى يوللايمەن، بۇ مېنىڭ ئىزگۈ تەبەسسۇمۇم، خۇشاللىقىم، مۇھەببىتىم. دوستلار، مەن سىلەرگە ئېھتىرامىمنى يوللايمەن، بۇ مېنىڭ ساپ قەلبىم، پاك سۆيگۈم، سەمىمىي كۆڭلۈم.

231

چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئويۇن ـ كۈلكە زۇلمەت پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

232

دىلىم زىلزىلىگە كەلدى، تىلىم ئۇنى ئاشكارىلاپ قويدى.

233

ھاياتلىقنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى: مۇستەھكەم ئېتىقاد، ساغلام ۋە كۈچلۈك ئىمان، قىزغىن ۋە پاك مۇھەببەتتىن ئىبارەت.

234

ھەقىقەت پرىنسىپلىرى: كەسكىنلىكتۇر، غالىبلىقتۇر، مەردلىكتۇر، سەمىمىيلىكتۇر، ئادىللىقتۇر.

235

تىرىلدىم جىمجىت سادادىن، ساھىبجامالنىڭ تەبەسسۇمىدىن؛ ئويغاندىم جىمجىت سادادىن، يېتىم باللارنىڭ سۇنۇق كۆڭلىدىن، مۇڭلىرىدىن. . .

236

كۆز يېشىمنىڭ ئېقىپ تۇرغىنى سېنى دائىم ئەسلەپ تۇرغىنى، قەددىمنىڭ مۇڭلۇق تاۋۇشى پىنھانلارغا سېنى چاقىرغىنى.

237

ئازاب ماڭا ئاستا پىچىرلىدى : «سېنى مەن ياقتۇرۇپ قالدىم» مەنمۇ بۇ ئازابنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم، بەلكىم ساراڭ بولۇپ قالغاندىمەن ياكى قايتا تۇغۇلغاندىمەن؟!

238

مەن زېمىنغا تارتۇق قىلغان نەرسە مۇھەببەت، زېمىن ماڭا

www.uyghurkitap.com

تارتۇق قىلغان نەرسىمۇ مۇھەببەت.

239

مەن ئۇنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇنىڭ سوۋغىسى سۆيگۈ سوۋغىسى ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى شۇنداق سوۋغىلارغا ئىشتىراك قىلىنىدۇ ھەم ئىشتىراك قىلىدۇ.

240

بىز ئۆلۈم ۋە مۇھەببەت ئارىسىدا ياشايمىز.

241

مەن گۈزەل سۆزلەرنى زېمىنگە تاراتتىم، ئۇ قاناتلىنىپ كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. ئۇنى كىشىلەر سۆيۈپ قالىدۇ دەپ ئويلايمەن، بۇنىڭ ئۇچۇن كۆپ ئويلىنىشىمۇ كەتمەيدۇ.

242

مېنىڭ رىزقىم زېمىننىڭ يوشۇرۇن يېرىدە، ئىنسانلار ئارىسىدا.

243

بىز باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۆزىمىزنىڭ كۆيۈمچانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايلى. مانا بۇ ھاياتنىڭ توغرا، راۋان يولى.

244

خۇرسەنلىك ياخشى ئىشلاردىن تۇغۇلىدۇ. مەن تەكىتلەۋاتقان ياخشى ئىشلار ھەقىقەتكە چاقىرىش ھەم ھەقىقەت يولىدا مېڭىشتىن ئىبارەت.

245

مەن يورۇقلۇق، مەن قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ بارماقتىمەن. كىشىلەر مېنى ھەقىقەتنىڭ ئوغلى، دېدى.

246

دەريا مېنىڭ روھىم، ئۇزۇپ يۈرگەن جانلىقلار مېنىڭ نادىر پىكىرلىرىم. مەن — تەبىئەت، تەبىئەت — مەن.

247

مەنزىلىمگە ئاز قالدىم، توققۇزى تەل دۇنيا مېنى كۈتۈۋالماقتا. قەدەملەر بارا ـ بارا يېقىنلاپ بارماقتا، ئەنە ئۇ كۆرۈندى. . . مەن قېتىپ قالدىم، روھىم تېخى پۈتۈنلەي پاكلانمىغانىدى.

248

ئىنسان — ئۆزگىرىشچان ئەزىم ئېقىندىن ئىبارەت.

249

ئادالەت ئۈچۈن ھەقىقەت يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن كۈرەش قىلىش ئاتىلارنى خۇشال قىلماي قالمايدۇ. . . بىز تەرىپلەۋاتقان كىشىلەر ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ سەردارلىرىدۇر. ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ.

250

چىراغ قىلىپ يۇلتۇزلارنى كۆككە، تۈن يولىنى يورۇتتى؛ تەگرى مەنزىلىمگە بۈگۈن يەتمەككە، ئەي يورۇقلۇق سۆيدۇم مەن سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

251

باشقۇرمىساق ھېسسىيات ـ نەپسىمىزنى، ھالاك قىلار بىر كۈنى بىزنى.

252

ھايات — ھېكمەتسىز ئەمەس، لېكىن بۇنى كۆپ ئادەم بىلمەس.

253

چەكسىز پىچىرلاشلار ياپراقلارنىڭ ناخشىسى. چەكسىز چۇقان ـ سادالار دولقۇنلارنىڭ ناخشىسى، چەكسىز غەيۋەت ـ شىكايەت ئىنسانلارنىڭ ناخشىسى، چەكسىز ھەقىقەت، مېھىر ـ مۇھەببەت تەڭرىنىڭ ناخشىسى.

254

قورقۇش بارلىق ئازابلارنىڭ ئانىسى.

255

ھايات بىناسى تەقدىرنىڭ خىلمۇخىل كېسەكلىرى بىلەن پۈتۈپ چىققان.

256

خەقلەر كۆرمىدى دېگەن نۇرغۇن ئىشلىرىمىز، ئەسلى خەقلەر كۆرگەن ئىشلار ئىكەن.

257

سەن قارا يۈز، مۇناپىق بولۇپ كېتىشتىن قورقمىغاندا يالغاندىن گەپ قىلىسەن.

258

دەرەخ شاخلىرىنىڭ لەرزان شىۋىرلاشلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. بۇ ئەللەي ناخشىسى ئىدى، ناخشا مېنى بىھوش قىلدى، ئۇ توختىمىدى، مېنىڭ بىھوشلۇقۇم ئۆلۈمگە ئايلاندى. مەن بۇ دەھشەتلىك تىراگېدىيىدىن قورقۇپ تىترەپ كەتتىم.

259

سېنى تارتىش كۈچلۈك ئىللىقلىق ۋە مۇلايىملىقتۇر. بۇ كۈچلۈك هارارەت هاياتىڭنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي ئۆلچەيدۇ.

260

ھايۋان ماڭالمايدىغان يولدا ئادەم ماڭالايدۇ، بەلكىم ئادەم ماڭالمايدىغان يول بولمىسا كېرەك.

261

مەن يېگانە بۇلۇتمەن، خەير - ئېھسان يامغۇرۇم بىلەن خۇشالمەن. مەن سېخىي، چەكسىز مۇھەببىتىم بىلەن ئاپئاق قارلاردىن نۇر تۆكىمەن.

262

روھىمنى يوقاتتىم ئەيش - ئىشرەتتىن، قايتا تېپىلدىم جەبىر - زۇلمەتتىن.

263

بۈيۈك قەلبلەر، بۈيۈك خىزمەتلەردىن قانائەت تاپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

264

ھەقىقەتنىڭ نەچچە يۈز شاخچىسى بار، ئۇنىڭ بىرى مۇھەببەتتۇر.

265

بىراۋ سېنىڭدىن يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلسا، سەن ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ قوي، بۇ پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئەخلاقىدۇر.

266

ئادالەت ۋە ياخشىلىققا قىزىقتۇرالايدىغان كىشىلەر — بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر.

267

زىناخورلۇق ۋە ھاراق بىلەن بۇلغانغان جەمئىيەتنى پەقەت «توپان» پاكلىيالىشى مۇمكىن.

268

مىننەتدار بولۇش مىننەتدار قىلىشتىن كېلىدۇ. ئېھتىرام — مۇھەببەتنىڭ بىر قىسمىدۇر.

269

مېنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغان نەرسە — ھەقىقەت.

270

مەن ئارمانغا توشۇپ كەتكەن ھايات.

271

ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن، ئەڭ پاك مۇھەببىتىم سۈكۈناتىمدا، ئۇنى سەزگۈر قەلب ئاسان بايقىيالايدۇ.

272

گۇناھ — ئازابىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى، ساۋاب — ياخشىلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى، ئۇلارنىڭ بىرى تۆمۈر ئاچقۇچ، بىرى ئالتۇن ئاچقۇچ.

273

بالىلىقىم ئۆستەڭلەردە ئۈزۈپ يۈردى، ياشلىقىم دەريالاردا ئاقتى، قېرىلىقىم ئوكيانلارغا چۆمدى.

274

يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم، قىرغاق تېخى ئويغانمىغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، لېكىن ئۇ ئويغانمىدى، كۈتۈش كېرەكمۇ؟ ياق كۈتۈشكە بولمايدۇ، كۈتۈش ئۆلۈم ھەم مەغلۇبىيەتتىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇنى سىلكىپ ئويغىتىش كېرەك.

275

سەن باھار بولغاندا سېنى ھەممە ياخشى كۆرۈپ قالدى، سەن زىمىستان بولغاندا سەندىن ھەممە قاچتى.

276

نادانلىق ئۆزۈمگە تېگىل نەرسىلەردىنمۇ مەھرۇم قىلدى.

277

ياخشى كۆرۈش سېنىڭ ئەڭ دەخلىسىز ھوقۇقۇڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرىدۇر.

278

قۇياش ئۇلۇغ، يۈكسەك مېھرىنى كائىناتقا ھەدىيە قىلدى. ئاسمان ـ زېمىندىكى تۈمەن مىڭ ھايات ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى.

279

مەن كۈندۈزۈمنىڭ ياغاچ قېيىقىدا ئۈزۈپ بارماقتىمەن، بۈگۈن مانا كېچەمنىڭ تۆمۈر قېيىقىغا ئالماشتىم... ئۇلار گۈزەل ناخشىلىرى بىلەن مېنى ئۆزىگە چاقىرىپ تۇرىدۇ.

280

ئۇ چېچەك ئىدى، ئۇنى بوران تېنىدىن جۇدا قىلدى، ئۇنىڭدا ئارمان قالمىدى، چۈنكى ئۇ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغانىدى.

281

ھايات — بايلىق، ئۇنىڭغا نۇر ۋە سايە مۇجەسسەملەنگەن، بايلىق دەل ئاشۇ سايە بىلەن نۇرنىڭ ئىچىدە.

282

سېنىڭ ئارام تاپقان چاغلىرىڭ دوستۇڭمۇ، دۈشمىنىڭمۇ بولمىغان چاغلىرىڭدۇر.

283

سېنىڭ پىداكار، ھەقىقانىي روھىڭ مېنىڭ روھىمغا ئېقىپ كىردى. روھىم غالىب روھىڭنى قىزغىن قارشى ئالدى.

284

ھەقىقەتچى پىتنە ـ ئىغۋالاردىن قورقۇپ كەتمەيدۇ.

285

پىتنە ـ ئىغۋا دەرىخى باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ — ئاجىزلاردۇر.

286

بەخت دېگەن تەلەي ئەمەس، ئۇ ئەجىر، ئەمگەكتۇر.

287

ئاسماندىكى قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن ھەيران قالىمىزيۇ، يەردىمۇ شۇنداق قۇياشلارنىڭ بارلىقىنى ئەسلا ئويلاپ يەتمەيمىز.

288

دانالارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتۇر.

289

سودىگەرلەرنىڭ ئوقەت پەلسەپىسى — ھىيلە. ئۇلارنىڭ ھىيلە كۆزلىرى بىز كۆرەلمەيدىغان يوچۇقلارنى كۆرەلەيدۇ.

290

مەن ئۆز قەلبىمنىڭ ۋە باشقىلار قەلبىنىڭ غۇۋا بوشلۇقىغا قارايمەن. باشقىلار مېنىڭ قەلبىمدە ياشىغاندا، مەنمۇ باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئالالايمەن.

291

گاھى قاتىللار دانىشمەنلەردەك بولۇۋالىدۇ، ئۇلار ھەدېسە قۇرئان ئايەتلىرى، ھەدىس ھېكمەتلىرىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

292

بەختسىز ئالىمنىڭ قەلبى ھېكمەتنىڭ بۇلىقى.

293

يارقىن سۆزلەر — دۇنيا ۋە ھاياتلىقنىڭ نۇرلۇق چىرىغى.

294

مۇھەببەتنىڭ يارقىن ناخشىسى — ئىخلاسمەنلىك ۋە دىيانەت. ياخشىلىق تۇغۇلار ئۇنىڭ قەلبىدىن ئەبەدىلئەبەد.

295

قەھرىمانلار بۈگۈننىڭلا ئادىمى ئەمەس، ئۇ كەلگۈسىنىڭ، ئۇلۇغ ئەتىنىڭ ئادىمىدۇر.

296

مەندە بىر يۈرەك بار، بۇ ئەزىمەتلەرنىڭ يۈرىكىدۇر؛ ئۇنىڭدىمۇ بىر يۈرەك بار، ئۇ نائەھلىلەرنىڭ يۈرىكىدۇر. بىز ئۆز يۈرىكىمىز بىلەن ياشايمىز.

297

بۆشۈك بالىلار ئۈچۈن بىر جازا قورالى، ئۇلار چوڭ بولغاندا بۆشۈكنىڭ ئەشەددىيلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

298

كىشىلەر ساغا ئەمەس، سېنىڭ پائالىيەتلىرىڭگە قىزىقىدۇ.

299

بالىلار — ئائىلىنىڭ خۇشاللىقى.

300

بىز ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى جازالىغاندا بۇنى سەزمەي قالىمىز، ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى جازالىشى باشقىلارنىڭ جازالىشىنىڭ مەھسۇلى كېلىدىكەن.

301

پەلسەپە — قايمۇققان مىللەتنىڭ يول بەلگىسى.

302

ۋۇجۇدىڭىزدا رەسۋالىق، پەسكەشلىك بولىدىكەن، ئۇ ھامان ئاشكارا بولىدۇ.

303

مەن يىقىلغاندا ئورنۇمدىن ئۆزۈم تۇردۇم، پۇتۇمغا تىكەن كىرگەندە ئۇنى ئۆزۈم ئالدىم، چىدىغۇسىز ئازاب، قاتتىق كۇنلەردىن ئۆزۈم قۇتۇلدۇم... دانالار «ئۆزۈڭگە ئىشەن» دېدى. ئاخىرى غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشتىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

304

مېنىڭ ئەقىدەم، ماي قوڭغۇزى كەبى نۇر تۆكۈشتىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

305

ئېرىنچەك روھ يىتتۈرۈپ قويغان ئەڭگۈشتەرنى مەڭگۈ ئىزدەپ تاپالماسلىقى مۇمكىن.

306

تۇرمۇش — يىغلاۋاتقان تۇپراق، تۇپراق يىغلاۋاتقان تۇرمۇش.

307

مەن بەختنى تۇتتۇۋالدىم، ئۇنى كىم تۇتتۇۋالالىسا شۇنىڭ بولىدىغان نەرسە ئىكەن.

308

ھايات تۇزلۇق ياكى تۇزسىز بولۇپ قالغىنىدا ئۇنىڭ قىلچە مەززىسى بولمايدۇ. ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ تەمىنى تېتىغىلى بولىدۇ.

309

مەن دۇنيانى سۆيگەندە، ئۇ ماڭا ئالدىنى قىلدى؛ مەن ھاياتنى سۆيگەندە، ئۇ ماڭا ئالدىنى قىلدى. سۆيۈش بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك.

310

سەرگەردانلىق سېنى ئامەتكە ياكى بولمىسا ئاپەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

311

يەر ـ زېمىن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مۈلكى، ئۇنى ئاجىزلار

ئاسانلا قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

312

مېنىڭ ئۆز ھاياتىمدىكى مەرتىۋە ۋە مەنسىپىم — كەمتەرلىكتۇر.

313

ئۆزىنى قوغدىيالمىغان ئىنسان، ئۆز ماكانىنى ھەرگىز قوغدىيالمايدۇ.

314

پەزىلەت نېمە؟ ئۇ تەقۋادارلىق ۋە ئۆلىمالىقتۇر. پەرھىز - كارلىقتۇر.

315

قۇياش — مەڭزىمدىكى كۆز ياش، قۇياش — قەلبىمدىكى ساۋاقداش، قۇياش — قولۇمدىكى ئىسسىق ياش.

316

ئىبادەت — زاھىتلارنىڭ دۇنياۋى نېمەتلىرىدۇر.

317

مەن كىچىك بىر ئېرىق، مەن بىر ئۆستەڭ، مەن بىر دەريا، مەن بىر دېڭىز. . . مەن ئۆزۈمنىڭ ئوكيان ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

318

نىيەت — ئېتىقادنىڭ ئۆلى، ئىماننىڭ يىلتىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

319

سەممىيلىك — ھاياتنىڭ گۈلى.

320

بىز خۇددى يوپۇرماق يۈزىگە قونغان شەبنەم كەبى يالتىراپ تۇرىمىز. بۇ خۇددى سارغايغان يوپۇرماقلاردەك ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ. ئادەم — كىچىك يوپۇرماق.

321

نىيىتىڭ كىلەچىكىڭنى بەلگىلەيدۇ، ھاياتىڭ گۈزەللىكى — نىيەتتە.

322

ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ بىر كۈنى يوقىلىدۇ، بىراق ئۇ مەۋجۇت ئىكەن رىئايە قىلماي بولمايدۇ.

323

قۇشنىڭ ئۇۋىسى — ئۇنىڭ ھاياتىدۇر.

324

ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكى ھەممە گۈزەللىكلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

325

بىز گويا قۇياش نۇرىغا ئوخشاش بارلىق شەيئى — مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىچى ـ تېشىدا ياشايمىز. ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى بەلكىم مۇشۇ يەردىدۇر.

326

سەن گويا تەبىئەت قوينىغا سىڭگەن نۇر، سەن گويا ئۈسسۈلۈك يىلتىزى سۈيگەن سۇ، سەن گويا ھايات مەشئىلىنى ياندۇرىدىغان مۇھەببەت. . . چۈنكى، سەن ئادەم.

327

مەن خۇددى تەنھا قۇياشقا ئوخشاش ئالەم قىسمەتلىرىگە ئەقىدە، ئىنسان زۇلمەتلىرىگە سۆيگۈ بەردىم. ئىنسانلىرىم ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلىرىم مېنىڭ ئۇلۇغۋار خىزمەتلىرىمدە بولۇشى مۇمكىن.

328

ئەجدادلار باسقان يولدا ئەۋلادلار ماڭماسلىقى مۇمكىن. سەۋەب شۇكى، زامان ۋە ماكان ئىرادىگە بويسۇنغان ئەمەس.

329

ئالەملەرنىڭ يارىتىلىشى ھاياتلىق ئۈچۈن، ھاياتلىقنىڭ يارىتىلىشى ئالەم ئۈچۈن.

330

مەن يېگانە قولۋاق. ھاياتىمنىڭ سۆيگۈ ــ مۇھەببەت ئاققان دەرياسىدا ھاياتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ نۇرلىرى جىلۋە قىلغان. پارلاپ تۇرغان گۈزەل ساھىلغا قاراپ ئىلگىرىلەيمەن.

331

بىز ھەقىقەتكە يېقىن چاپلىشىپ تۇرىمىز. بۇ بىزنىڭ ھەقىقەتكە بولغان مۇھەببىتىمىز.

332

سەن كۆرۈۋاتقان دۇنيا بۈگۈنكى دۇنيا، ئۇ ئەتىكى دۇنيا ئەمەس، ئۇ كۈنگە، سائەتكە ئۈزلۈكسىز يارىتىلىدۇ، ئۆزگەرتىلىدۇ، ھەتتا يوقىلىدۇ. . . سەنمۇ ئاشۇ دۇنيانىڭ بىر تامچىسى.

333

تىرىكلىكنىڭ قىممىتى ئىجادچانلىقتا. تىرىك ئىكەنسەن، تىرىكتەك ياشا، ۋۇجۇدۇڭنى ئاختۇر، ھاياتىڭغا نەزەر سال، قىممەت ھەققىدە ئويلان. . . ھايات ئۈچۈن ئىزدىنىش كېرەك. ئەۋلادلار سەندىن خۇشال بولسۇن، پەخىرلەنسۇن.

334

ئاجىزلاشقان ھاكىمىيەت رەزىللىشىپ كېتىدۇ.

335

سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ۋۇجۇدنىڭ كۆزى بىلەن سۆيۈش كېرەك.

336

قەلب — يوشۇرۇن سىر، كىشىلەر بۇنى بۇرۇنلا چۈشىنىپ يەتكەن.

337

زۇلۇم بولمىسا، كىشىلەر ئادالەتنى ئەسلەپمۇ قويمايتتى.

338

پىكىر — يوشۇرۇن بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسى سۆزلەر دەرياسىنىڭ تىرەن قاتلىمىدا يوشۇرۇن تۇرىدۇ.

339

تەڭرى — يېگانە، ھەقىقەت — تەڭرىدۇر، ئۇمۇ يېگانە ئادەم. يېگانە، ئالەم يېگانە، ئۇلارمۇ ھەقىقەتتۇر.

340

ئادالەت بەختنى يارىتىدۇ. ئۇنى ئۆلچەيدىغان تارازا ئەلنىڭ تارازىسى.

341

قاباھەت، زالالەت نېمە؟ ئۇ — بۆلۈنۈشتۇر.

342

ئىنسانلارنىڭ مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈشى، تەبىقىلەرگە ئايرىلىشى ۋە خىلمۇ خىل دىنلارنى يارىتىۋېلىشى ئۇلارنىڭ ھالاكىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

343

ئېتىقاد ۋە ئىمان ئىنسانلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

344

بىز سۆيگەن ئادىمىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىگىلىيەلىگەندە، ئۇنىڭغا ئېرىشمەي قالمايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

345

چىڭگىزخان، ئىسكەندەرلەرنىڭ ئىخلاسى يەر - زېمىن، ئەمەس، بەلكى ئاجىز خەلق. پەقەت روھى ئاجىز خەلقنىڭ يەر - زېمىنى ناھايىتى تېز قولدىن كېتىدۇ.

346

ياخشى كۆرۈپ قېلىش مەخپىي باشلىنىدۇ، كېيىن ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

347

قانلىق پاجىئەلەر ئەھمىيەتسىز بەس - مۇنازىرىلەردىن تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

348

پۇل - پۇچەك، مال - دۇنيا ناھايىتى ئاسانلا ئىنسانلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ.

349

يەر - زېمىننى ئىگىلەش قەلبنى ئىگىلەشتىن ئاسان.

350

ئورمان — قۇشلارنىڭ شانلىق سورۇنى. ھايۋانلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئەلۋەك ماكانى، ئەمما ئىنسانلارنىڭ قۇربانى.

351

ئادەملەر بەزىدە ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇلار ئىنسانلىقى ئۇخلاپ قالغان، ھايۋانلىقى ئويغانغان ئادەملەردۇر.

352

دېھقانىنىڭ مۇھەببىتى باشقا، ئەمىر - پادىشاھلارنىڭ مۇھەببىتى باشقا. بىرى سۆيدۈرىدۇ، بىرى كۆيدۈرىدۇ.

353

مۇھەببەت — ھۇزۇر بەخش ئىچىمدۇ، ئەمما ئۇ ئازاب، ئىراگىدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

354

ھىجران - ئەلەملەر ۋىسال، شاتلىقنىڭ كۆركەم دەرىخى.

355

مېنىڭ بەختىم، قارار — ئىستىقبالىم ئۆز ئېتىقادىمدۇر.

356

ۋىسال — بىز دېمەكچى بولغان ماكان ۋە زاماندۇر. تەنلەر ئاجىز، ئىرادىلەر ئورۇق، مەجرۇھ بولسا، بەلكىم ئۇ گۈزەل ماكانغا يېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

357

قۇش — قىزدۇر، قىز قۇشتۇر. ئۇلارنىڭ بىرىنى دان ، بىرىنى شىر ئالدايدۇ.

358

مېنى جىنايەتكە زورلىنىۋاتقان نەرسە — يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كەمسىتىشلەر.

359

ئېتىقادقا خۇراپاتلىق ئارىلىشىپ قالغاندا، ئىنسان قىممەتلىرى چېچەكلىمەيدۇ، ھالاكەت باشلىنىدۇ.

360

ماددىنىڭ يوشۇرۇن سىرىنى روھنىڭ روشەن، ئۆتكۈر كۆزى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

361

ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى ئۆزۈڭ باشقىلارغا ئۇقتۇرىسەن.

362

غالجىر ئىشقى ـ مۇھەببەت سىنى باشقىلارغا تېز تونۇتىدۇ.

363

سىزنىڭ قەلبىڭىز — ياكى ھەقىقەتنىڭ ئالىمى، ياكى رەزىللىكنىڭ ئالىمى.

364

مەيلى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، مەيلى بېسىپ ئۆلتۈرۈش ھەممىسى ئۆلتۈرۈش. ئۆلتۈرۈش بىلەن ھاياتنى قۇرۇتىۋەتكىلى بولمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ باراقسان قىلىپ كۆكلىتىۋېتىش مۇمكىن.

365

قەلبى تار بولۇپ قېلىش — شەخسىيەتچىلىكتىن، مەنپەئەتپەرەسلىكتىن بولىدۇ.

366

دوستلۇقتا بىر خىل مۇھەببەت بار. بۇ خىل مۇھەببەت ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى، قېرىنداش بىلەن قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكە ئوخشاشمايدۇ. بۇ پەقەت يولۇچى بىلەن يولۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ.

367

ئەر ئايالنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكى، ئەمما ئۇ يۈكلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن ۋايساپ كەتمەيدۇ. ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان زەربىلەرگە سۈكۈت قىلىدۇ.

368

مەن ئۆزۈم ئۇچۇنلا ئەمگەك قىلىدىكەنمەن، ئۇ ھالدا دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە، ئەڭ ئاجىز ئادەم بولۇپ قالغان بولىمەن.

369

ئايال — شەيتاننىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشى.

370

بىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈزەللىك ئاياللاردىكى گۈزەللىكتۇر.

371

بىز جاسارەت، ئەقىدە بىلەن ئېرىشكەن نەرسىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەلمەيمىز.

كۆندۈرگەن ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. كۈچلۈك ئىرادە ھەرقانداق نەرسىدىن غالىب كەلمەي قالمايدۇ. بويسۇندۇرۇش،

ئەگەشتۈرۈش ئىرادىدىن.

372

خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى دۈشمىنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر كۆڭلەرگە كەلگەندە دوستۇڭغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

373

تەڭرى ئىنساننى مۇقەددەس قىلىپ ياراتتى. ھەرىكەت ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزدى.

374

سىزگە زىيانلىق ئىشلار سىزنى تەسەۋۋۇرسىز قىسمەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

375

ھەقىقەتچىلەر، مۇھەببەت ئىگىلىرى، سەممىي كىشىلەر يامان غەرەزلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ.

376

ھەقىقەتنىڭ ئىككى يۈزى بار، بىرى سوغۇق، بىرى ئىسسىق. بىزنىڭ پەردىمىز ئۇنىڭ ئىككى يۈزىنى توسۇپ بولالمايدۇ.

377

سەن روھىيەتتىن مەھرۇم بولغاندا، باشقىلارنىڭ كۆزىگە قۇرۇغان دەرەخ بولۇپ كۆرۈنىسەن.

378

چۈش — روھمۇ ئەمەس، خىيالمۇ ئەمەس، بەلكى كۆلەڭگە.

ئۇ مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە ياشايدۇ، بىزگە ئەگىشىپ يۈرىدۇ.

379

ئەقىل — تۇغما بىلىمدىن ئىبارەت. روھ — ئەقىل ئارقىلىق ئويغۇنىدۇ.

380

بىزنىڭ مەنئۇييتىمىز بىزنى يۈكسەكلىــــككە كۆتۈرىدۇ، چۈنكى بىز مەنئۇييتىمىزنى سۆيگەن.

381

ئاجىزلارغا ھايات مەنىسىز بىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھاياتنىڭ مىسلىسىز خەزىنىسىدىكى زۇننارلارنى كۆرۈش ۋە بىلىش كۆزىدىن مەھرۇم بولغانلاردۇر.

382

سىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىڭدە شەك يوق، ئەمما قانداق ئىنسان ئىكەنلىكىڭدىن گۇمانلىنىمىز.

383

ئادەم — قىممەت باھالىق، خىلمۇخىل ئۈنچە ـ مارجان، جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان ئامبار.

384

ھەربىر مايسا، كۆكتات سايىسىدا مۇھەببەت بار، ھەربىر ساماۋى سەييارىلەردىمۇ مۇھەببەت بار.

385

ئانا ئۆز قورسىقىدىكى بوۋاقنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىرىدىن ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان مۇھەببىتىنى بوۋاقنىڭ دادىسىغا ۋە باشقا يېقىنلىرىغا ئاشكارىلاپ قويىدى. ئالەمدە بۇنىڭدىن يۈكسەك مۇھەببەت بولمىسا كېرەك.

386

ئىنسان بەختىنىڭ بۇلىقى ھاكىمىيەتنىڭ ھويلىسىدا ئەمەس ياكى مۆتىۋەر زەردارلارنىڭ، كاتتا ئەمەلدارلارنىڭ كۆركەم باغلىرىدا ئەمەس. . . بەلكى ئۆزىدە، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا، قەلبىدە.

387

نۇر — قۇياشنىڭ مېھنىتى، جىن چىراغنىڭمۇ مېھنىتى بار. كەتمەن ۋە بولقىلارنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىرى مېھنەتنى ياراتتى.

388

قۇياش كۆيدۈرمەيدۇ، ئىسسىتىدۇ؛ سۆيگۈ كۆيدۈرىدۇ ھەم ئىسسىتىدۇ.

389

مەن — مېنىڭ قەلبىم، مەن — مېنىڭ پەرۋاز قىلىدىغان ئالىمىم، مەن — مېنىڭ بىپايان دېڭىزىم، مەن — مېۋىلىرى بىلەن ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان، سايىسى بىلەن كۆڭۈلنى شاد ئېتىدىغان دەرىخىم، مەن — مېنىڭ نۇرلۇق قۇياشىم، مەن — مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئادىشىم، سىرداشىم. . .

390

بىز ياخشى كۆرۈپ ماختاۋاتقان ھەم ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەۋاتقان

بىر بوۋاق ئىنسانىيەتكە مىسلىسىز ئامەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ياكى مىسلىسىز ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

391

جاپا ۋە تۇگىمەس رىيازەتلەر ئىچىدە ھالاللىق دەرەخلىرى ئاستىدا سايىداۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نەدىن بىلىمىز؟ سەمىمىيلىكتىن، پەقەت سەمىمىيلىكتىن.

392

ئۇلار گۈلزارلىقتىكى گۈللەر ئىدى، ئۇلار دەريا بويىدىكى دەرەخ ئىدى. قۇرىدى، ئۇلار بايلىقى تۇرۇپ موھتاج بولدى. بىرى، زېمىنى تۇرۇپ ۋەتەنسىز بولدى. ئۇلار ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس، باشقىلار ئۇچۇن كەتمەن چاپتى. بىراق، ئۇيقۇ ۋە تاماققا تويمىدى... ئۇلار ئاخىرى يىتتۇرۇپ قويغان ئەڭگۈشتىرىنى تاپتى. ئۇ نېمە؟ ئۇ بىرلىك، ئۇ ئېتىقاد ئىدى.

393

مۇھەببەت — ياخشىلىق ئەمەس، ھەقىقەتمۇ ئەمەس، پەقەت قىزغىنلىق.

394

ھەقىقەتنى ئۈستۈنلۈككە مۇيەسسەر قىلىش ئادالەتچىلەرنىڭ شوئارى. بۇ شوئارنى ھەممىلا ئادەم تونۇلىيالمايدۇ.

395

ۋاقتى كەلگەندە قىزلار قەلبىنى پۇل ۋە زىبۇ زىننەت دۇنياسى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ناخشىسى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

396

مەن ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆزىنى ماختىغىنىنى كۆرمىدىم، ئۇلارنى خەلق ماختىدى؛ مەن ئويلايمەن، پەقەت تىرىك ئادەملەرنىلا خەلق ماختىسا كېرەك.

397

بىز ھەممىمىز تاماق يەيمىز، بەزىمىز جىسمىمىزغا، بەزىمىز روھىمىزغا يەيمىز.

398

قىزلار باشتا مۇھەببەتكە قىزىقىدۇ، كېيىن پۇل ـ پۇچەككە ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ.

399

مەن كەمسىتكەنگە ۋە مېنى چۆكۈرگەنگە پەرۋا قىلمايمەن. چۈنكى مەندە كەمسىتكۈدەك، چۆكۈرگۈدەك ئۇنداق ناچار ئەخلاق، چاكىنا سۈپەت يوقتە.

400

ئادەملەرنىڭ قەلبى شەيئىلەرنىڭ قەلبىگە تۇتاشقان بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ياشىمايدۇ.

401

مەنىۋى ئۆلۈم — باشقىلارنىڭ قولى بىلەن جان بېقىشتۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلى، پۇت ـ قولى، قۇلىقى، روھى ۋە تېنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس.

402

كۈرەش — ھاياتلىقتۇر. ئەجدادلار بىخۇدلۇقتا يېتتۇرۇپ قويغان نەرسىلەر بىزنىڭ ھاياتلىقىمىزدا، بىزنىڭمۇ بۇگۈنىمىز، ئەتىمىز ۋە بارلىقىمىز ئۆز ھاياتلىقىمىزدا.

403

شائىر — ئىنسانىيەتكە تەۋە. ئۇنىڭ ئىزگۈ قەلبىدە ۋەھىدەت دەريخى يىلتىز تارتقان، ئۇنىڭ خىيالى، ئارزۇسى، بارلىقى —پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى شۇ بىر دەرەخنىڭ سايىسىغا جەم قىلىش.

404

سېنىڭدە ئارزۇلا بولىدىكەن ھاياتقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىڭ سوۋۇپ قالمايدۇ.

405

كېرەكسىز گۈلدە مۇھەببەت نە بولسۇن؟! گۈزەللىك نە بولسۇن؟! ئەگەر ئۇنىڭدا گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت بولىدىغان بولسا كېرەكسىز بولمىغان بولاتتى.

406

كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياشاش شۇنداق ئاسان، ئەڭ توغرا يول ئۇلارنى سۆيۈش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش.

407

سەن — ھايات مېنى مەڭگۇ بەخت، خۇشاللىق بۆشۈكىدە تەۋرىتىدۇ، شادلىق ناخشىسىنى مېنىڭ ناخشام دەپ ئېيتالمايسەن، چۈنكى ئاشۇ ھاياتنىڭ كۈلپەت بۆشۈكىمۇ بار، سەن ھامان بىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

قالىسەن.

408

بىر شائىر ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «سەن دۇنيا ۋە ئىنسان تۇركۇمىگە چىن مۇھەببەت بىلەن قارا. ئۇلارنى سۆي، سېنىڭ قەلبىڭ ئۇلارنىڭ گۈلزارى ـ بېغى بولسۇن، سېنىڭ بارلىقىڭ ئۇلارنىڭ بارلىقى ـ بەختى بولسۇن، سەن ئۇلارنىڭ تىلى بول، بۇ سېنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىڭ . . . » ئۇ بۇ سۆزلەرنى ھەر كۈنى تەكرارلايدۇ.

409

يارامىلىق كىشىلەر قايغۇ ـ ئەلەم، خورلۇقلاردىن مەغرۇر تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ تۇگەپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنى كىشىلەرگە بىلىندۇرمەيدۇ.

410

مۇھەببەت — ماڭا مەنسۇپ ھەم ساڭا مەنسۇپ، مۇھەببەت — زېمىنغا ۋە دۇنياغا مەنسۇپ، مۇھەببەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ، بىزنىڭ مۇھەببەتنى ئۆزىمىزگە مەنسۇپ قىلىش يولىمىز ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

411

تەركىسىز دۇنيادا مۇھەببەت بولمايدۇ.

412

بۇلبۇل ئالتۇن قەپەسنى خالىمايدۇ، بىراق ئىنسانلار ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ئۇنىڭغا بەند قىلىدۇ.

413

قانداق قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلىش ئىنساننى ئۇلۇغلۇققا مۇيەسسەر قىلىدۇ.

414

مەن ئۇلۇغلاۋاتقان ئىلاھ بىر قىز ياكى بىر مەشھۇر ئادەم ئەمەس. ئۇ پەقەتلا ئىلاھ.

415

تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى — ئۇ ماڭا ئاتا قىلغان بۈيۈك مۇھەببەتتۇر. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى — مەن ئاڭا ئاتا قىلغان ئەجىر - ئەقىدەمدۇر. تەڭرى بىزنى بىر مۇقەددەس يىپقا مەھكەم باغلاپ قويغان، خالاس.

416

ھەققانىيەت يولى — ئاتام ماڭا ئاتا قىلغان ھاياتلىق يولى. مۇھەببەت يولى — ئانام ماڭا سوۋغا قىلغان ھاياتلىق يولى.

417

تەن مۇھىم، ئۇنىڭ شۇ قەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن مۇھىم.

418

زېمىن ئۈچۈن تۆكۈلگەن قاننىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ.

419

مېنىڭ جىسمىم ۋە روھىمنى تاۋلاۋاتقان نەرسە — رىيازەت، ئانا تۇپراقنىڭ كۆز يېشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

420

نومۇس — قانىنى ئۇرغۇتىدۇ، ۋىجداننى كۆچەيتىدۇ.

421

ھايات ئەسلىدىن چىرايلىق، خۇشپۇراق نەرسە، لېكىن ئۆزىمىز ئۇنى ئۆز قولىمىز بىلەن خىلمۇخىل رەڭلەرگە، خىلمۇخىل سىياقتا كىرگۈزۈۋېلىپ قويىمىز.

422

تەڭرى بىزگە بەرگەن بەخت — پاكىز تەن ۋە پاكىز روھ. ئەگەر بۇ سۈپەت بىزدە بولىدىكەن، بەختمۇ بار بولىدۇ.

423

سىنى قىيناۋاتقان نەرسە سېنىڭ يولۇڭ، مەقسەتسىزلا بېسىۋاتقان ئاشۇ يولۇڭ...

424

يىغلاۋاتقان قىزلار بىزنىڭ مېھرىبان ھەمشىرىلىرىمىز بولسا كېرەك، نېمىشقىدۇر قەلبىم ئۇلار بىلەن بىرگە يىغلايدۇ.

425

ئەي يىگىت ، خورلانغان ۋە رەنجىتىلگەن قىزلارغا بەخت تىلە، بەخت ھەققىدە ناخشا ئېيتىپ بەر، بەختنىڭ كۆركەم گۈلزارىنى كۆرسىتىپ قوي، مانا بۇ سېنىڭ ئەركەكلىك مەجبۇرىيىتىڭ.

426

بەخت دېگەن ئازابنىڭ چەكسىز دېڭىزلىرىدا، ھەسرەتنىڭ چوڭقۇر قايناملىرىدا پىشىپ يېتىلسە كېرەك. مەن ھاياتىمدا، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ چۇقان - سۈرەنلىك بازىرىدا بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىم.

427

چىۋىننىڭ قاناتلىرىدا ھەسەل بولغان تەقدىردىمۇ بىز ئۇنى ئۆلتۈرمەي قالمايمىز، ھەسەل ھەرىسىنىڭ قاناتلىرىدا زەھەر بولسىمۇ بىز ئۇنى سۆيىمىز.

428

پىتنە - ئىغۋا ۋە ھەسەت ئىنسان ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنى نابۇت قىلىدۇ.

429

سىنىڭ ئۆتمۈشۈڭ ساڭا تەجرىبە - ساۋاق سۆزلەپ بېرىدىغان ياخشى بىر كىتاب، سەن ئۇنى پات - پاتلا ۋاراقلا.

430

سۆيگۈ ئازابىدا ئېچىرقىغان ئادەمنىڭ تەشنالىقىنى دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ كۆپكۆك سۇلىرى قاندۇرالماسلىقى مۇمكىن.

431

بىز سۆيۈشتۇق، لېۋىمىز بىلەن ئەمەس چىن قەلبىمىز بىلەن سۆيۈشتۇق، مانا بۇ ھەقىقىي سۆيگۈ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

432

لەنەت قىلىشمۇ ئۆزگىچە بىر سەنئەت.

433

سەن ئەسلىدىن بىتەلەي ئەمەس، سېنى بىتەلەي قىلىپ قويغىنى سېنىڭ پۇت ـ قولۇڭ، بۇ ئىبارىلەرنى ئۆزۈڭ چۈشىنىپ يېتەلەيسەن.

434

مەن ھاياتتىن يۈز ئۆرىمەيمەن ھەم ھاياتنىڭمۇ مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈشىگە يول قويمايمەن.

435

سۈكۈت قىلىش بەزى چاغلاردا بىزنى كۈتۈلمىگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

436

مۇھەببەت چەكسىز نەرسە ئەمەس، بىز ئۇنى ھەدەپ چەكسىز ئۇلۇغ ھەم يۈكسەك دەپ مەدھىيىلەۋاتقاندا، ئۇ بىزدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

437

سەن باشقىلارغا چوڭقۇر رىشتە بىلەن باغلىنىپ قالغاندا مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقي چۈشىنىپ يېتىسەن.

438

رەنجىش ياخشى ئەخلاق ئەمەس، بىز رەنجىتىــــلگەندە بۇ ئەخلاقنىڭ ناچارلىقىنى بىزنى رەنجىتكەنلەرگە دېيەلمەيمىز، پەقەت جان تىكىپ ئېلىشىمىز.

439

سەن سىغىنىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن، ئۇ چەكسىز ئازابتۇر.

440

كۈتۈش — ئۆزىمىزنى ئالداشتۇر، نۇرغۇن ئارزۇلار كۈتۈش بىلەن قولغا كەلمەيدۇ.

441

مۇھەببەتنىڭ لەززىتى — ھىجراندا.

442

قىزلار — بىز سۆيۈپ قانمايدىغان سەنئەت.

443

ئىنكار قىلمايمەن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى، پاكلىقىنــى. ئەمما، ئىنسانلار تىلىم ـ تىلىم تىلدى يۈزىنى، ئۇنىڭ شادلىقىنى.

444

ئەرلەرنىڭ ناخشىسى قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىللىق بىر نۇر ئېقىنى پەيدا قىلىپ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا سىڭگەندە، ئۇنىڭ يېڭى بىر ئازابى باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

445

قەپەس ئالتۇندىن ياسالغان تەقدىردىمۇ قۇشلارنى خۇشال قىلالىغان ئەمەس، تۇرمە نازۇمەئىشەتلەر بىلەن تولغان تەقدىردىمۇ مەھبۇسلارنى خۇشال قىلغان ئەمەس.

446

سېنىڭ قەلبىڭ جاراھەتلەنگەندە ئەڭ لىرىكىلىق كۈيلەرنى تۆكىسەن.

447

بەزى كىشىلەر پەقەت كۆلەڭگىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

448

كۆڭلۈڭ سوغۇق بولسا — پۇلۇڭ سوغۇق بولىدۇ.

449

ئازاب — روھنىڭ مېۋىسى، جاراھەت — تەننىڭ، ھايات ئەنە شۇلارغا مەھكەم باغلانغان.

450

مەيلى ئۇ روھىي ياكى جىسمانىي ئازاب بولسۇن، بۇنىڭغا بىرەرى شېرىك بولغان ئەمەس.

451

ئەسلىي ھەقىقەت مەدھىيىلەنسە، رەزىللىك قامچىلانسا بولاتتى، بىراق كىشىلەر ئارىسىدا بۇنىڭ ئەكسى بولماقتا.

452

نازىنىنلار ھەقىقىي سۆيگۈگە ئەمەس، پۇلغا ھېرىس بولۇپ قالسا ئۇ ئۆز ھاياتىدا مەغلۇبىيەتتىن باشقىنى كۆرمەيدۇ.

453

سەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنى كۆرگىنىڭدە ھەرگىزمۇ ئەپسۇسلانما، چۈنكى ئۇلار ئۆلۈشكە تېگىشلىك يارىماس كىشىلەر.

454

ئۇ دەپنە قىلىندى، ئۇ ئۆلمەي تۇرۇپلا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە دەپنە قىلىنىپ كەتتى.

455

مۇھەببەت يولى — ھاياتلىق يولىدۇر.

456

سۆكۈت قىلغانلارنى ئۇخلاۋاتىدۇ دېمىگىن، تاغلار، قۇملۇقلار، يۇلتۇزلار، قۇياش ۋە ئايمۇ سۆكۈت ئىچىدە سەۋرى قىلىدۇ.

457

دېھقان — بەختىنى زېمىندىن ئىزدەيدۇ، بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھاياتىنىڭ ئەڭ توغرا تاللاش بولسا كېرەك.

458

قارىغاي دەرىخى ھەقىقەتچىگە ئوخشىسا كېرەك، ئۇنى دەھشەتلىك زىمىستان قار ـ مۇزلىرى بىلەن توراپ تۇرىدۇ، بوران ـ شىۋىرغانلىرى بىلەن تىنماي سوقۇپ تۇرىدۇ، پىژغىرىم

www.uyghurkitap.com

ئىسسىق - يامغۇر ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ. بىراق قارىغاي بۇ قىسمەتلەرنى پىسەنتىگە ئالمايدۇ.

459

مەن يامغۇر تىلىدا ناخشا ئېيتقانىدىم، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ۋە بارچە كائىنات مېنى ياقتۇرۇپ قالدى.

460

ھاياتنى رەنجىتسەڭ ھايات سېنى رەنجىتمەي قالمايدۇ.

461

تامدا مۇھەببەت ۋە نەپرەت بولمايدۇ. بىز تۇرمۇشىمىزدا تامدەك ئادەملەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

462

سەن ھەقىقەت ئۈچۈن قۇربان بەرگىنىڭدە، كىشىلەر ھەقىقەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىپ يېتىدۇ، چۈنكى خەلق توپى ئەزىمەتلەرنىڭ بىھۇدە ئىشلار ئۈچۈن قۇربان بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

463

ئېھ مېنىڭ يۇمران قەلبىم، مەن سېنىڭدىن كائىناتنى كۆرىمەن؛ ئېھ مېنىڭ يۇمشاق، نازۇك قەلبىم، مەن سېنىڭدىن شۇ كائىناتتىكى بارلىق ھالاكەتنى كۆرىمەن.

464

مۇھەببەت ئۇرۇقتىن ئەمەس، نۇردىن ئاپىرىدە بولىدۇ.

465

تۇپراق بولسا ھەممە بولىدۇ، ئادەم، ھەقىقەت ۋە مۇھەببەت بولىدۇ؛ تۇپراق بولسا ھەممە بولىدۇ، گۈزەللىك، بەخت، خۇشاللىق بولىدۇ.

466

ساداقەتسىزلىك ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىدۇ.

467

سىز قاتتىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۆزىڭىزگە تەسەللى ئىزدەيسىز، بۇ چاغدا سىزگە ئەڭ شېرىن تەسەللى بەرگۈچى پەقەت ئۆزىڭىزلا.

468

ياخشى سۆز — ياخشى ھەرىكەتلەر بەخت ئېلىپ كەلمەي قالمايدۇ.

469

مەن سۆيگۈمنى ئەمەس، سۆيگۈم مېنى دۇنياغا ئايان قىلىدۇ.

470

تۇيۇقسىز زەربە ئىنساننى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلمەيدۇ، ئەمما بىئارام قىلىدۇ.

471

ئۇجمە كۆچۈل قىز — دەرەخ سايىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

472

شېئىر — ئەركەكلەرنىڭ قىلىچىغا كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

473

سەن ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز يا چىرايلىق، يا سەممىي.

474

تەڭرى يىگىتلەر بىلەن خورازلارغا ئوخشاش بىر قابىلىيەتنى ئاتا قىلغانىدى. بىراق بۇ قابىلىيەت خورازلاردا قېلىپ، ئەركەكلەردە يوقاپ كەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

475

چىن مۇھەببەت قورام تاش ئاستىدىمۇ كۆكلەپ تۇرىدۇ.

476

جاھالەتنىڭ ئوتلىرى نادانلىقنىڭ سەرەڭگىسى بىلەن يېقىلىدۇ. بۇ ئوتنى ئادالەتنىڭ كۈچلۈك دولقۇنى بېسىقتۇرالايدۇ.

477

مەن ھوشۇمغا كەلدىم، مېنى ئويغاتقىنى كۈچلۈك بورانمۇ ئەمەس، لەرزان يامغۇرمۇ ئەمەس ياكى دولقۇنلۇق دەريامۇ ئەمەس، پەقەت ئوت، پەقەتلا ئوت. . .

478

ئۆلگەن نەرسە تىرىلمەيدۇ، مۇھەببەتمۇ شۇنداق.

479

يارىماس نەرسىلەر ئۆلۈمگە لايىق، يارىماس ئادەم ئۆزىنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

480

مەن چۆچەك ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن، ماڭا بۇ چۆچەكلەرنى مومام ياكى بوۋام ئېيتىپ بەرمەيدۇ. ئۇنى مەن ئاشۇ يۇلغۇن قىزارغان دالىدىن، سۇلىرى بۇلغانغان دەريالاردىن، يىغلاۋاتقان يەردىن، ئوت كەتكەن ئورمانلاردىن ئاڭلايمەن. بۇ ھەقىقىي چۆچەك بولسا كېرەك.

481

مېنىڭ قەغەز قولۋىقىم كىچىك دولقۇنلارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. ھايات گويا كىچىك بىر قەغەز قولۋاق بولۇپ قالغاندا، كىم ئۇ توغرىسىدا كۆرەڭلەپ ماختىنالىسۇن؟

482

بىزنى بىر قىزنىڭ تەبەسسۇمى ئويغاتسا، بىزنى يەنە بىر قىزنىڭ تەبەسسۇمى ئۇخلىتىدۇ.

483

مەن ئاجىزلاشقاندا، ئۆزۈمنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندا، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولىمەن.

484

مەن قىپقىزىل يۇلغۇن دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالغاندا

www.uyghurkitap.com

گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك كۈچلۈك بىر سادادىن ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ سادا ھەقىقەت يولىدا شېھىت بولغان ئەجدادلىرىمنىڭ خىتابى ئىدى.

485

بىز باغرىمىزغا مەھكەم بېسىپ ياتقىنىمىزمۇ ئوت، ئانا تۇپراق ئۆز باغرىغا مەھكەم بېسىپ ياتقىنىمۇ ئوت.

486

ساڭا زۆرۈر بولۇۋاتقىنى پۇل، ئۇنىڭغا زۆرۈر بولۇۋاتقىنى ساھىبجامال قىز. ئەمما ماڭا ئادالەت. بۇ مېنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر. ئۇ بولغاندا پۇلمۇ، نازىنىنمۇ بولىدۇ.

487

سەن بىر ئۇلۇغ قۇياشتىن تۇغۇلدۇڭ. سېنىڭ بۇ قۇياشنىڭ مۇھەببەتتۇر.

488

ئېرىقلار دەريالارغا قوشۇلدى. دەريالار دېڭىزلارغا قوشۇلدى. لېكىن، بىز قوشۇلمىدۇق. تۇغقان ـ تۇغقانغا، قېرىنداش ـ قېرىنداشقا، مەھەللە ـ مەھەللىگە قوشۇلمىدى. ئەپسۇس . . . ئەپسۇس.

489

ئىرادە — بۈيۈك كۈچ، بۇ كۈچكە ئىشەنگەن ئادەم مەغلۇپ بولمايدۇ.

490

گۇناھ، زالالەت يولى — جەھەننەمنىڭ يولىدۇر.

491

بىز لاتا خۇرجۇنغا ئالتۇن قاچىلاپ ئۇنىڭغا چۆيۈن قۇلۇپ سالىمىز. بۇ بىزنىڭ ئەخمەقلىقىمىز ياكى نادانلىقىمىز بولسا كېرەك.

492

بىز ھەممىمىز بىرلا ئادەم ئىدۇق. بىزنى مەرتىۋە، ھوقۇق ـ ئىمتىياز، پۇل ـ پىچەك، شەكىل ـ چىراي نۇرغۇن ئادەملەرگە بۆلۈۋەتتى.

493

سەن ھىجرانىنىڭ سۇپسۇزۇك، پاك سۇلىرىغا چۆمۈلگىنىڭدە چاقناپ تۇرغان ھېلىقى ساختا، رەڭۋاز مۇھەببەتنى ھەقىقىي كۆرگەندەك بولىسەن. دېمەك، ھىجران سادالىرى ئەقىلنى ئويغىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

494

ساداقەت — ھۆرلۈك، بەخت تۇغدۇرىدۇ.

495

بالىنىڭ غەلىبە مېۋىسى، ئانىنىڭ غەلىبە مېۋىسىدۇر.

496

ۋىجدان بولمىسا ئادەم دېگەن بىر پارچە كېسەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

497

خورلۇق هايۋانىمۇ سەگەكلەشتۈرۈۋېتىدۇ، لېكىن بىر قىسىم ئادەملەر باركى، ئۇلار خورلۇق، كەمسىتىشلەرنى بۇرنىغا قونۇۋالغان چىۋىنچىلىك كۆرمەيدۇ.

498

قەھرىمانلىقمۇ يىغىسى بولىدۇ. بۇ مۇسىبەت ياكى مەغلۇبىيەت يىغىسى ئەمەس. بۇ يىغا — خەلقىگە، ئىنسانىيەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت يىغىسىدۇر.

499

ئۆلۈمدىن قورقساق نۇسرەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. خائىنلار، مۇناپىقلار ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلارنىڭ چوڭلىرىدۇر.

500

داۋراڭ سېلىپ، قەسەم بەرسىلا غالىب، كىگانتلاردىن بولۇپ قالمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئەمەل، ۋەدىگە ئەمەل قىلىش.

501

جۇدالىق ـ ئۆلۈم ئەقىلگىمۇ جان ئاتا قىلىدۇ.

502

زۇلمەت سوغۇق هۇۋۇلايدۇ، گويا تۈن نىسبەدە بۆرە هۇۋۇلىغاندەك؛ باهار ئىللىق ناخشا ئېيتىدۇ، گويا بۇغا ـ مارال كۈلگەندەك.

503

بىر نەرسەڭنى يوقاتساڭ يەنە بىر نەرسىگە ئېرىشىسەن. ھايات ئەنە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

504

ھاياتتىن ئۈلۈغ نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇنى پەقەت چىن قەلبىدىن سۆيگەنلەرلا ھەقىقىي چۈشىنىدۇ.

505

ئەرلىك غۇرۇر ھەممە غۇرۇرلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بارلىق تىل ـ دەشنام، قىيىنچىلىقلار غۇرۇرسىزلىقتىن كېلىدۇ.

506

باھار كەلدى دېدۇق، ئۇنى مەدھىيىلەپ قوشاقلار قاتتۇق، بىراق كىشىلەر باھارنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تېخى تونۇپ يەتمىدى، پەيلاسوپلار باھارغا شۇنداق تەبىر بەردى. باھار ھۆرلۈك، ئەمما كىشىلەر بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرۇپ كەتمىدى. . .

507

ئېشەك ياكى ئات باغلاپ قويسا ماقۇل دەيدۇ، قويمۇ ـ كالىمۇ شۇنداق. بىراق شىر، يولۋاس، ئېيىقنى باغلىغىلى بولمايدۇ. باغلىغان تەقدىردىمۇ ئۇلار باغلاقتا ئۇنىمايدۇ، ئادەملەرمۇ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلسا كېرەك.

508

ياخشى ئىشلار ئۇنتۇلمايدۇ، ياخشى ئادەملەرمۇ شۇنداق. يامان ئىشلار ۋە يامان ئادەملەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغانلار بولمىسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

509

نەپسىمىز بەزىلەرنى دۇنيادىكى ئەڭ پەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

510

ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە تەبىر بەرگۈچىلەر ئۇنى چىرايلىق ئايال دېدى، يەنە بەزىلەر ياخشى يېيىش، ئىچىش، ئويناش دېدى... . زادى بۇلارنىڭ قايسىسى توغرا؟ ئويلىنىپ قالدىم . بۇنىڭغا جاۋاب پەقەتلا بىر، ئۇ ئەركىنلىك.

511

رەزىللىك، پەسكەشلىك، خائىنلىق، مۇناپىقلىق كىشىنى باشقىلار ئالدىدا ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

512

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت يوق قەلب بولمىسا كېرەك. ئۇ بەزىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشكارا بولىدۇ، ئىنساننىڭ تۇرمۇش قەدەملىرى، ھايات ـ مۇساپىلىرى مۇھەببەتنىڭ، كىتابلارنىڭ بېتىنى ئېچىپ بارىدۇ.

513

ياۋاشلىق، رايىشلىق باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىپ قويىدۇ.

514

قانداق ياشاش ئۆزىڭىزگە باغلىق، سىزدە شۇنداق تاللاش ھوقۇقى بار. ئەمما، سىز رېئاللىقنىڭ كىچىككىنە ناز ـ

كەرەشمىلىرى ئالدىدا خۇدىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ!

515

مەن تەشنا بولغان سۆيگۈ سېنىڭ لەۋلىرىڭدە ئېچىلىپ كەتكەن قىپقىزىل گۈللەر، مېنى ئەسىر قىلغان مۇھەببەت بەدىنىڭدە ئۆسكەن ياپيېشىل چىمەن، سەن چىمەن ئىچىدىكى نۇرلۇق قۇياش.

516

يۈكسەك مەقسەتلەرنى قەلبىگە پۈككەن بىر باتۇر ئۈچۈن زارلىنىش نومۇس، داد ئېيتىش جىنايەت، ئۈمىدسىزلىك خورلۇقتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆلۈمنىڭ ياخشىسىنى ئىزدەيدۇ.

517

توغرا نىيەتلىك كىشىلەر توغرا يول تۇتىدۇ.

518

تاۋۇت كۆتۈرگەن ئادەمدىن ئۆلۈم ھەققىدە سورىساڭ، ئۇ چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ئۆلۈم ئەقىللىقلار ئۈچۈن بىر ھېكمەتلىك سۆزدىن ئىبارەت.

519

ئۇ ئادەم ئىدى، ئۇ باشقىلارنى چېقمۇۋىدى يىلان بولدى، ئۇ ئادەم ئىدى، باشقىلارنى چېقمۇۋىدى چايان بولدى. . . شۇنداق قىلىپ كىشىلەر بارا - بارا ئۇنىڭ ئادەملىكىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

520

غەزەپلەنگۈدەك ئىشلارغا غەزەپلەنمەسلىك بىچارىلىكتىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەرسە ئەمەس.

521

دۈشمەنلىرىڭ كۆپ بولسا قورقۇپ كەتمە، ئەمما يېقىن دوستۇڭنىڭ دۈشمىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورق.

522

نابۇت قىلىنغان گۈل ــ گىياھ، نابۇت قىلىنغان قىز. . . خورلانغان ئانا، تاشلىۋېتىلگەن بالىلار — بىز ھەقىقىي سۆيۈشكە تېگىشلىك مۇقەددەس تۇتىيالاردۇر.

523

ئىغۋا تارقىتىش چۈپرەندىلەرنىڭ ئويۇنى، ئۇ باشتا داغدۇغا بىلەن باشلىنىدۇ، ئاخىرى سەتچىلىك بىلەن تۈگەيدۇ.

524

سەن ئۆزۈڭنى خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن بېغىشلىيالمىساڭ سېنى زالالەت، كۈتۈلمىگەن كۆلپەتلەر كۈتۈۋالىدۇ.

525

قەھرىمانلارنىڭ قولى دۈشمەنلەرگە قاتتىق تەگكەندەك، خائىنلارغا، مۇناپىقلارغىمۇ قاتتىق تېگىدۇ.

526

ئاشىق ــ مەشۇقلارنىڭ قوللىرى سۆزلەشكەندە، ئۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئوتلۇق يۈرەك چەكسىز خۇشاللىققا چۆمىدۇ.

527

جەڭچى ئۈچۈن دۇنيادا ئۆزىنىڭ قورالىدىن بۈيۈك نەرسە يوق.

528

بىز باشقىلارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشتىن بۇرۇن، ئۆز كىشىنىڭ قانداق تېپتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

529

ھاياتنىڭ قىممىتى قاتتىق سوغۇقتا، زۇلمەتتە، ئازابتا، خورلۇقتا. . .

530

قەلبىدە باھار ھاۋاسى بولمىغان ئادەم ھاياتنىڭ جۇت - شىۋىرغان ئىچىدە ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن.

531

بۇ زۇلمەت كېچە مېنىڭ ئەمەس، ئۆز ئاسمىنىدا پارلاپ چىققان ئاي ۋە يۇلتۇزۇم مېنىڭ كېچەمنىڭ ئەڭ گۈزەل لىرىك ناخشىسى.

532

خەلقنى پەقەت بۈيۈك ئەقىدىلەرلا يېتەكلىيەلەيدۇ.

533

ھەققانىيەت ئېيتىدۇكى : ساتقىن، خائىنلارنىڭ جاجىسى — لەنەتلىك ئۆلۈم.

534

قۇياش — بىزنىڭ ئىزدەۋاتقان رىھاللىقىمىز، ئۇ ھەقىقەتتۇر.

535

قەھرىمانىنىڭ كۆز يېشى خەلق كۆلپەتلىرىدىن تامىدۇ، چۈنكى گىگانتلار خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

536

خەلق ئۆلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار قورالLانغان، يېگىلانغان، خىللانغان كوللېكتىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىدىغىنى پەقەت نائەھلىلەر. . . يارىماسلار. . .

537

سىنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ زېمىن، ۋەتەن بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر ئۇ سەندە بولمىسا، سەن ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنى قانداق ئىسپاتلىيالايسەن.

538

ھايات — ئەزىمەتلەر ئۈچۈن بىر پاي ئوق، ئەزمىلەر ھاياتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىدى.

539

بۇلۇتلارنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقىدىن مۇھەببەت ياغىدۇ.

540

زالىملاردىن كۈتۈش ئادالەت،
تىلىگەنلىك ئۇندىن قىيامەت.

541

زەھەرگە زەھەر بەر، ئۇ بىر خېيىم ـ خەتەر، ئۇنىڭ قەلبى مەينەت نىجاسەت، ياخشىلارغا ئازار يەتكۈزەر.

542

پىچاق توغرا كەسمىگەنلىكىدىن ئەمەس، توغرا تۇتۇلمىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ.

543

مېنىڭ قەلبىمنى بايلىق ياكى باشقا نەرسىلەر ھەرگىز قارا قىلالمايدۇ، چۈنكى غۇرۇرۇم بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويالمايدۇ.

544

ھەقىقەتچى ئاچ قالسىمۇ ياكى توق يۈرسىمۇ شۈكرى قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە يەتكەن رىيازەت ۋە كۈلپەتلەرگە سەۋرى قىلىدۇ. لېكىن ، ئۇ دۈشمەنلىرىگە مەڭگۈ خۇشامەت قىلمايدۇ.

545

ھەق، توغرا نەرسىلەردە جان بولىدۇ.

546

ھەقىقەتنىڭ شەرھىسى — توغرا، راۋان يولدۇر. لېكىن ، بۇ يول جاپالىق ھەم مۇشكۈلدۇر.

547

تۇرمۇشتا مەغلۇبىيەت بار، ئەزىمەتلەر بۇنى تەجرىبە ـ ساۋاق دەيدۇ. ئۇ ئاجىزلارنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

548

سەن ئۆز ھوقۇقۇڭنى ئۆز روھىڭدىن ئىزدە.

549

مۇستەقىل پىكىر يولۇڭ بولمىسا، باشقىلارنىڭ يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولىسەن، ئۇ يول زالالەت يولى ياكى سائادەت يولى بولۇشى مۇمكىن . ياخشىسى سەندە ئۆزلۈك روھى بولسۇن.

# تىنىمسىز ئويلار

1

بىز ئۆزىمىزنى تونۇتۇۋالمىغاندا ئاسان مەغلۇپ بولۇپ كېتىمىز. مانا بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئازغۇنلۇق.

2

ياخشى پۇرسەتلەرنى بىلىپ ـ بىلمەي قولدىن بېرىپ قويۇش ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

3

پۇرسەت باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ سەن، سېنىڭ ۋاقتىڭ، سېنىڭ مەنىۋىيىتىڭ، سېنىڭ ھاياتلىقىڭ. . . سەن تەشنا بولغان ھەممە خۇشاللىق ھاياتلىقتا.

4

سەندە ياخشى نىيەتلا بار بولىدىكەن، «مەندە تۈگىمەس بايلىق بار» دەپ يۈرۈۋەرگىن.

5

ئېرىشكىلى بولىدىغان دوستلۇق سەمىمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق.

www.uyghurkitap.com



6

بىمەنە ئوي ـ پىكىر گۇمرانلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

7

غەلىبە قىلغان ۋاقىتتا، بىزنىڭ ئۇنى ئىدارە قىلالماسلىقىمىز مەغلۇبىيەتتۇر.

8

سەن تەبىئەت بىلەن سۆزلىشىشنى بىلسەڭ، ئۇ ئۆزىدىكى نۇرغۇن سىرلارنى ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ.

9

بىزنىڭ ئالاقە قىلىش ئوبيېكتىمىز ياخشى تاللانسا، ھاياتتا گۈزەللىك پەيدا بولىدۇ.

10

غەلىبىگە ئىشەنچ بولىدىكەن، جاسارەت تۇغۇلماي قالمايدۇ.

11

ئەجىر قىلىنمىغان ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت بولمايدۇ.

12

بىز ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرەلمىگىنىمىزدە دۇنيا بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە گۇمان بىلەن قارايدۇ.

13

سەن ئۆزۈڭنى تونۇغاندا دۇنيا سېنى تونۇيدۇ.

14

سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كەمسىتكەندە، مەنمۇ سېنى كەمسىتىمەن؛ سەن ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئۇلۇغلىغاندا، مەنمۇ سېنى كۆككە كۆتۈرىمەن.

15

ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆزىگە كۆيۈنۈش — ھاياتنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشتۇر.

16

ئۆز ۋۇجۇدىمىزغا يوشۇرۇنغان مەخپىي ئىللەتلىرىمىزنى تونۇپ يەتكىنىمىز، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتكىنىمىزدۇر.

17

خۇشاللىق — مېۋە، ئۇ ئۆزىگە شەكسىز ئىشىنىشتىن يېتىلىدۇ.

18

قايغۇ ۋە ۋەھىمە ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھەسرىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

19

بىزنىڭ ھاياتىي كۈچىمىزنى بوغۇپ قويغان چېغىمىز ئۆزىمىزدىن ئۈمىدنى قەتئىي ئۈزگەن چېغىمىزدۇر.

20

ئىنساننىڭ بىر قىسمى تەڭرى ئىلكىدە، يەنە بىر قىسمى ئۆزىنىڭ ئىلكىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



21

ھەقىقەت يول — پالۋانلارنىڭ تاللىغان يولىدۇر.

22

ھايات — تولىمۇ ئۇلۇغ، پەقەت بىز ئۇنــى ئۇلۇغ دەپ قارىساقلا.

23

بىز خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىۋاتقان جەبرى ـ جاپالار بىزنى جەننەتكە ئېرىشتۈرمەي قالمايدۇ.

24

دۈشمەن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ قورقۇنچاقلىق.

25

پەرۋانىنىڭ كۆلگەن چېغى — ئوت ئىچىدە كۆيگەن چېغى.

26

ماڭا ھەممىدىن بەك ياردەم بېرەلەيدىغىنــــى ئۆزۈم، ماڭا ھەممىدىن بەك زىيان كەلتۈرەلەيدىغىنىمۇ ئۆزۈم.

27

بىز ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا پۈتمەس ـ تۈگىمەس غەزىنە زاپىسىنىڭ بارلىقىنى بىلسەكلا، ئۆزىمىزنى قەۋەتلا سۆيىمىز.

28

ھايات بىزگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، پەقەت ئۇ سۆيۈلۈشكە

ئېرىشكەن چېغىدىلا.

29

كۆپلىرىمىز سەل قاراۋاتقان بايلىق، كىشىلىك ھاياتتىكى گۈزەل ئەخلاقتىن ئىبارەت.

30

گۇناھ مەپتۇن قىلىدۇ، ئاقىۋەت مىسلىسىز ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

31

ئىنسان ئۆزىنى مەپتۇن قىلغان ۋە ئالداۋاتقان نەرسىگە ئەڭ ھېرىسمەن كېلىدۇ.

32

سەن دۇنيا بازارلىرىنى ئايلىنىپمۇ، شەھەر ـ يېزىلىرىنى كېزىپمۇ ئۆزۈڭدەك يەنە بىر كــىــشــىــنــى تاپــالمايسەن. سەن ئەبەدىي يەككە ـ يېگانىسەن.

33

ھەقىقەت — ئەسلىدىنلا بىزەكلىك، ئۇنى بىزەيمىــز دەپ يۈرگەن ئەخمەقلەرنىڭ ھالىغا ۋاي.

34

ئائىلىدە مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە قىزغىن كەيپىيات بولمىسا، ئۇ ئائىلە سىنىڭ تۇرمەڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

35

پەلسەپە — يىغلاۋاتقان زېمىندا ئۆسكەن باراقسان دەرەخ!

36

يىلتىزىمىز مۇستەھكەم بولغاندا ئاينىماي قالمايمىز. گەپ يىلتىزدا.

37

قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆزى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قىبلىنەماسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

38

ئەقىل بارلىكى ئادەمدە گۇناھ ۋە ساۋاب بولىدۇ.

39

ياشاش قىيىن ئەمەس، پەقەت قانداق ياشىماق قىيىن.

40

سەن دۇنياغا مېھرىبان بولساڭ، دۇنيا ساڭا مېھرىبان. سەن ئىنسانغا مېھرىبان بولساڭ، ئىنسان ساڭا مېھرىبان.

41

ئىنسان ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكتىن تولۇق پايدىلىنىشنى بىلەلىگەندە، ئۇ كىشىگە موھتاج بولمايدۇ.

42

كىشىلەر خۇشال بولسۇن دەپ قىلغان ئىشىمىزدا خەيرلىك بار.

43

كۆڭلىمىز تارتماي قىلغان ئىشىمىز كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشماي قالمايدۇ.

44

مەڭگۈ ئەستىن كۆتۈرۈلمەيدىغان ياخشىلىق — سەمىمىي ياخشىلىقتۇر.

45

سىز ئېتىقاد جەھەتتىن بوشىنىشقا باشلىغان ۋاقتىڭىزدا، قىممىتىڭىز تەبىئىي يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ.

46

سىز قەتئىي نىيەت بىلەن مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك گۇناھ بولسۇن، ئۇنىڭدىن قول ئۈزسىڭىزلا، ئۇ سىزگە ھەرگىزمۇ نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ.

47

سىپايىلىك — تەقۋادارلىقتۇر. ئۇ بارلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئېسىل كېسەكلىرىدىن پۈتۈپ چىققان كۆركەم بىنادىن ئىبارەت.

48

چاكىنىلار ئالىيجاناب بولالمايدۇ، گەرچە ئۇلار شاھىنشاھ بولسىمۇ.

49

سىز قورالىڭىزنىڭ نىشانغا تەگمىگەنلىكىدىن ئاغرىنماڭ، پەقەت نىشانغا قارىتىپ ئاتالمىغانلىقىڭىزدىنلا ئاغرىنىڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



50

ھايات — خام كېسەكتۇر، پەقەت جاسارەتلا ئۇنى تاۋلاپ پىشۇرالايدۇ.

51

مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «قولۇمدىن كەلمەيدۇ».

52

ئەگەر مۇھىت پاسسىپ بولسا كۆچۈش كېرەك. كۆچۈش بىزنى شەرەپكە نائىل قىلماي قالمايدۇ.

53

كىشىلىك ھاياتنىڭ يورۇقلۇق تەرىپى — ئەقىدە، ئېتىقاد ۋە مۇھەببەتتىن ئىبارەت.

54

بىز نادانلارغا قانداق ئىشلارنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىنىمىزدە، ئۇلار بىزگە مەسخىرىلىك قارايدۇ.

55

بەخت — بىزنىڭ رىزقىمىز، ئۇ بىزنىڭ يوشۇرۇن، تەسكەي تەرىپىمىزگە يوشۇرۇنغان.

56

ھاياتنىڭ ئېتىبارىنى قىلمىغان ھەم تونۇمىغان ئادەمدە، ئۇنىڭغا قارىتا سۆيۈش ۋە كۆيۈنۈش بۇرچى بولمايدۇ.

57

ئەنئەنىڭىزگە، پسىخىكىڭىزغا ۋە تارىخىڭىزغا ماس كەلمىگەن تۇرمۇش يولىڭىز سىزنى ئېتىقاد ۋە ئىماندىن چەتتە قويىدۇ.

58

قانداق ئىشنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى ۋە قانداق ئىشنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمىگەن دانىشمەن، ئۈستىگە كىتاب ئارتىۋالغان ئېشەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

59

ھەرقانچە ئۆزىڭىزنى تارتسىڭىزمۇ، مۇھتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايسىز.

60

سەلبىيلىك — سىزنىڭ ناھايىتى بىر قىسمىڭىز.

61

سىزدە شۇنداق بىر بۈيۈك ھوقۇق بار، ئۇ تاللاش ھوقۇقىدۇر.

62

ئېتىقاد پەزىلەتنى يېتىلدۈرىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

63

بىز تۇرمۇشىمىزدا ۋە قەلبىمىزدە يوق نەرسىنى سۆزلىيەلمەيمىز.

64

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاجىز، بىچارە، چۈشكۈن روھىي ھالىتى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ كېتىدۇ.

65

بىزدە ئىزدىنىش بولغاندا ھەقىقەتكە شۇنچە يېقىنلاپ بارىمىز.

66

بىزدە ئۇچراتقان شەيئىگە نىسبەتەن مۇستەقىل تونۇشىمىزنىڭ بولۇشى — دۇنيا قارىشىمىزنىڭ تىكلەنگەنلىكىدۇر.

67

ۋۇجۇدىدا ئىنساپ بولمىغان شاھنىڭ پۇقرالىرى نامراتلىشىپ كېتىدۇ.

68

ئېتىقاد — بۈيۈك ھېكمەت.

69

بەدىنىمىزنى ئوراپ تۇرغان كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ ئەخلاقنىڭ بىر قىسمى.

70

ھەسەت پىتنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ، ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدۇ، دوستلۇقنى قۇرۇتىدۇ.

71

ئۇلۇغ ئاتا — كەم ـ كۈتىسىز ساھىبجامالدۇر.

72

بىراۋنىڭ يالىڭاچ بەدىنىدىن خۇشاللىق ئىزدەيدىغان ئادەم ئاسان گۇمران بولىدۇ.

73

ئۆلۈم — ئازابلىق، پەقەت ئەھمىيەتسىز ئۆلۈملا شۇنداق بىچارە ئۆلۈمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يامغۇر تامچىلىرى

1

ئىنسان كائىناتنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا. بىراق، ئۇنىڭ ھوجود ئاسمىنىدا بىز كۆرەلمەيدىغان، ئاڭلىيالمايدىغان ھەم ھېس قىلالمايدىغان شەيئىلەر يوشۇرۇنغان. سىز شۇ قىسقا ھايات ھەققىدە مۇكەممەل تەپەككۇر يۈرگۈزسىڭىز، شۇ مەخپىي شەيئىلەر ھەققىدە يېڭىدىن - يېڭى ئۇقۇمغا ئىگە بولالايسىز.

2

ئېتىقاد يوقالسا ئادەم گۇمران بولماي قالمايدۇ.

3

ياخشى نىيەت ھەممە گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بۇلىقى.

4

سېنىڭ دەرىخىڭ باراقسان ھەم كۆركەم، ئەپسۇس مېۋە بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ دەرىخى پاكار ھەم كۆرۈمسىز، ئەمما مېۋىلىرى تاتلىق ھەم چىرايلىق. . .

ھاياتنىڭ قاراڭغۇلۇقتا يۈزلىنىشى گۇمرانلىققا يۈزلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

5

رەشىك — ھەسەت بىزنى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

6

ياخشى دوستتىن ئايرىلىپ قېلىش، ھاياتنىڭ بىر قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان بىلەن ئوخشاش.

7

كۆڭۈل — نەپىس قاچىدىن ئىبارەت. ئۇ دەز كەتكىنىدە ھەرگىزمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

8

قورقۇنچاقلار ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ.

9

سىزنىڭ بىخۇدلۇقىڭىز سىزنى ھاياتلىق يولىدىكى نۇرغۇن پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ.

10

گۇناھ — تەشۋىشلىنىش پەيدا قىلىدىغان ئامىل.

11

سەن ئۆز قەدەملىرىڭنى مۇھەببەت يولىدىن توختاتقاندا، دۇنيا سېنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

12

ئەزمىلىك قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش دېگەنلىك.

www.uygurkitap.com

13

بىز ئۆلگەن كىشىلەرگە ئەمەس، ئازغان كىشىلەرگە قايغۇرغاندا يېڭى بىر ھاياتنى ئۇلارغا سوۋغا قىلغان بولىمىز.

14

ھەقىقەت — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولىنى ئېچىش دېمەكتۇر.

15

مۇشكۇل ۋە خەتەرلىك مۇھىت سىزنى ئويغىتىدۇ، ئەمما قايغۇ ۋە ھەسرەت سىزنى تۈگەشتۈرىدۇ.

16

ھاياتتىن ئايرىلىپ قېلىش ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، چۈشكۈنلىشىش، قايغۇرۇش ئۆزىنى سۆيمەسلىك... قاتارلىقلارمۇ ھاياتتىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر.

17

خۇشاللىق بەخش ئەتمىگەن غەلىبە غەلىبە ئەمەس.

18

قۇلۇلە قاپ ئىچىگە يوشۇرۇنىدۇ، گاھىدا بىز تاشپاقىنىڭمۇ بېشىنى تاپالماي قالىمىز. ھاياتتىن بەزگەن بەزى ئادەملەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

19

ھەر ئىنسان ئۆز قەلئەسى ئىچىدە ياشايدۇ. بەزىلىرىمىز قەلئەنىڭ ئىشىكىنى ھەم ئېتىپ ياشايمىز، يەنە بەزىلىرىمىز بولسا

ئۇ قەلئەلىرىمىزنىڭ ئىشىكلىرىنى كەڭرى ئېچىۋېتىمىز.

20

ئالىيجاناب ئادەملەر يالغان سۆزلەپ قالغاندا ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

21

جىلىخورلۇق — سەۋرسىزلىكنىڭ بىر شېخى.

22

بىز چۈشەنگەندىلا گۇمان قىلمايدىغان بولىمىز.

23

دۈشمىنىڭنىڭ بىنومۇس ئىشلىرى سېنى غەزەپلەندۈرەلمىسە، سەن ھەيكەل ياكى ھايۋاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

24

نىيىتى بۇزۇق كىشىلەردە خىلمۇخىل قاپقانلار بولىدۇ.

25

ھايات — ئىنسانىيەت يېزىپ بولالمىغان دەستۇردىن ئىبارەت.

26

ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىش ئېسىل خىسلەت. بەزىدە دۈشمىنىمىز ئالدىدىمۇ ئۆزىمىزنى تۇتماي بولمايدۇ.

27

بىزنىڭ سۇكۇتكە چۆمگەن ۋاقتىمىز دۈشمەن بىزگە پايدىلىق

شەرت ـ شارائىتنى ھازىرلاپ بەرگەن ۋاقىتتۇر.

28

باشقىلارنى بەك ئاددىي ئىدارە قىلىش ياكى باشقۇرۇشنى مەقسەت قىلغان غەزەپلىنىش كىشىگە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

29

ساڭا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان كۈچنى يېڭىشمۇ ئەڭ بۈيۈك غەلىبە.

30

دوستلۇقنىڭ مۇقەددەس كۈچى نەدە؟ ئۇ ئىتتىپاقلىقتا.

31

بىزنىڭ خۇش بولۇپ قالغان چېغىمىز، ئاسماندا پەرۋاز قىلغان چېغىمىز ئەمەس، بەلكى نەپسىگە ئالدىنىپ باسماققا چۈشۈپ قالغان چېغىمىز.

32

بىراۋ يارىماس بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېتىقاد ۋە ئىمان بولسىلا بىز ئۇنى تاشلىۋەتمەيمىز.

33

تاياق ياكى ھاقارەت يارىماسلارنىڭ بېشىغا ئەڭ كۆپ تېگىدۇ.

34

مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ئىشنى قىلايلى، ئۇنىڭدا مەقسەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇشى كېرەك. مەقسەت قىممەت يارىتىدۇ.

35

بەزىدە يىللارمۇ بىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، بەزىدە بىر كۈنمۇ ھەتتا بىر سائەتمۇ بىزگە ئاجايىپ خۇشاللىقلارنى بېرەلەيدۇ.

36

چىدامىلىق، سوغۇق قان دانىشمەنگە قىلىنغان ھاقارەت، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھاقارەتنى ئۆزىگە نىسبەتەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان.

37

ئىززەت — ھۆرمەت ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا.

38

پۇچەك خىياللار يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئاپەتتۇر.

39

يول — بىزنى يورۇقلۇق ياكى قاراڭغۇلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستە.

40

كۆپ سۆزلەش، كۆپ يېيىش، كۆپ ئۇخلاش كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

41

سەن ئۆزۈڭنى سۆيگەندە، ئۆزۈڭنى ياخشى ئىشلارغا دائىم بۇيرۇپ تۇرىسەن.

42

رىغبەت — مۇھەببەتتۇر، مەن ئۇنى باشقىلارغا بېرىش بىلەن خۇشاللىق تاپىمەن.

43

ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم مېنى ئۆز ھاياتىمنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

44

رىغبەت — ھەرىكەتنىڭ ئېنېرگىيىسى.

45

بەخت — ئارزۇ ۋە جاسارەت يېتىشتۈرگەن مېۋىلىك دەرەخ.

46

پەرزەنت — بىز ئېچىلدۇرغان غۇنچە.

47

ھەقىقەت — ئەبەدىلئەبەد يۇقىرى ئۆرلەپ بارىدىغان سادادىن ئىبارەت.

48

سەمىمىي ئادەم سۆزىنى ھەرگىزمۇ پەردازلاپ ئولتۇرمايدۇ.

49

بوران — ئەركىنلىك ناخشىسى، لېكىن بوراننىڭ ئۆزى ئەركىنلىككە تەڭ ئەمەس.

50

ئۇزاق ياشاش ياكى قىسقا ياشاش بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىش ئەمەس، بىزدە پەقەت قانداق ياشاش ئىختىيارلىقى بار.

51

بىزنىڭ روھىيىتىمىز ئاجىز بولغاندا ھاياتنىڭ گۈزەل نېمەتلىرىدىن مەھرۇم بولماي قالمايمىز.

52

نارازىلىق — كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەتنىڭ بىرىنچى پەشتىقى.

53

ئەزىمەتلەرنىڭ ۋاز كېچىدىغىنى بەدەلسىز راھەت! چۈنكى ئۇنداق راھەتتە مۇھەببەت بولمايدۇ.

54

ئۆتكەن ئۇلۇغلارنى ياد ئېتىپ تۇرۇشمۇ، ئۇلۇغلۇققا قاراپ يۈزلىنىشتۇر.

55

بىز باھار شاماللىرى بولالىغىنىمىزدا بىزنى تالاي كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

56

ئېتىقاد ۋە ئىمانلىق بولساڭ، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق پىتنە ـ پاساتلىرىدىن سالامەت بولىسەن.

57

سىزدە روھىي قۇۋۋەت كۈچلۈك بولمىسا، سەپىرىڭىزدە نەتىجە بولمايدۇ.

58

ھەقىقەت يولى جەننەت يولىدۇر.

59

دۇنيادىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ خۇشاللىق جاي سىنىڭ ئۆيۈڭدۇر.

60

ھاياتنىڭ نازاكىتى گۈزەل ئەخلاقتا.

61

چوڭقۇر بىلىم ئەركىنلىكنىڭ قانىتى، ئەمما بىلىم ھەرگىزمۇ ئەركىنلىككە تەڭ بولالمايدۇ.

62

سەن ئۆزۈڭگە زۆرۈر بىلگەن ئەقىدىلەرنى باشقىلارغىمۇ زۆرۈر بىلگىن.

63

ئانىلارنىڭ قەلبى سۆيۈنگەن دۇنيا بىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.

64

ياخشىلىق ئاپەتنى ئامەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

65

ئۈمىد — ئىنتىلىش، بىز ئۆزىمىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنىلا ئۈمىد قىلىمىز.

66

ھاياتتىكى قايغۇ ـ ئەلەم ئاچچىقى يامان مۇئەللىمدۇر. ئۇ بىزنى دائىم سەگەكلەشتۈرىدۇ.

67

بۇركۇتنىڭ يۇلۇپ تاشلانغان پېيىدىمۇ جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

68

ئىشەنچ — ئۈمىدنىڭ بىر قانىتى.

69

ئۈمىد — رىغبەت سىگنالى، ئۇ بىزنى مەنزىلىمىزگە يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

70

سەن ئۆزۈڭنى قوغدىيالمىغاندا ھېچكىمنى قوغدىيالمايسەن.

71

سەن كۆڭۈل بۆلگەن نەرسىلەر، سەن قوغداۋاتقان نەرسىلەردۇر.

72

ھاياتلىق — ئىشق - مۇھەببەتنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت.

73

ھاياتلىق — قولۋاق. ئۆلۈم — خادا تاش، خادا تاشنى دېڭىز ئۆز ئېتىكىگە يوشۇرۇپ تۇرىدۇ.

74

ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئادەم ئەڭ بۇرۇن تىز پۈكىدۇ.

75

بىز قۇشلاردا ئارزۇ يوق دېيەلمەيمىز، قەپەستىكى قۇشنىڭ كۆكسىنى ياغاچ چىۋىقلارغا ئۇرۇشىمۇ ئارزۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

76

ھەقىقەتتە بۈيۈك مۇھەببەت ۋە ئىززەت - ھۆرمەت بار، ھەقىقەتتە كۈچلۈك نەپرەت ۋە مىسلىسىز كۈلپەت بار.

77

پادىشاھ ياكى دانىشمەن بىزنىڭ ئىشەنچىمىز بولالمىغاندا، زامان ۋە ماكان قىيامەت ئىچىدە قالىدۇ.

78

بەزى ئادەملەردە ئۆچمەنلىك كەيپىياتى تۇغۇلغاندا جانلىنىدۇ، ئۆچ ئالغاندا قورقمايدۇ، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بولسا قورقۇنچىدا قالىدۇ.

79

«مەن ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قوييەن» دەيدىغان ئارزۇدا بولغان كىشىلەر ئاسان مەغلۇپ بولىدۇ.

80

بىزنىڭ ئەقىدىمىز — بايلىق بولغاندا ئۇنىڭغا ئېرىشمەي قالمايمىز.

81

ھايات — دەبدەبە بىلەن جار سېلىپ كەلگىنى بىلەن، ئۆلۈم سۈكۈت ئىچىدە كېلىدۇ.

82

شۈبھىسىزكى، سەن ئۆزۈڭگە زىيان كەلتۈرسەن، بۇ باشقىلارغا زىيان كەلتۈرگىنىڭنىڭ مىسالى.

83

ئىنسان تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى، تەگرى شۇنداق ئىزنا

قىلغان؛ ئىنسان تەدرىجىي ئارقىغا ماڭىدۇ، ئەگەر شۇنداق ئىنزىنا قىلىشى مۇمكىن.

84

بۇزۇقچىلىق چېكىگە يەتكەن زېمىندا ئىنسان نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدە گەپ يوق.

85

ھەقىقەتتىن تۈزۈلگەن قانۇننى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

86

زالىملارنىڭ تۈرلۈك ھۇجۇملىرى پەقەت ئېتىقاد قورغىنىنىلا بۇزالمايدۇ.

87

ئالىيجاناب ئەخلاق ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى قوغداشتىن باشلىنىدۇ.

88

ئىنتايىن گۈزەل مەقسەت — ئىنسانىيەتنىڭ جەننەتنى ئۇچۇن كۆرەش قىلىش يولىدىكى مەقسەتتۇر.

89

سىزنىڭ ۋەھىمىنى يېڭىش ئۇسۇلىڭىز، ئۇنىڭ سىز ئۇچۇن پايدىسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىزدە.

90

ھايات — ئۈزۈلمەس ئېقىن ، توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىپ

تۇرۇشى كېرەك.

91

مۇلايىملىقمۇ خەير ـ ئىھسان كاتېگورىيىسىگە ياتىدۇ.

92

ياخشى ئائىلە گۈزەل ساھىبجامالدۇر، ئۇنى ئەقىدە بىلەن سۆيۈش كېرەك.

93

سىز خاتىمە بەرگەن تۇرمۇشتا مۇھەببەت ۋە ھەسرەتمۇ بولمايدۇ.

94

ئەقىل پۇت ـ قولغا مۇراجىئەت قىلىۋىدى، ئۇلار مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ئۇلار تولىمۇ بىخۇدلاشقان ئىدى.

95

بالىلار — ئاق قەغەز، مۇھىت ۋە شارائىتلار ئۇلارنى باشقا رەڭگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ.

96

بىز قارا بولۇشنى خالىمىساقلا، بىزنى ھېچكىم قارا قىلالمايدۇ.

97

ھايات — پۇرسەتتۇر، بىز بۇ بىباھا پۇرسەتتىن مىسلىسىز مۆجىزىلەرگە ئېرىشمەي قالمايمىز.

98

كەيپىيات ئەقىلنىڭ قوماندانلىقىدىن ئايرىلغاندا، كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر سادىر بولۇشى مۇمكىن.

99

بىزنىڭ پۇت ـ قولىمىزغا ۋە ئەقلىمىزگە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە — ئېتىقاد.

100

سەن ئېرىشمىگەن ھەم كۆرمىگەن شەيئى ھەققىدە ماھىيەتلىك پىكىر قىلالمايسەن.

101

ئېتىقادنىڭ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ فورمۇلىسى.

102

سەن بەزىدە ئېتىلغان توزغاقتەك بولۇپ كېتىسەن، بۇ ئۆزۈڭنى پەقەت تۇتۇۋالالمىغان چېغىڭدۇر.

103

سوئال — ئەقىلنىڭ ئاچقۇچى، لېكىن سوئالنىڭ ئۆزى ئەقىل ئەمەس، ئۇ پەقەتلا ۋاستە.

104

بىز قولدىن بەرمىگەن پۇرسەتنىڭ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت.

105

گۈزەل ئەخلاق ئىشلىرىمىزغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەرمەي قالمايدۇ.

106

قىلىۋاتقان ئىش ــ ھەرىكەتلىرىمىز ھەققىدە ئويلىنىش بىزگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.

107

ئەمەلدە كۆرستەلمەسلىك ئىرادە ياكى ئېتىقادنىڭ ئاجىزلىقىدىندۇر.

108

كۆپچىلىك مەدھىيىلىمىگەن ۋە قىزغىن بولمىغان ھاياتنىڭ تەمى بولمايدۇ.

109

قوغلاپ ئېرىشكەن نەرسە مېڭىپ ئېرىشكەن نەرسىدىن ئەۋزەل بولۇشى مۇمكىن.

110

ھەرقانداق ئايال ئەرگە باب كېلىدۇ. ئەر ئۇنىڭغا باب كەلسىلا.

111

باللاردا بۇيۇك خەير ــ ئېھسان بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ شوخ تەبەسسۇمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

112

ئىرادە ئۆز ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان يەردە خۇشاللىق بولمايدۇ.

113

يېڭى ئىدىيە دېگەن ھەقىقەتتىن تۇغۇلغان مەسىلە.

114

ناخشا ـ مۇزىكا ئويغاتقان خەلقتىن ئۇلۇغۋار خىزمەتلەرنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

115

سېنىڭ قەلبىڭ مۇھەببەت بوستانى، ھەقىقەت گۈلىستانى بولغاندا سەن ھەقىقىي ئىنسانلىق قىممىتىڭنى بىلىپ يېتىسەن.

116

سازدىن سادا چىقمايدۇ ئەمەس، گەپ ئادەمدە، گەپ ئۇنى چېلىشتا، قانداق چېلىشتا...

117

ھەقىقەتچى ئۆزىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ.

118

ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇدۇر.

119

مەن ئۆزۈمنى ھەر كۈنى بىر رەت كېزىپ چىقىمەن، مېنىڭ ئالىمىم شۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

120

سېنىڭ بىردىنبىر ئۇلۇغ سانايدىغىنىڭ ھايات بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى تەر ئاققۇزۇشتا.

121

ئىنسان كىيىم - كېچەكنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ۋەز - نەسىھەتنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

122

كىشىلەر خوشال بولغان چاغلىرىدا ۋەز - نەسىھەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ.

123

ئەقىدە ئەھلى ئۆلۈمنى ئەڭ توغرا رەۋىشتە قوبۇل قىلىدۇ.

124

ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىشمۇ كاتتا ئىبادەتلەرنىڭ بىرى.

125

شېئىردا ھېكمەت بولسا، ئۇ ھەممىنىڭ ئورتاق مۈلكى بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



126

ئادەمنىڭ ئۆزى تۇرمۇش، ئۇنىڭ ئىچىدە قايغۇمۇ، خۇشاللىقمۇ بار.

127

پاك مۇھەببەت، تەۋرەنمەس ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد غەمكىن قەلبلەرگە ئۈمىد بېغىشلىماي قالمايدۇ.

128

بىز يالغۇز قالغان چېغىمىزدا ئېيتقان ناخشىمىز — مۇھەببەت ناخشىسى.

129

قەلب زېمىنغا ئوخشايدۇ، بىز ئۇنىڭغا نېمە تېرىساق شۇنى ئالىمىز.

130

بىز سەرسان ۋە سەرگەردان بولماي تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ۋە بەختىمىزنى تونۇپ يەتمەيمىز.

131

ھاياتنى ياندا تۇرۇپ كۆزىتىدىغانلار، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. ھايات پەقەت ئۆزىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرغانلارنى سۆيىدۇ.

132

ھايات ـ باياۋان، سىز ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭ.

133

تۇرمۇش — ئىنتايىن گۈزەل بىر سىر، شۇ سەۋەبلىك ئۇنى ياخشى كۆرىمىز.

134

بەزىدە ئىشقى ـ مۇھەببەت باشتا شارابتەك سۈزۈك بولىدۇ، كېيىن بارا ـ بارا لېيىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

135

مۇھەببەتتە خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ بار. بىز قايسىسىنى خالىساق شۇنىڭغا ئېرىشەي قالمايمىز.

136

ھەسەتخورلار باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ.

137

سەن مەغلۇبىيىتىڭنىڭ ساڭا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقما، پەقەت ئىرادە، جاسارىتىڭنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىدىن قورق.

138

تۇغۇلۇش ئازاب ئەمەس، ياشلىق ۋە قېرىلىقمۇ ئازاب ئەمەس. شۇنداقلا ئۆلۈشمۇ ئازاب ئەمەس. . . سىزنىڭ ئازاب دەپ قارىغىنىڭىز جاپا ـ مۇشەققەت، ئەمما جاپا ـ مۇشەققەتلەر ھەرگىزمۇ ئازاب بولالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

139

سىزنىڭ ناچار خاراكتېرىڭىزدا، سىز دىققەت قىلىپ كۆزەتسىڭىزلا چېچەنلىك پەزىلىتىنى بايقىيالايسىز.

140

بىر ياخشى ئائىلىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىغا ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتلىك خاراكتېرىنى بەخش ئېتىشى بىر ھېكمەتتۇر.

141

مەيلى باياۋاندا بول ياكى گۈلشەندە بول، قەتئىي ئۆزۈڭگە ئىشىنىشىڭ كېرەك. مانا بۇ ئىرادە.

142

كۈچ ـ قۇدرىتى بولمىغان سۆزلەر ھەرگىز ھېكمەت ئەمەس.

143

تەبىئەت — مول ھېكمەتتۇر، بىز ئىزدەپ يۈرگەن نەرسىلەر دەل ئاشۇ ھېكمەتلەر خەزىنىسىدە.

144

بەزىلەر نەسىھەتتىن قاچىدۇ، بۇ ھەقىقەتتىن قاچقانلىق بولىدۇ.

145

سىز يولدىن ئاداشقاندا، نەسىھەت ۋە مەسلىھەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقىڭىزغا پۇشايمان قىلماي قالمايسىز.

146

بىزنى مەغلۇپ قىلغان جاي، بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشمۇ مۇمكىن.

147

بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزگە ئۇزلۇكسىز يېقىلغۇ بېرىپ تۇرمىغىنىمىزدا بارا ـ بارا ئۆچۈپ قېلىشىمىزدا گەپ يوق.

148

سىز تىرىشىپ ئىزدىنىشىڭىزلا يوقىلىپ كەتكەن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىسىز. ئۇنىڭ ئىچىدە ئېتىقادمۇ بار.

149

سەن ماشىنا بولۇپ قالغاندا سېنى باشقىلار كونترول قىلىدۇ، ئازاب دېگەن مانا مۇشۇ.

150

بىرەر ھېكمەتنىڭ مەقسىتى سىزگە يول كۆرسىتىش، سىزنى ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان قىلىش.

151

باشقىلارغا شاپائەت قىلىشنىڭ ئۆزى — ئىنسانپەرۋەرلىك.

152

بازار ـ رەستىلەردە ئەڭ كۈچلۈك چۇقان سالغانلار قانداقمۇ ناتىقلاردىن بولالىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

153

تەبەسسۇم بىلەن سۆز قىلىمىغان ئادەمنىڭ سۆزلىرىدە گۈزەللىك بولمايدۇ.

154

كۆز ئالدىمىزدىكى يول بىزنى «دەرھال ھەرىكەت قىل» دەپ شىۋىرلاپ تۇرىدۇ، ئەمما بىز بۇ شىۋىرلاشلارغا ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمەيمىز.

155

سېنىڭ ئەركىن ئىشلىشىڭگە توسقۇن بولىدىغان كۈچلا بولىدىكەن، ئۇ شەكسىزكى، سېنىڭ دۈشمىنىڭ.

156

تۇرمۇشتا سىز قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆپ، ئەمما بۇ ئۇلۇغۋار غەلىبىلەرگە كىرمەيدۇ.

157

كىشىلەرگە بىھاجەت سۆزلەردە قىممەت بولمايدۇ.

158

بۈيۈك ھەقىقەت بىلەن قورااللانماي تۇرۇپ غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىمەن دەپ خام خىيال قىلما.

159

باشقىلارنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەر قىلىشقا كۆندۈرەلىگەن

كارۋان بېشىدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكىلى بولىدۇ.

160

سېنىڭ ھەرىكىتىڭ ياكى مىجەز - كەيپىياتىڭنىڭ تەسىر كۈچى بولمىسا ھېچكىم تونۇمايدۇ.

161

سەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكەندە سېنى دۇنيا ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ.

162

ھاياتنىڭ يادروسى — ئېتىقاد.

163

ئەقىللىق مەسلىھەتچى داڭلىق دانىشمەندۇر.

164

ياخشى كىشىلەر بىلەن چىقىشالمايدىغان ئادەمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەخلاقىدا چوقۇم نۇقسان بار.

165

ئىقتىدار — ئەڭگۈشتەردۇر. ئۇ بۇگۈن چاك - چېكىدىن بۆسۈپ كەتكەن ئەڭگۈشتەردۇر.

166

سەن يېتەكچى ياكى ئەگەشكۈچى بول، ھەرگىز ئوتتۇرىسىدىكى بولۇپ قالما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

167

نارازىلىق بارا ـ بارا قارشىلىققا ئايلىنىدۇ.

168

بىز كۆپ ھاللاردا بىخەستەلىكتە ئېيتقان سۆزىمىزنىڭ خاتالىقىدىن زىيان تارتىمىز.

169

بىزنىڭ باراۋەرلىكىمىز — ئېتىقادىمىزدا، ئىمانىمىزدا، ئەخلاقىمىزدا.

170

ياخشى خىيال — ھېكمەتتۇر.

171

ھەقىقەتچىنىڭ يۈكىنى تەگرى يەڭگىللىتىپ تۇرىدۇ.

172

نادانلارنىڭ دۇشمىنى بار، ئۇ دانىشمەنلەردۇر.

173

ياخشىلىق مۇلايىملىقتىن سۆزگە، سۆزدىن ھەرىكەتكە ئايلانغاندا ئەڭ مۇكەممەللىشىدۇ.

174

سەن باشقىلاردىن ئۆزۈڭنى ئۇستۈن كۆرمىسەڭلا، سېنى ھېچكىم تۆۋەن كۆرمەيدۇ.

175

سەن سۆيگەن ئادىمىڭنى ھەرگىز ئۇنتالمايسەن.

176

نىشانسىز ھەرىكەت، ئەرزىمەس گەپ ـ سۆزلەردە خەيرىيەت بولمايدۇ.

177

ھەق ـ ناھەق ئوتتۇرىغا چىقمىسا، بىز ئۇلارنى پەرق ئېتىپ بولالمايمىز.

178

نادانلار ۋە پاسىقلار سۆھبىتىدە خەيرىيەت يوق.

179

دانىشمەن ۋە ئۆلىمالارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولغان ئەلنىڭ خەلقىنى ھېچكىم ھالاك قىلالمايدۇ.

180

قۇشلار سۆز قىلالمايدۇ، ئەمما ناخشا ئېيتالايدۇ.

181

قەدىر ـ قىممەت ھايادۇر. قەدىر ـ قىممەت ئەخلاق ـ پەزىلەتتۇر.

www.uyghurkitap.com

182

سۈكۈت بىلەن باشقىلارنىڭ ياخشى سۆزلىرىنى تىڭشاش ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدۇر.

183

ھەرقانداق بىر ئايال بەخت ئىلىپ كېلەلمەيدۇ، پەقەت لەززەت ئىلىپ كېلەلەيدۇ.

184

باشقىلار ئاسانلىقچە چېقىلالمايدىغان كىشىلەر تەقۋادار كىشىلەردۇر.

185

ھەسەتخورنىڭ ئىبادىتى ئەرزىمەس ئىس - تۈتەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

186

پەزىلەتلىك ئاياللار ئۆز قەلبىدىكى سىرنى باشقىلارغا ئاشكارىلىمايدۇ.

187

ياخشى سۆز — سەپسەتە ئەمەس.

188

ھايات ئىبادەت بىلەن كۆكىرىدۇ، ئىبادەت بىلەن ياشىرىدۇ، ئىبادەت بىلەن پىشىپ يېتىلىدۇ.

189

ھاياتنىڭ ئۆزى ئازاب، ئازاب — پەلسەپەدۇر.

190

سىزگە ئەڭ كۆپ خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغىنى سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز.

191

مۆرىۋەت ئىگىلىرى چىراغ كۆتۈرۈپ ماڭغان ئەزىمەتلەردۇر.

192

ھايات ھەقىقىدىكى ئويلىنىش، ھەقىقەت ھەقىقىدىكى ئويلىنىش بولۇشى كېرەك.

193

ئەڭ ياخشى ئادەم ياخشى كىشىلەر ئارىسىدا ياشايدىغان ئادەمدۇر.

194

سۆيۈملۈك بولغان ئادەم كىشىلەر قەلبىگە كىرگەن ئادەمدۇر.

195

يامان خۇيمۇ رەزىللىككە ياتىدۇ.

196

بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا قاراڭغۇلۇقمۇ، يورۇقلۇقمۇ بار، يورۇقلۇق گۈزەللىكتۇر، قاراڭغۇلۇق — رەزىللىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# تەنها يۇلتۇز

1

دۇنيا بىر چۈشتۇر، هايات بىر چۈشتۇر.

2

تەدبىرسىز ئادەملەر ئۆلۈمنى قارشىلىقسىزلا قوبۇل قىلىدۇ.

3

هېكمەت — ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ شىپالىق دورىسى.

4

تارىخ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى مەڭگۈ يوشۇرۇپ بولالمايدۇ.

5

ئۆلار تۇرۇپ – تۇرۇپ هايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ دەل ئۆلارنىڭ ئادەملىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ۋاقتىدۇر.

6

ۋەتەن مۇھەببىتى يوق خەلق هالاك بولماي قالمايدۇ.

7

ئۇۋىسىز قالغان قۇش، ۋەيران بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

8

غەيرەت ـ شىجائەت قەلبىمىزدە تۇغۇلىدۇ، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە بىلىملىرىمىز ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدۇ.

9

بىزنىڭ ئەگەشكەن ئادىمىمىزگە قاراپ كىشىلەر بىزگە توغرا باھا بېرىدۇ.

10

ھەققانىيەت تۇيغۇسىدىكى كىشىگە ھەققانىيەت تۇيغۇسىدىكى كىشىلەر ئەگىشىدۇ.

11

دېلىغۇل بولغان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، يېڭى بىر خاتالىقتىن قۇتۇلۇشتۇر.

12

مەيلى تۇرمۇش، مەيلى باشقا جەھەتتىن بولسۇن، مەغلۇپ بولغۇچىلارنى كىشىلەر بىر قاراپلا ھېس قىلالايدۇ، چۈنكى كۆپ ساندىكى مەغلۇپ بولغۇچىلار غېرىبلىشىپ قالىدۇ.

13

سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ئۈمىد شامى ئۆچكەندە، ھايات سىز ئۈچۈن ۋەھىمىگە چۆمگەن زۇلمەتلىك كېچە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

14

ھەقىقەتكە ئىنتىلمەسلىكتىن باشقا يەنە بىر تراگېدىيە بولمىسا كېرەك.

15

دۇنيادىكى ئەڭ ئاجىز كىشىلەرلا، خىيالىي چۈش تۇمانلىرى بىلەن غەم ـ قايغۇ بۇلۇتلىرى ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.

16

ھەرقانداق ئادەم ئۆز ھاياتىنى ئۇزارتالايدۇ، بۇنىڭ بىردىنبىر يولى — ئېتىقاد، ئېتىقاد يەنە ئېتىقاد.

17

ئۆزىمىز ھېس قىلغان ھەم تونۇغان گۇناھلىرىمىز مەغپىرەت قىلىنىشى مۇمكىن.

18

ئۆلۈم — كۆپلىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى باشتا ئېلىپ كېتىدۇ، كېيىن روھىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ.

19

ئادەم ئۆلۈم ئالدىدا قىمىر قىلالمايدۇ، پەرياد چېكەلمەيدۇ.

20

روھ — قاناتتۇر، روھنىڭ سۇنۇشى قاناتنىڭ سۇنۇشىدۇر.

21

ھەقىقەت كۈيلەنگەن ناخشىلار جاسارەتنى ئاشۇرىدۇ، شىجائەتنى ئۇرغۇتىدۇ.

22

ئائىللىق نازاكىتى — ئەخلاق ـ پەزىلەت دىمەكتۇر.

23

جىمجىت ئاسمان بوشلۇقى، بىز ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، لېكىن بىز ئۇستىمىزدە بۇيۈك ئاسماننىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز.

24

سىز ھەقىقەت تېلىسكوپىنى كۆزىڭىزگە تۇتماي تۇرۇپ، تاڭنىڭ سۈزۈك پەردىسىنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسىز.

25

بوران — ئەركىنلىك ناخشىسى، قېنى كىم ئۇنى توسۇپ قالالايدۇ؟ يامغۇر — ئەركىنلىك سۈيى، قېنى كىم ئۇنى توختىتالايدۇ؟ تاڭ — نىجاتلىق قېنى. قېنى كىم ئۇنى زۇلمەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

26

قارار چىقىرىش تولىمۇ بۈيۈك ئىقتىدار، بىز ئۆز ئىشىمىزدىن قارار چىقىرالمىغاندا، شەكسىزكى مەغلۇپ بولماي قالمايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

27

مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلار ھەرگىزمۇ يېتەكچى بولالمايدۇ.

28

بىز ھېچقانداق يولىمىز قالمىغاندا ئىككىلىنىمىز، ئىككىلىنىش مۇتلەق ئۈمىدسىزلىنىش بولماي، ئويلىنىش بولۇشى كېرەك.

29

سۆيگىلى بولىدىغان قىز — مۇلايىم، راستچىل، سەممىي قىزدۇر.

30

باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېچكىم ئۆزىگە ئوزۇق ئىزدىمەيدۇ.

31

سەن تونۇغۇن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنى بۇگۈنمۇ، ئەتىمۇ ياخشى كۆرگىن. ساپ ئەقىدە دېگەن مانا شۇ.

32

دۇنيا دانالارنى ھايات چېغىدىمۇ، ئۆلگەندىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

33

بىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىك مۇھەببەتنى قۇچاقلىغاندا بەختلىك بولىمىز.

34

مۇھەببەتتە مۆجىزىلىك دارۋاز، سېھىرلىي كۈچ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان نۇر ۋە باھاردەك تىنىق بار، بىزنىڭ مۇھەببەتكە باغلىنىپ قېلىشىمىز شۇ ۋەجىدىن.

35

بىز ھاياتقا شۇبھە بىلەن قارىغاندا ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز.

36

ھەقىقەت ئۆزىنىڭ جازىبىدار چېھرى بىلەن سىزنى غەپلەتلەردىن خالاس قىلىدۇ.

37

ھەقىقەت تولىمۇ كەمتەر كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى «مەن ھەقىقەت» دەپ جار سېلىپ ئولتۇرمايدۇ.

38

گۈزەللىك ئۆزىگە قارىتا ئىنتىلىش قوزغىتالمىسا، ئۇ گۈزەللىك بولالمايدۇ.

39

بىز دانىشمەنلەرنىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئالىي پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىدىن مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇر بولاقلىرىنى كۆرىمىز.

40

بىز ئۆز قەلبىمىزدىكى ئازابنىمۇ، خۇشاللىقنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يوشۇرالمايمىز.

41

ھەقىقەت سېھرىي كۈچى بىلەن سىزنى نادانلىقتىن ئويغىتىدۇ، گۈزەللىكى بىلەن قەلبىڭىزنى يورۇتىدۇ، جاسارىتى بىلەن ۋۇجۇدىڭىزنى تاۋلايدۇ، پاكلىقى ۋە توغرىلىقى بىلەن ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ، ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بارلىق يامانلىقلاردىن ساقلايدۇ.

42

ھايات چىن ئەقىدە بىلەن سۆيۈلگەندە ئۇنىڭ بۈگۈنىمۇ، ئەتىسىمۇ باھار بولىدۇ.

43

مۇھەببەتتە گۈزەللىك بولغاندا، ئۇ ساپ بولىدۇ.

44

مۇھەببەت — بىر قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان گۈزەل تىراگېدىيە.

45

بىلىڭكى: يېگانە قەلبىمىزنى شېرىن تۈيغۇلارغا چۆمدۈرگەن، ياشلىق گۈللىرىمىزنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرغان جىمجىت كۆڭلىرىمىزگە لىرىكا بەخش ئەتكەن، شېرىن كېچىلىرىمىزگە خۇشاللىق بېغىشلىغان، مەپتۇنكارلىقى بىلەن بىزنى ئەسىر قىلغان، جەلپكارلىقى بىلەن ھوشسىزلاندۇرىدىغان نەرسە — مۇھەببەتتۇر.

46

قىزلارنىڭ قەلبىدىكى ھاياجانلىق ناخشا سادالىرى لەۋلىرىدىكى نازۇك شىۋىرلاشلارغا ئايلىنىش ئارقىلىق بىزنىڭ قەلب دۇنيارىمىزنى لەرزىگە سالىدۇ.

47

تەبىئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى تەپەككۇرنى، ئىدراكنى ئويغىتىدۇ؛ مۇھەببەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى ھېسسىياتنى، تۇيغۇنى ئويغىتىدۇ؛ كىتابنىڭ سەنئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى — ئىنسان پىكرىنى ئاچىدۇ.

48

بەختسىز ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرىغان ئەمەس.

49

بىزنىڭ قەلب سارىيىمىزغا بۆسۈپ كىرگەن قىز، بىزنىڭ بارلىق ھېس - تۇيغۇمىزنى ئىلكىگە ئالغان، ھېسسىياتىمىزنى ئىگىلىگەن پەرىشتە بولۇشى مۇمكىن ياكى ئازدۇرغۇچى شەيتان بولۇشى مۇمكىن.

50

بىز دوستلىرىمىزغا ھەقىقەتنىڭ ماھىيەتلىرىنى ئۇقتۇرغاندا ئۇلار بىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن.

51

بىزنىڭ ئىرادىمىز ۋە ئارزۇيىمىز بىزنى ئۆزىمىز سۆيگەن ساپ زېمىن قوينىغا ئېلىپ كىرىدۇ، ئەقىدە قىلغان پاك مۇھەببەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

52

گۇناھ باشقا نەرسە ئەمەس، پەرھىزلەرگە خىلاپلىق قىلىشتۇر.

53

ئەسلىمە ئازابلىق بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئىبرەت ۋە ھېكمەتتۇر.

54

گۈل — گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە شۇنداق مەپتۇن قىلىدۇ، ئەمما ئۇ شۇنداق تېز توزۇپ كېتىدۇ.

55

باتۇر، شىجائەتلىك كىشىلەرنىڭ قەبرىسى ئۇنتۇلغان ئەمەس، گەرچە ئۇلار ئۆلگەن بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى ھەرگىز ئۆلۈك دېمەيمىز.

56

بىز ئىنسانلىقىمىز بىلەن بۇ دۇنياغىمۇ، ئۇ دۇنياغىمۇ مەنسۇپتۇرمىز.

57

مەرمەر تاشتىن قىلىنغان قەبرە تېشى ئاستىدىكى قاراڭغۇ لەھەتتىكى ئادەم ھەقىقەتچى بولسىلا، ئۇ بىز بىلەن بىرگە ياشاۋېرىدۇ.

58

مەيلى پەيغەمبەر، مەيلى دانىشمەن ياكى پەيلاسوپ،

مۇتەپەككۇر بولسۇن، قارا يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھەممە سىرىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

59

ئېسىڭدە تۇت: بىزنى ئۆز ئۇستىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان قوڭۇر تۇپراق — ۋەتەندۇر. بىزنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىمىزغا شېرىن - شەربەتلىك مۇھەببىتىنى بېرىۋاتقان سۆيۈملۈك جانلار — بىزنىڭ خەلقىمىزدۇر.

60

بىز ئارزۇ - ئۈمىدىمىز كۆمۈۋېتىلگەندە ھالاك بولماي قالمايمىز.

61

ئېتىقادتىن تۇغۇلمىغان ئۈمىد - ئارزۇدا خەيرلىك يوق.

62

مەيلى قانداق زېمىن، قانداق مۇھىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېتىقاد ئىگىلىرىنىڭ غايىسى بەربات بولغان ئەمەس.

63

ئاياللارنىڭ كۆڭۈل شادلىقى ئۆچكەندە ئائىلىدە باھار بولمايدۇ.

64

ئىنسان ھاياتلىقىنى پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەت يېسە، ماماتلىقىنى قۇرت - قوڭغۇز، چۈمۈلىلەر يەيدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

65

تۆكۈلۈپ كەتكەن گۈل بەرگىلىرىدە چىرايلىق قىزلارنىڭ ئەلەملىك مۇھەببەت ناخشىسى بار، لېكىن بۇ يۇمران بەرگىلەردە يېشىل ئەقىدىلەرنىڭ شەبنەم تامچىلىرى يالتىراپ تۇرىدۇ.

66

ئىنسان ئۆزىگە كېسەللىك تەگكەندە ياكى بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققاندا ئاندىن ئەپسۇسلىنىدۇ.

67

ئەركىنلىكنىڭ يېقىملىق مەنزىرىلىرىنى، شاد - خۇراملىق ھالىتىنى شېرىن خىيال ئىچىدە ئەسلەپ ئولتۇرۇش — ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىك بولمايدۇ.

68

بىر ئادەم ئۆزىگە ئەركىن - ئادىل پوزىتسىيە تۇتمىغاندا، گەرچە ئەركىن بولسىمۇ، تەقىپ ئاستىدىكى كويىزا - كىشەنلىك ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ.

69

ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرى ۋە غەم - قايغۇلىرى بار، لېكىن بۇ مۇشەققەت ۋە غەم - قايغۇلار ئەزىمەتلەرنىڭ ئىرادە كۈچى ئالدىدىكى زۇمچەك - زۇمچەك دۆڭلۈكلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

70

ئائىلە گۈلىستان بولمىغاندا، بالىلار ھەسەل ھەرىسى

بولالمايدۇ.

71

ئەقىدە ئۈچۈن ئەقىدىنىڭ ئۆزى چىن دوستتۇر.

72

ھىدايەت — ئازغان بىر يۈرەكنىڭ ھىم يىپپىق تۈرغان دەرۋازىسىنى تولۇق ئېچىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن ئورۇق ئالغاندا، ئۇ ھەقىقەتنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدۇ.

73

ھەقىقەت سىزنى ئاسارەت ۋە زالالەتتىن ئازاد قىلىپ، سۆزلىيەلەيدىغان قىلىدۇ.

74

غالىبلارنى ئانا مۇھەببىتى، يەر ـ زېمىن مۇھەببىتى ۋە خەلق مۇھەببىتىلا يىغلىتالايدۇ.

75

كۆزلىرىنىڭ گۆھەرلىرىنى تاتىلاپ كۆرمەس قىلىپ قويسىمۇ، تىلىنى كېسىپ سۆزلىمەس قىلىپ قويسىمۇ، پۇت ـ قولىنى ناكا قىلىپ ھەرىكەتتىن توختاتسىمۇ ھەقىقەتچىنىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

76

ئايالىڭىز — سىزنىڭ ئەڭ يېقىن مۇھەببىتىڭىز ھەم دوستىڭىز.

77

ئېتىقاد — يىغلاتمايدىغان روھ، ئۇ سىزنىڭ يۈز-كۆزلىرىڭىزنى ئاتىلاپ پەرياد سېلىشىڭىزنى، كۆز گۆھەرلىرىڭىزنى ئاققۇزۇپ ھەسرەت چېكىشىڭىزنى چەكلەيدۇ.

78

سىزنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىڭىز، نادامەتتە قايغۇرۇشىڭىز ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ غالىبلىقنى، جەڭگىۋارلىقنى شوئار قىلىدۇ.

79

ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن گۈگۈم ئالدىدىكى چىرايلىق بۇلۇتلار چىرايلىق گۈلشەنلەر ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، خىجىللىق ھېس قىلدى.

80

سەن سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەندە، زېرىكىش سېنى ھەر كۈنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

81

مۇھەببەت — بايلىق. ئۇ ئالىيجاناب، سەمىمىي، پاك يۈرەكلەرنىڭ قىممەتلىك بايلىقى.

82

مەھبۇس بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى، سەيلە - ساياھەت قىلغان باغلارنى، ۋۇجۇد - سىرلىرىنى ئىزھار قىلغان گۈللەرنى، ئىزگۈ

ناخشىلارنى سادالاتقان تىمتاس كېچىلەرنى ئېسىدىن ھەرگىز چىقىرالمايدۇ.

83

بىغەملىك — نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىغەملىكنى ئۆزلىرىگە ئارامگاھ قىلىۋالغانلار ئۇنىڭ قورۇپ كېتىۋاتقان يېشىل ئىستەكلىرىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيدۇ.

84

نادانلىق — بىزنىڭ مىسلىسىز كۈلپەتمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

85

ئىنسان ئۆز قەلبىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى قەيەردە بولسا ئۇنى شۇ يەرگە چاقىرىدۇ.

86

بۇيۇك مەقسەتنىڭ ئۆزى — ھەقىقەت.

87

بىزنىڭ خۇشاللىقتىن مەھرۇم بولغان چېغىمىز، ئەسەبىيلەشكەن جاھىل بولغان چېغىمىزدۇر ياكى ئاسارەتتە قالغان چېغىمىزدۇر.

88

دۇنيادا بىخۇد، پەرۋاسىز ياشايدىغان خامۇش، بەڭۋاشلارنىڭ يولى — نادانلىق يولىنىڭ ئۆزىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىلى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

89

ئەقىللىق ئادەم نادانلىق ۋە بىخۇدلۇقنىڭ تېگى كۆرۈنمەس دەھشەتلىك ھاڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ياشايدۇ.

90

يۇمران گىياھ قۇياش نۇرى ئاستىدىكى ئەڭ ئاجىز جان ئىگىسى، لېكىن ئۇنىڭ جىسمىغا ئاجايىپ يارقىن گۈزەللىك ۋە كۈچ - قۇدرەت يوشۇرۇنغان.

91

سىز ئىككى ئىدىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغاندا پۈتۈنلەي گۇمران بولىسىز.

92

يەر يۈزىدىن مىدىرلىمىغان روھتا تەپەككۇر بولمايدۇ ۋە ئەركىنلىكمۇ بولمايدۇ.

93

ھەقىقەتكە ھەقىقەت يولىدا ئەرزىيەت چەككەن ئادەم ئەڭ توغرا تەبىر بېرەلەيدۇ.

94

كائىنات ۋە گۈزەل ئاسمان، ئۈزۈپ يۈرگەن دېڭىز - ئوكيان، ئۇيناپ يۈرگەن يېشىل ئورمان ۋە گۈزەل يايلاقلار بىزگە ھاياتلىقنىڭ گۈزەل قىسىملىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

95

غەم ـ قايغۇ بىزنىڭ بىر قانىتىمىز، ئۇ گاھىدا بىزنىڭ پەرۋاز قىلىشىمىزغا مىسلىسىز ياردەمدە بولىدۇ.

96

ھەقىقەتنىڭ بۇركۇت قانىتىدەك كۈچلۈك قوللىرى بار، قورام تاشلاردەك مۇستەھكەم يۈرىكى بار، گىگانىت تاغلاردەك تەۋرەنمەس گەۋدىسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# غېرىبلىق ئىزتىراپلىرى

1

قېرىلار ياشلىق دەۋرىدىكى سىرلىق كەچۈرمىشلەرنى ئىشتىياق بىلەن ئەسلەيدۇ، بۇ خىل ئەسلىمىلەر ئۇلاردا هاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

2

قەلب هارارەتلىك بولسا، مۇھەببەتمۇ، ئەخلاقمۇ هارارەتلىك بولىدۇ.

3

يامغۇر بۇلۇتلىرىنىڭ قەلبى مۇھەببەت ئىگىلىرىنىڭ قەلبىگە ئوخشايدۇ، بۇلۇتلار زېمىنگە، مۇھەببەت ئىگىلىرى ئىنسانىيەتكە سۆيگۈ بېرىدۇ.

4

گۇناھكارلار ئۆزلىرىگە هەر ۋاقىت قاراڭغۇ دۇنيا ئىزدەيدۇ، گۇناھ ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىدۇر.

5

يارىماس كىشىلەرنىڭ دۇشمىنى هەم دوستىمۇ يوق بولۇشى مۇمكىن.

6

قوياش — كائىناتنىڭ مۇھەببىتى.

7

مۇھەببەتنىڭ لەززىتى جىنسىيەتتە، پەقەت ھالال جىنسىيەتتە.

8

كۆز ئالدىمىزدىكى بىپايان زېمىندا سەيلە قىلىش ئۈچۈن كۆز ئالدىمىزدىكى بىھېساب تىكەن ـ ئازغانلىرىنى ئېلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

9

ياشلىق — جۇشقۇنلۇقى، خۇشبۇي ھىدلىرى ، يېقىملىق تەبەسسۇمى ۋە جاسارىتى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ باغرىغا تەنتەكلىك يوشۇرۇنغان.

10

سىز بىراۋنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۆتۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ قالىسىز ياكى يەنە شۇ ۋاستە بىلەن ئويلىمىغان پالاكەتكە يولۇقۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

11

غېرىبلىق — بوراندا قالغان قۇشقا ئوخشايدۇ، قۇش ئۆز ئۇۋىسىغا ئالدىرىغاندەك غېرىب ئادەملەرمۇ ئاددىي بولسىمۇ ئۆز ئۇۋىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

12

بىز دوستلارغا زىنداندا ئۆتكەن كۈنلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنىمىزدە، ئۇلارغا زىنداننىڭ ئەقىللىق ئىنسان ئۈچۈن ياخشى بىر مەكتەپ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

13

باياۋان ئۆز ئېتىكىدىكى قۇرىغان بولاقتىن سورىدى: — سېنى كىم قۇرىتىۋەتتى؟

بولاق شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: — مېنى سېنىڭ دەھشىتىڭ قۇرىتىۋەتتى.

14

جىمجىت سەھرالاردا توقايلىقلار باغرىغا يوشۇرۇنغان پىنھان بولاقلار بار. ئەنە شۇ بولاقلار ساپ مۇھەببەتنىڭ بولاقلىرىدۇر.

15

خادا تاش دېڭىزدىن سورىدى: — ئەي دېڭىز، دولقۇنلىرىڭ نېمە دەيدۇ؟

دېڭىز شۇنداق دېدى: — دولقۇنلىرىم سېنى ھامان بىر كۈنى گۇمران قىلىمەن دەيدۇ.

خادا تاش غىم - قايغۇ ئىچىدە جىمجىت قالدى.

16

ساڭا تىكىلگەن كۆز بىر بولسا ئالۋاستىنىڭ كۆزى، بىر بولسا پەرىشتىنىڭ كۆزى.

17

سەن قاپقارا ياكى ئاپئاق چاچلىرىڭ ئاستىدىكى بېشىڭنى بارماقلىرىڭ ئاستىغا ئېلىپ ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلان، بۇ ئويلىنىش سېنى بىر خىل قايغۇدىن قۇتقۇزۇپ، يەنە بىر خىل شادلىققا مۇيەسسەر قىلىشى مۇمكىن.

18

ناكەسنىڭ بەرگىنى ئوغرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

19

بۈگۈنكى دۇنيا ئۆزىنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن ماختىنىپ يۈرگەن كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ.

20

بىزدە ھەقىقىي تونۇش قەلبى شەكىللەنگەندە كىشىلىك دۇنياغا باشقىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان بولىمىز.

21

سەن دەرد ـ ئەلەمدىن تىرىلگەندە، غەم ـ قايغۇدىن ئويغانغاندا، گۈل ۋە تىكەننى ئايرىپ قارىغاندا، نۇر ۋە سايىنى چۈشەنگەندە سېنىڭ ھاياتىڭ مىسلىسىز جەننەتنىڭ شادلىقىغا ئېرىشىدۇ،

22

ئىنسان كائىنات خەزىنىسىدىكى مىسلىسىز ئەڭگۈشتەردۇر.

www.uyghurkitap.com

23

بىز زالىمنىڭ ۋەھشىي ئاۋازىنى ئاڭلايمىزيۇ، ئۇنىڭ تۆمۈردەك بارماقلىرىنىڭ يۈرەكلەرنى تىنىمسىز مۇجۇۋاتقانلىقىنى ئانچە سېزىپ كەتمەيمىز.

24

ئەخلاق — ھاياتنىڭ يورۇقلۇقىدۇر.

25

خىيالچان قىزلاردا كۈچلۈك مۇھەببەت ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلار ئالدىنىپ قالىدۇ.

26

ھاياتنىڭ قاتتىقلىقى يوقسۇزلۇقتا ئەمەس، قۇللۇقتا.

27

ئايال تەڭرىنىڭ ئەرلەر ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىدىن ئەۋەتكەن ئاق كېيىملىك پەرىشتىسى، لېكىن بىزنىڭ كۆپلىرىمىز، ئۇ گۈزەلنى ئەسلىي پېتى ساقلاپ بولالماي تەڭرى غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىمىز.

28

بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىمىز پەقەت شەخسىيىتىمىز ئۈچۈنلا بولغاندا، بىز تاغ تىزمىلىرى ئاستىدىكى پىنھان كۆلچەكلەرگە ئوخشاپ قالىمىز.

29

ئىنسان — كائىنات كىتابىنىڭ بىر ۋاراقچىسى، ئۇنىڭ قۇرلىرى ئاجايىپ گۈزەل قىسسەلەر بىلەن يېزىلغان، ئاجايىپ ھېكمەتلەر بىلەن بېزەلگەن.

30

ھايات چېكىم - چېكىم سەر خىل گۈللەردىن توقۇلغان كەشتە.

31

بىر نىيەتتىكى دىلداش دوستلار ئەقىل - ئىدراك ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر.

32

ھاشاراتلارنىڭ يېقىمسىز چىرىلداشلىرى ھەرگىز ناخشا بولالمايدۇ، ھاماقەتلەرنىڭ پاراڭلىرىدا ھېكمەت بولمايدۇ.

33

بىز ئاڭلاشنى خالىساق، بۇيۇك تاغلار بىزگە جىمجىت ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ.

34

ھۆرلۈك بىزنىڭ سەيلىگاھىمىز، بىزنىڭ بارلىق غەم - قايغۇمىز ئۇنىڭ ئىللىق قۇچىقىغا ئىنتىلمەسلىكىمىزدىن.

35

سېنىڭ مىجەز - خاراكتېرىڭ سەن بۇ دۇنياغا كەلگەندە سېنىڭ

روھىڭ بىلەن بىللە شەكىللىنىدۇ، ئۇ ساڭا خۇشاللىق ۋە ناخۇشلۇقنى بېرىدۇ ـ دە، يەنە سېنىڭ بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ.

36

بىز قەيەرگە بارايلى، ئۆزىمىزگە ياخشى دوست تاپالىساقلا خارلىق بىزنى ئىلكىگە ئالالمايدۇ.

37

قورقۇنچاقلىق — غېرىب ـ مىسكىنلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

38

ھەقىقەت ۋە گۈزەللىك بىزنىڭ گۇناھ، زالالەتكە بولغان ۋۇجۇدىمىزدىكى بارلىق قىزىقىش ۋە ئىنتىلىشلەرنى بوغىدۇ.

39

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەركىنلىك يولىغا بېغىشلاشقا غالىب روھى، كۈچلۈك شىجائىتى بولمىسا ۋە بۇ يولدا مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ، قولنى ـ قولغا باغلىغان، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتىكى دوستلىرى بولمىسا، ئۇنىڭ بۇ يولدىكى كۈرىشى ئۇزۇن داۋاملاشماسلىقى مۇمكىن.

40

غەم ـ قايغۇنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇملىرى پەقەت ئاجىزلارنىلا ھالاك قىلىدۇ.

41

بىز چۈشكۈنلەشكەندە، ئۈمىدسىزلەنگەندە ھايات بىزگە قەپەس

www.uyghurkitap.com

بولۇپ كۆرۈندۇ.

42

ھەقىقەت يولىدا ماڭغانلارنى ھېچكىم ھالاك قىلالمايدۇ.

43

بىز بىراۋنىڭ نۇرلۇق ياكى خۇنۇك كۆزلىرى ئارقىلىق بىزگە قاراپ ئاۋازسىز سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىمىز، لېكىن شۇ سۆزلەر ئۇرغۇپ چىققان قەلب بۇلاقلىرىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيمىز.

44

قەلبىمىزدىكى تىمتاس دۇنيا ئۆزىنىڭ خىلمۇخىل ئاۋازلىرىنى زېمىن ۋە ئادەملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

45

ھايات بىز ئۇچۇن كۇندە كۆرۈۋېرىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر پارچە ئەسكى كىتاب بولۇپ قالغاندا، ئۇ تولىمۇ مەنىسىز بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

46

ھەقىقەت شۇنداق نەرسە، ئۇ زۇلۇمغا زۇلۇم بىلەن، گۈزەللىككە گۈزەللىك بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

47

غۇرۇر سىزنىڭ ئەينىكىڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

48

مۇھەببەت يۈز كۆرۈشۈشتىن باشلىنىدۇ، روھىي ئۇچرىشىش ئارقىلىق باغلىنىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ.

49

مەن ئوتلۇق مۇھەببەت، كۈچلۈك ھەۋەس ۋە شىجائىتىم بىلەن تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىمەن، بۇ مېنىڭ بۈيۈك ھەقىقەتكە قاراپ قەدەم ئېلىشىمدۇر.

50

بەزى ئادەمنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى «تەۋرات »مۇ، «ئىنجىلمۇ» ، «قۇرئان» مۇ، ھەتتا ھېكمەتلىك دەستۇرلارمۇ يېپىپ قالالمايدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك بولغۇچىلاردۇر.

51

ئاچ كۆزلۈك — دۇنيادىكى بارلىق شۇملۇقلارنىڭ مەنبەسى.

52

ھايۋانلارنىڭ قاسساپنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تۇرۇشى ئەلۋەتتە بىر خىل ئاجىزلىقتۇر.

نىجاسەت مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن بەدەننى، كىيىم ـ كېچەكنى بۇلغىماي قالمايدۇ.

53

سىز ھەقىقەتلەر ھەققىدە قانچىكى كۆپ سۆزلىسىڭىز، ئۇنىڭ

سىز تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىشى شۇنچە تېز بولۇشى مۇمكىن.

54

سىز ئېھتىرام بىلدۈرگەن دوستلۇق، سىزگىمۇ ئېھتىرام بىلدۈرمەي قالمايدۇ.

55

بۆرىنىڭ قوي سىياقىغا كۆرۈنۈشىگە كىرىۋېلىشى ھىيلە ـ مىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

56

بارلىق يامانلىقلار بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن قەلبتە بىرەر پارچە ياخشىلىقنى ئىزدەپ تاپماقمۇ تەس.

57

سۇرلۇك ئوقۇغان نىكاھ ھېكمەتلىرى سەن بىلەن بىر قىزنى بىر زەنجىرگە باغلاپ قويىدۇ. بۇ مۇھەببەت ئەمەس ۋاستە، قائىدە ـ يوسۇندىن ئىبارەت. بۇ قائىدە ـ يوسۇن يا مۇھەببەتنى تۇغىدۇ، ياكى قايغۇنى تېرىيدۇ.

58

سىزنىڭ قەلبىڭىز قاراڭغۇ لەھەت كەبى بولغاندا، ئۇ لەھەتتىن چىققىدىغان ئىبارىلەرمۇ قارا ۋە قاراڭغۇ بولىدۇ.

59

سىز پىچىرلاپ سۆزلىگەن مۇدھىش كۇلپەتلەر سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە ئاۋازلىق يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

60

كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان پەزىلەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈك — ھاقارەتلەرگە سۈكۈت قىلىدىغان ئىرادىسىز پەزىلەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈكتۇر.

61

زاماننى ساختا دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئادەمنى ساختا ئەمەس دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

62

شۆھرەت ئەبەدىل سىر بولالمايدۇ، گەرچە ئۇ نىقابلىق بولسىمۇ.

63

ھەقىقەت سىر بولۇپ قالغاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقەت بولمايدۇ.

64

پاقا ئاشۇ كوركىراشلىرى بىلەن باشقا ھايۋانلارغا بىر گۈزەل ناخشىچى سىياقىدا كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنارمىش.

65

ئېھتىيات ۋە ھوشيارلىق سىزنى قۇتقۇزىدۇ.

66

دۈشمەنلەر ئالدىدا يۇمشاق، ھاقارەتلەر ئالدىدا مۇلايىم، ساختىلىقلار ئالدىدا قارىغۇ، تىل - دەشنام ئالدىدا گاچا،

نەپسانىيەتچىلەر ئالدىدا كەمتەر بولۇش، بۇ ھەرگىزمۇ ئادىمىلىك ئەمەس.

67

بىز كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ياۋۇز ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىدىكەنمىز، بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىز، كۈچ ـ قۇدرىتىمىز، ئەقىل ـ پاراستىمىز پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بولىدۇ.

68

ھاياتلىقتا ئۆلۈك قەلب ۋە ھايات قەلب بولىدۇ.

69

ھەقىقەتچى ئۆز ئېتىقادىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنىدۇ.

70

جاراھەتلىق سۆزلىرى بىلەن بىراۋ ئۆزىنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايى قىلمىشلىرىنى يېپىشى مۇمكىن، ئەمما ھەرگىزمۇ يوشۇرۇپ بولالمايدۇ.

71

بىزنىڭ سېغىنىش ئوتلىرىمىز، ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشمىگۈچە بېسىقمايدۇ.

72

تىز پۈكمەسلىك ئۈچۈن جاسارەتمۇ، غۇرۇرمۇ، ئېتىقاد ـ ئىمانمۇ بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

73

بىز بىر قىزنى چىن ئىخلاس، پاك ئەقىدىمىز بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمىزدا، دۇنيادا ئاشۇ قىزغا ئوخشاش يەنە بىر قىزنىڭمۇ بارلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز.

74

بىز كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان بايلىقىمىزدىن پەخىرلىنىپ يۈرگىنىمىزدە، تېز ھالاك بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

75

بىرمۇ جان ئىگىسىگە ئۇۋال قىلمايدىغان ئادەمدە ئۇلۇغ ئېتىقاد، بۈيۈك ئەخلاق، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت بار بولغان بولىدۇ.

76

سىز كەمتەر بولغاندا، كەمتەرلىكىڭىز كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ؛ سىز جەسۇر ۋە باتۇر بولغاندا، جەسۇرلۇقىڭىز ۋە باتۇرلۇقىڭىزمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ.

77

ھوقۇق — ئۇلۇغ نەرسە، پەقەت ئادالەتپەرۋەرلەر ئۈچۈن شۇنداق.

78

سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىردىنبىر ياخشى ئادەم دەپ بىل ۋە ئەمەل قىل.

79

سىز ئۆز ئانىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىك، نازاكەت ۋە شەرم ـ ھايالارنى تونۇپ يەتكەندىلا، ئانىڭىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق باغچىسىغا ئاپىرىن ئېيتىمىز.

80

ھايات بولسىلا ھېساب ئەمەس، ھاياتتا جان بولۇشى كېرەك، جان دېمەكلىك جاسارەت دېمەكلىك.

81

ئۆتمۈشنى ئادىل ئەسلىيەلىگەن ھاياتتا بۈگۈن ۋە ئەتىگە بولغان تولۇپ ـ تاشقان قىزغىن ئىشەنچ يېنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uygurkitap.com

# مارجان ئارال

1

ھەقىقەت دىلدا تۇغۇلىدۇ، تىلدا تامىدۇ، ھەرىكەتتە كۆچىيىدۇ، مەقسەتتە كۈچلىنىدۇ.

2

گۈزەللىك — ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق يېقىملىق ئاۋازلىرىنى ۋە نازاكەتلىك ئېسىل ئەخلاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاجايىپ بىر يېپيېڭى دۇنيادۇر.

3

كائىناتنىڭ تۇرغۇن ھالەتتىكى جىمجىتلىقى چىرايلىق بىر ساھىبجامالنىڭ سۈكۈتكە چۆمگەن ھالىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

4

ئىنسان بىلىمنىڭ كۈچى بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ، ئەخلاق پەزىلەت بىلەن كەمتەر بولىدۇ، گۈزەللىك بىلەن يېقىملىق تەييارلايدۇ، ھەقىقەت بىلەن مەقسەتكە يېتىدۇ.

5

قىزلارنىڭ روھىي دۇنياسى گۈزەللىكنى ئەڭ ماھىيەتلىك چۈشىنىدۇ.

گۈزەللىك ياكى رەزىللىك بولسۇن، ھەقىقەت ياكى قاباھەت

بولسۇن، بىز بىزگە تەسىر كۆرسەتكەن نەرسىنى ئۇنتۇلۇپ قالمايمىز.

6

ساپ مۇھەببەت بىلەن ئۇزۇقلىنىپ تۇرغان يۈرەك ھەقىقەت ئۈچۈن سوقۇشى مۇمكىن.

7

غېرىب زېمىننىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان دەرد ـ ئەلەم پىشىپ يېتىلگەندە چۇقانغا ئايلىنىدۇ.

8

تىنچلىقتا ھەقىقەتمۇ، گۈزەللىكمۇ بار، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى مۇشۇ خىل تىنچلىق.

9

گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر ھايۋاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

10

مۇھەببەت ساداقەت قەسىرىنىڭ تۈۋرۈكى، سائادەت بېغىنىڭ گۈلى، خۇشاللىق بۇلىقىنىڭ سۈپسۈزۈك تامچىلىرى، بەخت قەسىرىنىڭ نۇرلۇق چىرىغى.

11

باللارنىڭ يۇمران قەلبىدە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ساپلىقى ۋە گۈزەللىكى يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

12

گۈزەللىك بىلەن چىقىشالمايدىغان تەرغىبات ، ساختا تەرغىباتتۇر.

13

بالىلارغا دانىشمەنلەر ھەققىدىكى پاراڭلارنى قىلىپ بەرگىنىمىز، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىمىزدۇر.

14

بىزدىكى ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا سوزۇلغان سۆكۈتمۇ بىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

15

قۇشلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەللىكنى ھەقىقىي كۈيلىيەلەيدىغان ئەڭ ياخشى غەزەلخان.

16

تىكەن ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، گۈلنى قوغداپ قالالمايدۇ.

17

ئانا سۈتىگە جاۋاب قايتۇرالمايدىغان ئادەم ۋەتەن - ئەل ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس .

18

مەززىسى يوق ناخشا خەلقنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى

سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

19

چۇمۇلىدە بىر خىل جاسارەت، غالىبلىق بار. ئۇ جېنىغا قارىغاندا تېز ماڭىدۇ. ئۇستىخىنىغا قارىغاندا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭالايدۇ. بۇ كونا ھەم مەڭگۈ يېڭى گەپ!

20

ھەقىقەت قېرىمايدۇ، ئۇ پەقەت يالغان بولمىسىلا.

21

شېئىرغا ھەقىقەت نۇرلىرى سىڭگەندە، ئۇنىڭ جەلپكارلىقى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

22

بىزنى ياشاشقا ئۈندەۋاتقان نەرسە بايلىق، مال ـ دۇنيا بولغان بولسا بىز پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بولىمىز.

23

بىز ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ دوستى دەپ قارىغاندا، پەزىلەتكە يېقىنلاشقان بولىمىز.

24

كىشىلەر ئاسان زېرىكىپ كەتمەيدىغان تەلىمات قىسقا ھەم مېغىزلىق تەلىماتلاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

25

بىراۋنىڭ ئىشى توغرا بولسىلا، ئۇ ھەققەتە گەپ قىلىشنىڭ، قىلچە ھاجىتى يوق.

26

ھەقىقەتچىنى ئېھتىرام بىلەن سۆيەلەيدىغان ئادەممۇ ھەقىقەتچىدۇر.

27

ھەقىقەتنىڭ ۋەزىپىسى — جامائەتنى ئادالەتكە چاقىرىش، يامان، گۇناھ ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش، مەڭگۈلۈك راھەتتىن، ئەبەدىيلىك بەختتىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتۇر.

28

سېپىلنى بۇزۇۋەتكىلى بولىدۇ، تامنىمۇ بۇزۇۋەتكىلى بولىدۇ، ئەمما تاغنى ئۆرۈۋەتكىلى بولمايدۇ، ئېتىقاد ئەنە شۇنداق تاغدەك بولۇشى كېرەك.

29

بۈگۈنكى ھاياتنى ئەتە ياسىغىلى بولمايدۇ.

30

پاراسەت — بىر دەرەختۇر، بۇ دەرەخ بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان مېۋىلەرنى بېرىدۇ.

31

بىزنىڭ بارلىق ئوي - پىكرىمىز ھەقىقەتكە مەركەزلەشكەندە

ئۇنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن بولىمىز.

32

ئەڭ كۈچلۈك قورالمۇ ئېتىقادلىق ئەلنى بويسۇندۇرالمايدۇ، قورالسىزمۇ ئېتىقادسىز ئەلنى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ.

33

ھاياتتا ئۆلۈمنىڭ بولغانلىقى ئۇنى كىشىلەرگە سۆيۈملۈك قىلىپ كۆرسەتكەن.

34

غەزەل ۋىسال ئىلھامىدىنمۇ، ئازاب بورانلىرىدىنمۇ تۇغۇلىدۇ.

35

دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك ئادەم سىزنىڭ بىر قىسمىڭىز بولغان دۈشمىنىڭىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئادەمدۇر.

36

بىزنىڭ سۆزلىرىمىز قەلب ئاسمىنىمىزدا پەرۋاز قىلغان قۇشلىرىمىزدۇر.

37

سىزنىڭ يۈكۈڭنى بىردىنبىر ئۆز زىممىسىدە كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغان ئادەم پەقەتلا سەن.

38

دۇنيا ئەبەدىلىئەبەد تاشلىۋەتمەيدىغان ئادەم ھەقىقەت ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

گۈزەللىك كۆيچىسىدۇر.

39

سىز بىلىم ئىگىلەش بىلەنلا ھەقىقەتچى بولۇپ كەتكەن بولمايسىز، ھەقىقەت — ئېتىقادتا.

40

ئەڭ كۈچلۈك تەۋرەنمەس ئىرادە — ئېتىقادتا، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بۈيۈككى، ئۇنىڭ يىلتىزى — ھەقىقەت.

41

سىز ئەڭ رەزىل - پەسكەش دېگەن ئادەمنىڭ قولىدىنمۇ ياخشىلىق كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى تەڭرىنىڭ قولىدا بولغان بولىدۇ.

42

شېئىردا گۈزەللىك بار، بىزنىڭ شېئىرنى ياقتۇرۇشىمىز گۈزەللىكنى سۆيۈشىمىزدۇر.

43

ھەقىقەت بەدىلى، بىزنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك ھەقىقىي بەدىلىمىزدۇر.

44

ئەڭ نەپىس ھەم چىرايلىق نەرسە شېئىرغا ئوخشايدۇ.

45

تەبىئەتنىڭ قەلب يارىسى بار، بۇ قەلب يارا ئىنساننىڭ قەلب يارىسىدۇر.

46

ئۆز گۈللىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ زېمىنىدا ئەڭ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ.

47

قولىمىزدىكى كالتەك قاتتىق بولمىسا، ئالدىمىزدىكى ئىتنى ئۇرۇپ قوغلىۋېتەلمەيمىز.

48

ئىچىنىشلىق تەقدىردە مۇھەببەت ۋە نەپرەت بولىدۇ.

49

قۇشلار ئاسماندا جەۋلان قىلغاندا، ئاسمان قۇشلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

50

قۇياشنىڭ ھاياتى شۇنداق، ئۇ ئەبەدىل پارلاپ تۇرىدۇ.

51

سەن چۈشەنمەيدىغان ناخشا سېنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئەبەدىل ئويغۇتالمايدۇ.

52

روھى تېنىدىن چىقىپ كەتكەن تىرىك ئادەمدە ھاياتتىكى بارلىق كېرەكلىك نەرسىلەر يوقالغان بولىدۇ.

53

گۈزەللىك — يۈرەكنى سېھىرلىگۈچى تەبەسسۇم ۋە ياش.

54

بىز مىنىپ كېلىۋاتقان ئات بىز بىخۇدلاشقاندىلا بىزنى ئوقۇرغا ئېلىپ بارىدۇ.

55

شېئىردىكى گۈزەللىك قەلبىنىڭ ناخشىسىدۇر. قەلبىدىكى گۈزەللىك ھاياتنىڭ ناخشىسىدۇر.

56

قاغىنىڭ پوق يېيىشى ھەرگىزمۇ ئەقلىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، پەقەت تەبىئىتىدىن.

57

ھەقىقىي دانىشمەن ئۆز ئىلمىنى مەخپىي، پىنھان تۇتمايدۇ.

58

نۇر ۋە سايە ئاشىق - مەشۇقلاردىن، بۇلارنى بارلىق ھاياتلىق ياخشى كۆرمەي قالمايدۇ.

59

ھەقىقەتنىڭ سايىسى بولمايدۇ.

60

مۇھەببەت قىتئەنى قىتئەگە، ئېرىقنى ئېرىققا، مىللەتنى مىللەتكە، ئىنساننى گۈزەللىككە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

61

مەيلى تۇرمۇش، مەيلى ھايات، مەيلى شەيئى ياكى مەيلى ئادەم، مەيلى ھايۋان بولسۇن، چۈشىنىش بولمىغاندا مەغلۇبىيەت بولىدۇ.

62

ئاسماننىڭ جىمجىت كۆيىنى قۇشلارنىڭ قەلبىي بىلەن تىڭشىغىنىمدا، قەلبىمنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن بۇلاقلىرىدىن ئاجايىپ گۈزەل يېڭى لىرىكىلار ئۈنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

63

بىز ھەربىر گۈزەللىك بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ ئېتىكىدىن يېڭى - يېڭى مەنىلەرنى تاپماي قالمايمىز.

64

كۆچلۈك دەۋەت — يېڭى ھاياتنى بەرپا قىلىدۇ.

65

ساپ ھېسسىياتىمىز بىلەن يېقىنلاشقان مۇھەببەتتە گۈزەللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بار.

66

ھەقىقەتنىڭ قەلبى بىلەن قامىتى ئوخشاش بولىدۇ.

67

بالىلار ئوماقلىقى بىلەن مۇزىكىغا ئوخشاش يېقىملىق كېلىدۇ.

68

ئۇلۇغ ئېتىقاد — گۇناھقا يول قويمايدۇ.

69

بۈيۈك ئېتىقاد — ئىنسانىيەت قانۇنلىرىنى رەت قىلىدۇ، ئەنئەنىلەرگە بويسۇنمايدۇ، تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك - تۈمەن ئەقىدىلىرىنى چەتكە قاقىدۇ.

70

پاك ۋە سەمىمىي قىزلارنى پەقەت ساپ مۇھەببەت بىلەن چۈشەنگىلى بولىدۇ.

71

پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان قىزلار ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئۇزۇن كىتابقا ئوخشايدۇ.

72

كۆپچىلىك كىشىلەر ئاچ قالغاندا خاتالىشىپ قالىدۇ.

73

ئەخلاق ۋە ئىماندىن ئاجرىغان تەڭداشسىز گۈزەل قىزلارمۇ بەختسىز بولىدۇ.

74

سېنىڭ يۈرەك تارىلىرىڭدىن چىققان مۇڭلۇق سادا مېنىڭ قەلب سازىمدىن تۆكۈلگەن ئىزگۇ سادالار بىلەن بىرلەشمىگۈچە ئۇ بىر پۈتۈن ساداغا ئايلىنالمايدۇ.

75

تېز ھەم ئالدىراپ قىلغان ئىشتا خەيرلىك يوق ياكى ئاز بولىدۇ.

76

دەريالار شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى بىلەن قانلىق زېمىننىڭ يۈرەك ـ باغرىنى سۆيۈپ، مۇڭلۇق ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، بۇ زېمىننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

77

تالاي كىشىلەر ھەقىقەتكە ئاجايىپ ئېسىل تەدبىرلەرنى بېرىپ كەلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ تىللىرى، دىللىرى ھەقىقەت ھەققىدە سۆزلەشتىن قورقتى.

78

روھىنى سۆيۈندۈرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ھەم ئازابلايدىغان نەرسە — مۇھەببەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

79

ھەرقانداق رەزىللىك ھەقىقەت ئالدىدا تىڭشىرقايدۇ.

80

سىزنىڭ ئىچكى قىياپىتىڭىز نۇرلانمىسا، تاشقى قىياپىتىڭىزنىڭ نۇرلىنىشىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

81

شىپىتلەر — ھەقىقەت نۇرى بىلەن بېزەلگەن بۈيۈك ئادەملەردۇر.

82

ئىنسانلاردىكى روھىي ئۇچرىشىش ئۇلارنى دوست قىلىدۇ، ئەمما ئازابقا سالمايمۇ قالمايدۇ.

83

مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم، ئەڭ گۈزەل ئايال — ئايالىم؛ ئەڭ نازاكەتلىك، شەرمى - ھايا ساھىبى قىزىمدۇر. ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىم ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتتەك مۇقەددەستۇر.

84

تۇرمە — كىشىگە بۇرۇن ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل ھېس - تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، بۇ يېڭى تۇيغۇ، يېڭى ھادىسە. ئەمما بۇ خىل تۇيغۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كونا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

85

قەلبلەردىكى يوشۇرۇن ئېقىم بىر بولسا گۈزەللىك، يەنە بىر بولسا رەزىللىك.

86

ھەقىقىي گۈزەللىكتە سەممىيلىك، مۇلايىملىق ۋە ئەخلاقنىڭ ھىماتچىلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ.

87

بىز مۇھەببەت دەپ ئاتىغان نەرسىنىڭ ئۆزى بارلىق ئازابلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكىدۇر.

88

روھ ھېلى سايىگە، ھېلى نۇرغا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ماھىيەتلەر ئەنە شۇنداق پەيتلەردە ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

89

مۇھەببەت سىزنى ئۆز ئىلكىگە پۈتۈنلەي ئالغاندا سىز تۇرمۇشتىكى پەرىشانلىقنى، ھاياتتىكى تېگىرقاشلارنى شۇنداق تېزلىكتە ئۇنتۇپ كېتىسىز.

90

ھەرقانداق دىنىي ئەقىدىلەر ئەركىن مۇھەببەت ئىستەكلىرىگە يول قويغان ئەمەس، ئەمما ئەركىن نىكاھ بۇنىڭ سىرتىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

91

نادانلار كەلگۈسى كۈنلىرىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.

92

چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر سالقىن تاڭ شامىلىنىڭ جۇش ئۇرۇشلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ.

93

سەن ئەڭ چىرايلىق، ياۋاش دېگەن بۆرىمۇ قوي بىلەن دوستلىشالمايدۇ.

94

دانالارنىڭ ھايات ھەققىدىكى ھېكايىلىرى ئەۋلادلارنىڭ يول بەلگىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

95

بىز دۇنيا يوللىرىدا مېڭىپ بېقىپ، يۈگۈرۈپ بېقىپ، گاھىدا ئۇچۇپ بېقىپ، مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا غايىب بولىمىز.

96

جىمجىت ئېقىنلار سۇلغۇن لەۋلىرىنى ئۆزىگە مەيۈس قاراپ تۇرغان، ساھىبلارنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە توختىماي ياقاتتى، بۇ يۈكسەك ئەقىدە پاك مۇھەببەتنىڭ كۈچى بولسا كېرەك.

97

پەيلاسوپنىڭ ناخشىسى ئىنسانىيەتنىڭ كۆز يېشىدىن

مىسرالانغان.

98

قىزلارنىڭ ياشلىق ئەسلىمىلىرى ياشلار بېسىپ كېتىۋاتقان ئېگىز - پەس يوللارنىڭ دەل ئۆزى.

99

قىزلار يۇمران ئوت - چۆپلەرنى، سەر خىل گۈللەرنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاجىز، ئۇلار باھاردا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. قىزلارنىڭ تەبىئىتىدىكى نازاكەت ۋە ئاجىزلىق ئاشۇ يۇمران گۈللەرنىڭ ئاجىزلىقى ۋە نازاكىتىدۇر.

100

بىز ئۆز - ئۆزىمىزنى ئالدىغىنىمىزدا، دۇنيا بىزگە لەنەت كۆزى بىلەن قارايدۇ؛ بىز ئۆز - ئۆزىمىزنى سۆيگەندە، دۇنيا بىزنى ياخشى كۆرۈپ، سۆيۈپ قالىدۇ.

101

دانالار دۇنيا يوللىرىغا ئالتۇن ئىزلارنى سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن ، زامان ۋە ماكانىنىڭ مەككارلىرى ئۇنى ھەسرەت، پىتنە ئەخلەتلىرى بىلەن كۆمۈپ ئۆتىدۇ.

102

مېنىڭچە، گۈزەللىك ھەقىقەتنىڭ ياردىمى بىلەن قەلبنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان مۇھەببەت ۋە ئەقىدىدۇر.

www.uyghurkitap.com

103

بىز قاناتلىرىمىزنى ھەرقانچە كەرسەكمۇ تولىمۇ يىراقتا قالغان ياشلىق بوستانىمىزغا ئۇچۇپ بارالمايمىز، قاناتلىرىمىزنى كەرمىسەكمۇ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ماكانغا ئۈن - تىنسىز يېتىپ بارىمىز.

104

سىز قىز ۋۇجۇدىدىن سېزىپ قالغان نەرسە دەل مۇھەببەتتۇر.

105

مۇھەببەت ئۆز ۋۇجۇدىمىز ۋە قولىمىزدىكى بارلىق نەرسىمىزنى ياخشى كۆرگەن كىشىمىزگە ھەدىيە قىلغۇزۇۋېتىدۇ.

106

ھەقىقەت سۇدەك، ھاۋادەك ۋە ئاش - ناندەك مۇھىم، ئەمما ئۇ سۇ، ھاۋا، ئاش، نان ئەمەس.

107

بالىلار ئۆز قەلبىنى ھەرگىز نىقابلاپ بولالمايدۇ.

108

بالىلار ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن سەممىي ۋە بېرىلىپ پاراڭلىشىشلىرىدىن خۇشاللىق تاپىدۇ.

109

ئەگەر جەننەت ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم

ھەقىقەت.

110

سېنىڭ جەننىتىڭ ۋە بوستانىڭ ئۆز قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر ئاراشلىرىدا.

111

ئەر ـ ئاياللىقتا مەڭگۈلۈك شېرىن مەسئۇلىيەت بولمىسا، ئائىلە بەختتىن ئايرىلغان بولىدۇ.

112

ئادەمنىڭ سايىسىمۇ دەرەخ سايىسى كەبى باشقىلارغا خۇشاللىق بېرەلەيدۇ.

113

سەن گۇناھتىن يىراقلاشساڭ، ياخشىلىقتا ئىرشىمەي قالمايسەن؛ ياخشىلىقتىن يىراقلاشساڭ، گۇناھقا پاتماي قالمايسەن.

114

بىز نادان ۋە ئەخمەق بولغاندا ئۆز سايىمىزدىن قالتىس ھۈزۈرلىنىمىز.

115

ئەجىرسىز، مېھنەتسىز ئىزدىگەن ھۆرىيەت،
مەيلى يەر، مەيلى كۆك، تېپىلماس ئەبەد.

116

مەن ئىچ ئاغرىتقان ئادەملىرىم ئىچىدە ھۆرۈنلار، تەييارتاپلار

ۋە ئەزمىلەر بار.

117

قولىدىكى ئاددىي ياغاچ پىچىقى بىلەن يولۋاس ئوۋلايمەن دېگەن ئادەم نېمىدېگەن جاسارەتلىك ئادەم ـ ھە!

118

ساداقەتنى ئۆز ھاياتىنىڭ ئەخلاقى قىلغان ئادەم خار بولمايدۇ.

119

يالغان ۋەدە ھاماقەت ئادەملەرنى ئەڭ ئاسان ئالداپ كېتەلەيدۇ.

120

سەن ئۆز دۈشمىنىڭنىڭ ۋۇجۇدىدا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئۆچمەنلىكنى تەبەسسۇملۇق چىھرى ۋە لەۋلىرىدىن بايقىيالمىغىنىڭدا، مەڭگۈلۈك دوزاخقا مەھكۇم بولغىنىڭ بولغان. تەڭرى بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا لەنەت قىلماي قالمايدۇ.

121

سىز كېسەللەرگە ئىچ ئاغرىتقاندا ئۆزىڭىزگىمۇ ئىچ ئاغرىتىڭ، چۈنكى سىزمۇ بىر كېسەل.

122

بوشاڭ كۆڭۈلدە مۇھەببەت بولمايدۇ.

123

تاپالمىساق ھاياتتىن ئەقىل، ئادەم بولمايمىز ياشىساقمۇ مىڭ

يىل!

124

سەن ھاياتقا كەيىنكىنى قىلغان چېغىڭدا ئۇ ساڭا بارلىق كۆلپەتلىرىنى ياغدۇرماي قالمايدۇ.

125

ھەقىقەت كىشىلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، چۈنكى ھەقىقەتنىڭ ئۆزى كۈچ ـ قۇۋۋەت.

126

ساخاۋەتلىك ناتىق تەمەسىز كېلىدۇ.

127

ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ياۋۇزلۇقنى چۈشىنىپ يەتكەن ئادەم مەڭگۈلۈك بەختكە يېقىنلاشقان ئادەمدۇر.

128

مېنى ساڭا سادىق قىلغان نەرسە — راستچىللىق، مەن ئەنە شۇنى سۆيىمەن.

129

ئارزۇ ـ ئىستەكسىز دانىشمەننىڭ جەننىتى بولمايدۇ.

130

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز ۋىجدانى، غۇرۇرى ئاجىز كىشىگە ئەمەس، تېنى ئاجىز كىشىلەرگە كۆپرەك ئىچ ئاغرىتىمىز.

131

ئۆلۈم — ئارزۇ ـ تىلىكىگە يەتكەن كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئەگىپ يۈرۈيدۇ.

132

قەلبىڭىز ئاجىز بولسا، قىلغان ئەمەللىرىڭىزمۇ ئاجىز بولىدۇ.

133

پۇچەك شېئىرلار ئېتىقادسىز شائىرنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

134

كەمتەرلىك سېنىڭ يېپىنچاڭ بولغاندا، بۇ خىل گۈزەل يېپىنچا سېنى كىشىلەرگە تولىمۇ چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

135

گۈزەللىك سەنئەتكارنىڭ ئىلھام بۇلىقى، سۇپسۇزۇك سۇلىرى ھەم ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ئەڭ ياخشى يېقىلغۇسىدۇر.

136

قۇرۇق ئېمىزگۈ ئالدىيالىغان بوۋاق مەڭگۈ بوۋاق ئەمەس، قۇرۇق ئېمىزگۈ ئالدىيالىغان چوڭ ئادەم چوڭ ئەمەس .

137

مېڭىپ كېتىۋاتقانلاردىن ئېشىپ كېتىش غەلىبە ئەمەس، يۈگۈرۈپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلاردىن ئۆتۈپ كېتىش مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

138

ئۆزىنى تولىمۇ تەقۋادار كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ئادەملەر ئەڭ بىچارە ئادەملەردۇر.

139

سىزنىڭ پۇت ـ قولىڭىز بار، كۆز ـ قۇلىقىڭىزمۇ بار. ئەمما، سىز باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قەدەم باسىسىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىزدىن ئەيىسۇسلانامسىز؟

140

قىزغىن ھەم چوڭقۇر مۇھەببەتتە مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ.

141

ئۆز دوستىمىزغا قىلغان ھەدىيىمىز — بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز، دوستىمىزغا قىلغان سەدىقىمىز — بىزنىڭ نەپرىتىمىز.

142

ئاددىي كىشى بولساڭمۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلىك بول، ئاجىز بولساڭمۇ شۇ ئارزۇلىرىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىل، بۇ نان قېپى، تەييارتاپ ئالدامچىلاردىن كۆپ ياخشى.

143

ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار دۇنياغا ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلىنغان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

144

بىزنىڭ روھىمىز قارا بوراندەك كۈچلۈك بولغاندا، كۈتكەن ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىز ئۆز جامالىنى كۆرسىتىدۇ.

145

بەزى ئادەملەر قايمۇققاندا، ئەقلىدىن ئازغاندا ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ.

146

بىز ئۆز ھاياتىمىزنى تىنىمسىز سۆيۈپ ياشايمىز.

147

مۇھەببەت بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە تونۇشتۇرىدىغان ھەم ئۇچراشتۇرىدىغان يول.

148

ئەركىنلىك گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان بوستاندا گۈزەللىك جۇلا چاچىدۇ.

# قۇياش نۇرى

بەس ـ مۇنازىرە بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەت بولمايدۇ.

1

ھاياتلىق يولىدىكى كۆڭۈلسىزلىك ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

2

بەزى شېئىر كۆز يېشىنى پەسەيتىشى مۇمكىن، لېكىن قەلبنى خاتىرجەم قىلالمايدۇ.

3

قوي بىلەن بۆرە ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ دوستلۇق بولمايدۇ.

4

ھەرقانداق بىر شاش ھايۋاننى باشقۇرغىلى بولىدۇيۇ، تەرسا ئادەمنى باشقۇرماق تەس.

5

رەقىبلەر بىلەن پۇتۇنلەي چەك ـ چېگرىنى ئايرىپ ياشىشىمىز بىزنىڭ ئەڭ چوڭ خىسلىتىمىزدۇر.

www.uyghurkitap.com

6

تەرسا ئادەمنىڭ قۇلىقى گاس، كۆزى كور، تىلى قوپال بولىدۇ. ئۇلار يول يۈرگەندە نىشان بەلگىلىمەيدۇ.

7

ھەقىقەتكە تولغان جەمئىيەتمۇ بىر بۈيۈك ھەقىقەتتۇر.

8

ئىرادىمىز بوشاپ كەتكەندە، ئېغىزىمىزنىڭ ئىشىكى داغدام ئېچىلىپ كېتىدۇ.

9

سىز ئۆز ھاياتىڭىزنى تىرىك دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭدىن چوقۇم گۆھەر قازالايسىز؛ سىز ھاياتىڭىزنى ئۆلۈك دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايسىز.

10

ساختا ئادەملەر بازارلىق ماللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا تېز قىزىقىدۇ، تېز سەسكىنىدۇ.

11

يىلان – چايانلارمۇ ئۆزلىرىنى ئالىيجاناب ھېسابلايدۇ.

12

قايسى تەرەپكە ماڭسىڭىز يول تاپالايسىز، مۇھىمى نىشانىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك.

13

ھەقىقەتتە غوۋغا بولمايدۇ، پەقەت سادا بولىدۇ.

14

كىشىلەرنى رازى قىلغان خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى باشقىلار سۆيۈپ قالىدۇ.

15

سىز كەمتەر بولغاندا سەۋەنلىكلىرىڭىزدىن خىجىل بولۇپ قالىسىز، بۇمۇ قالتىس ئەخلاقتۇر.

16

بىز كىشىلەرگە يوچۇن، سىرلىق كۆرۈنگەندە، كىشىلەر بىزدىن گۇمانلىنىدۇ.

17

دوستلىرىنىڭ ئالدىدا مەغرۇر، مەردانە سۆزلەپ، دۈشمەنلەر ئالدىدا كېكەچلىنىپ سۆزلەيدىغان كىشىلەر نېمىدېگەن بىچارە ئادەملەر ـ ھە!

18

ئىنساپەرۋەرلىك ئۇلۇغ ئادالەت. بىزنىڭ قەلبىمىز بالىلارنىڭ قەلبى بولغاندا قەلبىمىز بۇ خىل ئادالەتنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئېتىقاد تىنىقى

1

غوۋغاسى كۆپ ئىشتا ئۇنۇم بولمايدۇ.

2

تەقىب ئاستىدىكى مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇلغان ئادەم ئىچى - ئىچىدىن قايناپ تۇرغان نارازىلىقنى زورىغا بېسىۋېلىپ چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە پۇچۇلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بويسۇنغانلىقى ئەمەس.

3

سىز باشقىلاردىن بىراۋنىڭ قوپال، نەپسانىيەتچى ۋە ئەخلاقىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا سۈكۈت قىلىڭ، بۇ خىل كەيپىيات سىزگە پايدىلىق بولۇپ قالىدۇ.

4

مۇدھىش تۆھمەتلەرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن ئامان قالغان ئالىيجاناب ئادەملەرنى ھېچقانداق كۈچ گۇمران قىلالمايدۇ. بۈيۈك ئالىيجانابلىقمۇ مۇستەھكەم كۈچتۇر.

5

نادان، ئەخمەق كىشىلەر ئالىيجاناب، يۈكسەك ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا كۆرسىتىۋاتقان ئەقىدىسىنى خۇشامەت دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ.

6

ئەيش ـ ئىشرەت مۇزىكىلىرى چۈشكۈنلۈك مۇزىكىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

7

ئەڭ ئاجىز ئېتىقادتىمۇ جان بولىدۇ.

8

بىزنىڭ ھەسرەتلىك قەلبىمىزنى ئۆزگىلەرنىڭ تەسەللىي چىرىغى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئىشەنچ شامى يورۇتالايدۇ.

9

دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ سان ـ ساناقسىز چىشلىرى بولغىنىدەك، نەپسانىيەتچى قارا كۆڭۈللەرنىڭمۇ سان ـ ساناقسىز چىشلىرى بولىدۇ.

10

يۈكسەك ئېتىقاد بولمىسا ئۆز پاكلىقىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالمىقىمىز تەس بولىدۇ.

11

ئەيش ـ ئىشرەت ئاسارەت ۋە زالالەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

12

سەن غالىب، كۈچلۈك بولغاندا ئايالىڭغا كۆز تەگمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

13

ئېتىقاد ۋە ئىمانىنىڭ كونتروللۇقىدىن بوشانغان ئايال ئەڭ بىچارە قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

14

شەھۋەتپەرەس شەرم - ھايا تونىنى كىيىۋالغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بۇزۇق ئەبلەختۇر.

15

بىخۇد، بىغەم ئەرلەر ئۆز ئايالىنى قېرىغاندا چۈشىنىدۇ.

16

سىز قانائەت قىلمىغان بايلىق سىزنى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

17

ئەخلاق - پەزىلىتى پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ئادەمدە ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ياخشى سۈپەتلەر يوقالغان بولىدۇ.

18

بەدەل تۆلەشنى خالىمىساق، كىشىلەرگە ھەقىقەتنى تونۇتالمايمىز. بەدەل — ئىنسانىي مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

19

بىر ئادەمنىڭ ماددىي بايلىقى ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلالىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ خىل ياشاش ئىنسانىي ياشاشتىن تولىمۇ يىراق بولغان ياشاشتۇر.

20

سەمىمىي، ئالىيجاناب كىشىلەرگە بىلىم ـ مەرىپەت يۇقىرى ئورۇن ئېلىپ كېلىدۇ؛ ساختا، مۇغەمبەر ئادەملەرگە مال ـ دۇنيا يۇقىرى ئورۇن ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بولىدۇ.

21

سىز قانائەت قىلغان شان ـ شۆھرەت ۋە ھوقۇق سىزنىڭ ئۆمرىڭىزنى ئۇزارتىدۇ.

22

ئېتىقادىغا دەز كەتكەن ئۆلىما ھەقىقەت يولىدىن بارا ـ بارا چەتنەپ كېتىدۇ.

23

زالىمغا ھوقۇق بېرىلگەندە، ئۇنىڭ يارىماس پەرزەنتىگە جان كىرىدۇ؛ ئۇ ھوقۇقتىن ئايرىلغاندا، ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىدىن قان كېتىدۇ.

24

بايلىق ۋارىسىنىڭمۇ، تەخت ۋارىسىنىڭمۇ نىيىتى دۇرۇس بولمايدۇ. ئېتىقاد، ئەخلاق ۋارىسىنىڭ نىيىتى گۈزەل بولىدۇ.

25

بارلىق مەخپىيەت تۈن پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. لېكىن، بۇ مەخپىيەتلەر تاڭ بىلەن تەڭ شەپەق نۇرلىرىدەك ئەتراپقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تارىلىشقا باشلايدۇ.

26

بالىلار ئۆز مەخپىيىتىنى دەۋەتىشكە ئالدىرايدۇ، قىزلارمۇ بالىلاردىن قېلىشمايدۇ.

27

بىز سىرلىق دەپ بىلگەن ئىشلار يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ، گۇناھ ئەنە شۇنداق سىرلىق نەرسە.

28

بىز خەلقئالەمگە يەتكۈزگەن يامان سۆز، يامان ئىشلار تۆپەيلى ئاخىرقى ھېسابتا كۆزگىمۇ، تىلغىمۇ ئېلىنماي قالىمىز.

29

گەرچە ھېچقانداق ۋارىسى بولمىسىمۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ مال - دۇنياسىغا ئاۋام خەلق ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ خىل ۋارىسلىق مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

30

ئەڭ سەممىي ئادەم — روھىنىڭ پاكلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

31

كەمبەغەللەرگە، يېتىم - يېسىرلارغا قىلىنىدىغان ساخاۋەت سورۇنلىرى ياكى مېيىپ - ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ھېسداشلىق قىلىش، خەيرىيەت يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىدىغانلاردىن رېستوران ئېچىش مۇراسىمى، يېڭى

باشلىققا تون يېپىش ئۇلتۇرۇشى، كارخانىچىنىڭ تۇغۇلغان كۈن سورۇنىغا قەدەم باسقانلارنى كۆپرەك ئۇچرىتىمىز. ئىنسان تەبىئىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

32

قەدىمكىلەرنىڭ «تامنىڭ قۇلىقى بار» دەپ بىزگە ئاگاھلاندۇرۇشى «تىلىڭنى يىغ!» دېگەن ھېكمەتلىك ئىبارە بولۇشى مۇمكىن.

33

پۇل ـ مال بىلەن تىكلىگەن ھەيكەلنىڭ جەلپكارلىقى بولمايدۇ.

34

سىز باش كۆتۈرگەندە ياكى مەغلۇپ بولۇپ بېشىڭىز تۆۋەنگە چۈشكەندە، كىشىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىگە ئايلىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

35

زامان بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەندە، ئوغرى ـ بۇلاڭچىلارغا قارىغاندا ھەقىقەتچى كوچا ـ كويلاردىكى غەيۋەتنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

36

سەن قەلبىدە مۇھەببەت بولمىغان ئادەمدىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن.

www.uyghurkitap.com

37

جاھاندىكى ھەممە بۈيۈك ئىمپېرىيىلەرنى نەيزە ـ قىلىچلار بىلەن ئېتىقاد قورالى پەيدا قىلغان.

38

سىزگە خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم ئەڭ بالدۇر سىزنىڭ دۇشمىنىڭىزگە ئايلىنىدۇ.

39

بىز كۈلدۈرەلىگەن ھايات بىزنىمۇ كۈلدۈرەلەيدۇ.

40

كىشىلەر ئاسان ئىشىنىپ قالىدىغان كىشىلەر «مۇلايىم» يالغانچىلاردۇر.

41

راستچىللىق ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بايلىق، مانا بۇنىڭ ئۆزى ئەخلاقتۇر.

42

مۇھەببەت ئوتىنىڭ ھارارىتى تەڭداشسىز بولىدۇ. ئۇ بىزنى ئۆزىگە قانداق مەپتۇن قىلغان بولسا يەنە شۇنداق بەزدۈرىدۇ.

43

ھايات — ئۆلۈم ئۈچۈن بىر ئويۇنچۇقتىن ئىبارەت.

44

زامان ۋە ماكاننىڭ بىمەنە غوۋغالىرىغا پەقەت ھەقىقەتچىلا قۇلاق يوپۇرۇپ تۇرالمايدۇ.

45

قەلبىمىزدىكى داغ مەڭزىمىزگە تەپمەي قالمايدۇ.

46

بۇ زېمىننىڭ خىزمەتكارى بولالىساق، ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ خىزمىتىمىزنى تاپقان بولىمىز.

47

ئەڭ كۈچلۈك قابىل ئادەم ئۆزىنى ئەلنىڭ خىزمەتكارى، دەپ بىلىدۇ.

48

سىزگە مەخپىي بولمىغان نەرسە باشقىلارغىمۇ مەخپىي ئەمەس.

49

ئۆز خەلقىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغان ھاكىمىيەتتە جان بولمايدۇ.

50

بىز بەزىدە باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىمىز دەپلا، كەينىدە قالىمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

51

بىز ئۆز مەيلىمىزگە قويۇۋەتكەن باللار ئاسان ئېزىپ كېتىدۇ.

52

ئەمگەك قىلماي ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت.

53

مېھنەتسىز كەلگەن تائاملار سىز ئۈچۈن زەھەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

54

يېتىم ـ مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى خورتىمۇېتىشتىن چوڭ گۇناھ يوق.

55

چەكسىز ئاسماندىكى پارقىراپ تۇرغان بىر تال يۇلتۇز سەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. لېكىن، سەن بۇنى ئەجەل قىستاپ كەلگەندە تاسادىپىيلىقتىن تونۇپ قالىسەن.

56

سىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلمىغاندا، كۆڭلىڭىز خاتىرجەم بولىدۇ.

57

سىز بىراۋنىڭ كۆز يېشىغا سەۋەبچى بولسىڭىز، بۇ سىزنىڭ

كەچۈرگۈسىز گۇناھىڭىز بولۇپ قالىدۇ.

58

بىزگە نېسىپ بولمايۋاتقان تۇرمۇشنىڭ يېقىملىق كۈيلىرىنى، بىز ئاڭلىغۇچان يوقتىسىپ قويغان ھاياتنىڭ گۈزەل ناخشىسىنى بىزگە ئاڭلاتقان، تونۇتقان، ئادەملەر نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئادەملەر — ھە!

59

قىزلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش قىزىلگۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەمگە ئوخشىمايدۇ.

60

شائىرنىڭ قەلب بۇلاقلىرىدىن تېشىپ چىققان كۆز يېشى زېمىننىڭ كۆز يېشى بولسا كېرەك.

61

تۇرمە مېنى ئىككىنچى قېتىم ھاياتقا ئېرىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رەقىبلىرىمنىڭ كۆلكە نىقابلىرىدا يوشۇرۇپ يۈرگەن ھىيلە — مىكرىنى خېلى تولۇق بايقىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

62

باشقىلارنىڭ خۇشىسىنى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەمدەك ئەخمەق ئادەم بولمىسا كېرەك.

63

بىر قىزنىڭ ئۆز ئاتىسىغا بولغان يۈكسەك مۇھەببىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جاھاندىكى ھەممە ئۇلۇغ نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

64

كۆز ياشلىرىمىز بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان كېچە ياكى كۈندۈزلىرىمىز بىزگە خەيرلىك ئېلىپ كەلمەيدۇ.

65

يارىلانغان يۈرەكتىن لىرىكىلىق پىكىر تۆكۈلىدۇ، ئۇ سۆزلەشكە باشلىغاندا، دۇنيا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق يوپۇرالمايدۇ.

66

قاراڭغۇ بىلەن يورۇقلۇق مەڭگۈ بىر - بىرىگە ئوخشاپ قالمايدۇ. بۇ ھەقىقەت بىلەن رەزىللىكنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغانلىقىنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشى.

67

ھاياتنىڭ ئاخىرقى مۇساپىسىگە يېتىپ بارغان قېرىلارنى سۆيۈش — ئەخلاق، ئۇلارغا مۇھەببەت بىلەن يېقىنلىشىش پەزىلەتتۇر.

68

بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئىللىق مەڭزىدە توختاپ قالغان بىر تامچە يېشى، ھەرقانچە باغرى تاش ئىنسان بالىسىغا تەسىر قىلماي قالمايدۇ.

69

ئاجىز بەندىلەردە مۇھەببەتمۇ، ساداقەتمۇ، ھەقىقەتمۇ، ھەتتا

كۆز ياشمۇ بولمايدۇ.

70

شېخىدىن ئايرىلغان گۈلدە گۈزەللىك سۈس بولىدۇ.

71

جىمجىت ماكاندىن چىقىپ پايانسىز دۇنيانىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتقان بىر بوۋاق ئۆزىنىڭ بۇ قىقاس ـ چۇقانلىق بازاردا نېمە قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

72

گۆرستاندا تەنها ئايلىنىپ يۈرگەن ئادەم هايات ھەققىدە توختىماي مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

73

دوستۇڭنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلار ساڭا ئايان بولغاندا، شۇبھىسىزكى، ئۇ سېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭغا ياكى رەقىبىڭگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

74

ئىنسان چىداپ بولالمىغان جىمجىتلىقتا مالاللىق بار.

75

ئىسراپخور ئادەم ئاشلىققا دەسسەپ تۇرغان ئادەمدۇر.

76

ئۆز يۇرتىمىز، تۇپرىقىمىزغا بولغان قىزغىن مېھىر ـ

مۇھەببىتىمىزنى نادانلىقىمىز، ئەخلاقسىزلىقىمىز، بىخۇدلۇقىمىز سۇسلاشتۇرىۋېتىدۇ.

77

زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن مۇھەببەت شېخىدىن ئۈزۈۋالغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

78

سەن ئۆز قولۇڭدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىگە داۋاملىق تەلمۈرگىنىڭدە ۋە ئۇنىڭ پەيدە بولغىنىڭدا، ئۇنىڭغا يەنە ئېرىشىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

79

سەن ياد ئەتمىگەن ياكى يات - يات يوقلاپ تۇرمىغاندا، سېنىڭ ئاتا - ئاناڭمۇ بارا - بارا يات ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ سېنىڭ ئۈچۈن ھاقارەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

80

تىرىك تۇرۇپلا ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئارزۇيى قورساق بېقىشتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

81

بىز توغرا يولىمىزدىن ئازغاندا بوراندا قالغان قامغاقتەك ئۆزىمىزنى ھەر يانغا ئۇرىمىز.

82

ساداقەت — مۇھەببەتنىڭ بىر تەرىپى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

83

چۈشەنگەن خەلق ئۈچۈن ھەقىقەت يولى بەخت يولىدۇر، ئېتىقاد بولسا ئەڭ ياخشى خەزىنىدۇر.

84

ھەقىقەتچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەم ئازغان، گۇمران بولغان ئادەمدۇر.

85

ۋاقىت ئېتىبارسىز قارالغاندا، ھاياتمۇ ئېتىبارسىز قارىلىدۇ.

86

ئۆز دىنىنىڭ نۇرلۇق يۈزىگە ئىسسىق مەغزىنى يېقىپ تۇرمىغان ئادەمدە ئۇنى قوغداش، ئاسراش، سۆيۈش ئىستىكى بولمايدۇ.

87

ئائىلىلىق پەزىلەتلىرى ئاتا ياكى ئانىلىق غۇرۇرىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ.

88

ھاياتنىڭ زالالەتلىك يوللىرىدا ئۆزىنى تونۇغان ئادەم ئەڭ ئەقىللىق ئادەمدۇر.

89

دۈشمەن دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالغاندا ھەر خىل ئۇسۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

90

سىزگە يىراق كۆرۈنگەن تاغ ئەسلى يېقىن، پەقەت ئۇنى ئىرادىسىزلىكىڭىز يىراق قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ.

91

مۇھەببەت — ئوت دېمەكتۇر. گەرچە ئۇ زىمىستان ئايازدا بىخلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەپتىدىن ئوت يالقۇنجاپ تۇرىدۇ.

92

كۈچلۈك ئېتىقاد ئىگىلىرىنىڭ يۈرىكىنى تەگرى ئۆز قولى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن بولىدۇ. ئۇلاردىكى دوستلۇق تولىمۇ مۇستەھكەم ھەم پاك.

93

ئاننىڭ قورسىقىدىكى ھايات يورۇق دۇنيانىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى بىلمىگەندەك، يورۇقلۇقتىكى ھايات قەبرە چوڭقۇرلۇقىدىكى ئىشلارنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

94

ھايۋاندىمۇ ئېتىقاد بولىدىكەن، ئۇ سۆيۈلمەي قالمايدۇ.

95

بىز ئۆزىمىز سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن، ھۆرمەتلىگەن ئادىمىمىزگە بەخت تىلەيمىز.

96

بەزى ئادەملەر قورققانلىقىدىن مەغرۇر بولۇۋالىدۇ.

97

سىزگە قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەن جاپا ـ مۇشەققەتلىك يول ھەقىقەت يولىدۇر.

98

بىر نىيەت، بىر مەقسەتتىكى كىشىلەر ئاسان چىقىشىپ كېتەلەيدۇ.

99

ھاياتنى تىنىمسىز ئازابلايدىغان، غاجاپ، خورلايدىغان نەرسە — ئۈمىدسىزلىنىش.

100

ئىنساننى سالاپەتلىك، ئېسىل قىلىپ كۆرسىتىدىغان نەرسە ئەخلاق گۈزەللىكى.

101

ياخشى ئادەت يېتىلمىسە، غەلىبىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

102

كۈرەش ئېڭى كۈچلۈك خەلقتە دۈشمەنگە قارىتا قىلچە رەھىمدىللىك بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

103

ئۇۋ نىشانىدىن ئاداشقاندا، قىرغاۋۇل ئۇۋۇلايمىز دەپ بۆركۈت ئۇۋلاپ قالىمىز.

104

پاك ۋە ئەقىدىلىك مۇھەببەت كۈچلۈك ھەم سەلتەنەتلىك بولۇپ كېتىدۇ.

105

بىر نامراتنىڭ گۈزەل قەلبىنى بىر بايقۇشنىڭ پاسكىنا قەلبىگە ھەرگىزمۇ تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ.

106

ھايات ۋاقىت بىلەن ئەتىۋارلىنىدۇ، ۋاقىت بىلەن يەكۈنلىنىدۇ.

107

سەۋر قىلالمايدىغان ئادەم بىر بولسا تەلۋە بىر بولسا سەۋدا.

108

مۇھەببەت مەۋھۇم بولغاندا ئازابلىق بولىدۇ.

109

قىز نەپس يېزىلغان شېئىرغا ئوخشايدىغان شەيتان ياكى پەرىشتە.

110

بىز ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغاندا، ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكەندىمۇ، يەنە بىر نەرسىدىن كۆڭۈل ئۈزەلمەيمىز، ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت.

111

سىز سۆيگۈ بوستانىغا قەدەم قويغاندا مۇھەببەت سىز ئۈچۈن كۆك ئاسمان، يېشىل ئورمان، ھەتتا ئۇ سىزگە ھاياتىڭىزدىنمۇ قەدىرلىك نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

112

سىز بىر قىزغا ئەسىر بولغاندا، ئۇ سىزنىڭ كاللىڭىزدا ئەركىن پىكىرگە ئايلىنىدۇ.

113

ئىشەنچ قىلالمىغان ئىشقا ئۆزىنىڭ ئۆزىنى مەغلۇبىيەت بولۇپ قىلىشى مۇمكىن.

114

بىز ھەقىقەتتىن قانچىكى يىراقلاشقانسېرى، جەننەت بىزنىڭ كۆزىمىزگە شۇنچە كۆرۈنمەس بولۇپ كېتىدۇ.

115

بىز ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر شەيئىنى ئۆز خاھىشىمىز بويىچە ئۆزگەرتىمىز. بىزنىڭ ئۆزگەرتەلەيدىغىنىمىز پەقەت ئاددىي شەيئىلەر.

116

سەمىمىي، ساپ دىل كىشىلەر دۇنيانى گۈزەللىككە تولغان قەلبى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

117

ھەقىقەتچى ناتىقلار سۈكۈتكە چۆمگەن چاغدىمۇ، كىشىلەرگە سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

118

ھەقىقەت مەيلى يورۇقلۇق بولامدۇ، مەيلى قاراڭغۇ بولامدۇ ئۆز جاكارسىنى توختاتقان ئەمەس، ئۇنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ئۆلمەس، تىنىمسىز سوقۇپ تۇرغان ئوتلۇق بىر يۈرەك بار.

119

ئاتا سەن ئۈچۈن دوستۇڭدىنمۇ يېقىن، مال ـ بىساتىڭدىنمۇ ئۈستۈن، ھاياتىڭدىنمۇ قىممەتلىك، ئايال ـ بالىلىرىڭدىنمۇ قەدىرلىك، مەشۇقىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولغاندا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاقلىغان بولىسەن.

120

ئادالەت يولى باتۇر ـ ئەزىمەتلەرنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىنى تىنىم تاپقۇزمايدۇ، بۇ يول ئەزىمەتلەر ئۈچۈن ئىستىقبال يولىدۇر.

121

مۇھەببەت روھىي جەھەتتىكى ئۈچرىشىشتىن پەيدا بولىدۇ، ئۇزۇن مەزگىل ئارىلىشىپ يۈرۈش بىلەن پىشىپ يېتىلىدۇ، دېيىش

مېنىڭچە توغرا قاراش.

122

تۇنجى مۇھەببەت چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان بولىدۇ.

123

ئايال پەرىشتە بولغاندا سىزنى ئەڭ بەختلىك ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ؛ ئۇ شەيتان، ئىبلىس بولغاندا سىزنى ئەڭ بەختسىز ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

124

ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ كۆلكىسىنىڭ تەكتىكە چۆشەنگىلى بولمايدىغان مەزمۇن يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

125

سىز ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر قىزنىڭ ئاددىي سۆزىمۇ، سىزگە قۇدرەتلىك بىر ھېكمەت بولۇپ ئاڭلىنىدۇ.

126

پىشىپ يېتىلگەن مۇھەببەت سەنئەتكە ئايلىنىدۇ.

127

تەڭرى ئۆزى خالىمىغان ئىشنى بىزگە ھاۋالە قىلغان ئەمەس.

128

ئىنسان — تەبىئەتنىڭ ساداسى، ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان تەبىئەتنى پەقەت ئىنسانلا جانلاندۇرالايدۇ.

129

بالىلارنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇنغان سىرلارنى ئانىلار ئەڭ تېز ۋە ئاسان بىلىۋالالايدۇ.

130

سىز ئالدىراقسانلىقىڭىز تۈپەيلىدىن جىمجىت كېچىلەردە سۈرگەن شېرىن خىياللىرىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىسىز.

131

بىزنىڭ تۇرۇپ بايغا، تۇرۇپ كەمبەغەلگە ئايلىنىپ قېلىشىمىزمۇ بېسىپ كېتىۋاتقان يوللىرىمىزنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن.

132

ئىنسانىنى ئۆز ئەقلىدىن بىخۇدلاشتۇرىدىغان نەرسە — ئايال بىلەن بايلىق بولۇشى مۇمكىن.

133

سىزنى ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالغاندا شاۋقۇنسىز دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغان يېگانە قولۋاقتا ئوخشاپ قالىسىز، قولۋاقتا نىشان يوقالغاندەك سىزدىمۇ بۈگۈن، ئەتە ھەققىدە ئۇلۇغۋار ئىنتىلىش بولمايدۇ.

134

بىزنىڭ بالىلىق ئۇيقۇمىزنى مۇھەببەتلا بۇزىۋېتەلەيدۇ.

135

قۇياش نۇرىنىڭ كۆرۈنمەس لەۋلىرى گۈللەرنىڭ نازۇك لەۋلىرىنى سۆيۈپ قويدى، گۈللەر تېخىمۇ جۇلالىنىشقا باشلىدى.

136

سەن مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقان قەبرىدىكى ئۆلۈكنىڭ ئازابلىق تىنىقىغا قۇلاق سالغىنىڭدا ھايات ھەققىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشىڭ مۇمكىن.

137

ھايات چۈشەنگىلى بولمايدىغان قىز، ئۇ خىيالىي چۈش كەبى گاھىدا سىرلىقلىشىپ كېتىدۇ، گاھىدا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

138

كۈچلۈك ئىشقى ـ مۇھەببەتنى پىتنە ـ ئىغۋامۇ، ھەسەتمۇ، قاراڭغۇلۇقلارمۇ بىتچىت قىلالماسلىقى مۇمكىن.

139

ياخشى سۆز، مۇلايىملىق بىر ـ بىرىمىزنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ باغلاپ تۇرىدۇ.

140

ھۆرلۈك — بىزنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئۇلۇغۋار مەقسىتىمىز، بۇ مەقسەت بىزنىڭ ئوي ـ پىكرىمىز، ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ۋە ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىز بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

141

بىز ئىنتىلىپ ئېرىشەلمىگەن، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ساھىبجامال قىز — بىزنى قىيناپ، ئازابلايدىغان تۈگىمەس ئويىمىزدۇر.

142

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز كاللىسىدا ئۆزۈپ يۈرگەن يامان خىياللىرى تۈپەيلى ھالاك بولۇپ كېتىدۇ.

143

بىر ئادەمنىڭ دۇرۇس، توغرا نىيەت ـ ئىقبالى ئۇنى تاجۇتەختكە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن، يامان نىيەت ئۇنى ھەرگىز ساقلاپ قالالمايدۇ.

144

بىر ئېغىز ياخشى گېپىمىز بىزنى يۈكسەكلىككە ئېلىپ چىقىشى، بىر ئېغىز يامان گېپىمىز بىزنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

145

بىز باشقىلار بىلمىسۇن دەپ قىلغان ئىشىمىزنى باشقىلار ئاسان بىلىپ قالىدۇ.

146

زېمىننىڭ قاراڭغۇلۇقى زېمىننىڭ گۈل ـ گىياھلىرىنى، يېشىل دەرەخلىرىنى قاپسىۋالىدۇ. ھاياتنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىنسان روھىدىكى بارلىق گۈزەللىكنى، گۈزەل ئەخلاقنى قاپسىۋالىدۇ.

147

سىز ئۈچۈن سىزنىڭ ئەزىز يۇرتىڭىز دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ ئۇلۇغ ئاسارئەتىقىدۇر.

148

بىر ئەرنىڭ قەلب سارىيىدا پەيدا بولغان قىز باشقا بىر ئەرنىڭمۇ قەلب قەسرىدىن ئورۇن ئېلىپ قالغاندا، ئۇ بەختسىز قىزغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# روشەن ئەينەك

1

پىداكار كىشىلەر ئۆز زېمىنىنى ياخشى كۆرۈش بەختىدىن باشقىنى ئويلاپ كەتمەيدۇ.

2

قانات قېقىپ بىلىم ئالىمىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر ياشنىڭ توساتتىن مۇھەببەت ئالىمىگە كىرىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

3

سىز ئاجىزلىقىڭىز تۈپەيلى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزغا يېتىپ بارالمايسىز. ئاجىزلىق باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ قۇرۇق گەپ، قۇرۇق خىيال، تەمەخورلۇق، ھۇرۇنلۇق، ھەسەت. . .

4

تېنىمىز ۋە روھىمىز ئۆزىمىزلا سىغقۇدەك تار قەپەس بولغاندا، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئۇلۇغ نەرسىمۇ سىغمايدۇ.

5

ئەڭ چېچەن پەرزەنتىنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلاۋاتقىنىنى ئاسانلا سېزىۋالغىلى بولىدۇ.

6

دۈشمەن مېنىڭ نەزىرىمدە ئالىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇۋالسىمۇ بەرىبىر دۈشمەن، ئۇ مەڭگۈ مېنىڭ دوستۇم بولالمايدۇ.

7

تەبىئەتنىڭ رەھىمىتى بولمىسا، زېمىننىڭ خۇشاللىقى بولمايدۇ.

8

ھەربىرلىرىمىزنىڭ ئىستىقبال، شادلىق نۇرلىرى بىلەن قايغۇ كۆلەڭگىسى، بىز بىلەن بىرگە سەپەر قىلغان بولىدۇ.

9

ئۆز ئىستىقبالىنى ھەقىقەت يولىدىن ئىزدەيدىغان ئادەم ھەر ۋاقىت ھەقىقەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت، رىيازەتلىرىگە ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇ يولغا ئۆزىنى بېغىشلىۋېتىدۇ.

10

ئىنسانغا پەقەت ئۆز گۇناھىلا زۇلۇم قىلىدۇ.

11

تەقدىرنىڭ بىزگە ئاتا قىلىدىغان دەرد ـ ئەلەملىرى مەخپىي، يوشۇرۇن، تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىدۇ. تەقدىر بۇ قايغۇ ـ ھەسرەتنى بىزنىڭ روھىمىز، تېنىمىزگە ئورىغان بولىدۇ.

12

بىزدە يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت بار، ئاسمان سىرلىرى

www.uyghurkitap.com

ئەقلىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، مۇھىمى بىزنىڭ كۆزىمىزنى مۇنەججىمنىڭ كۆزى ۋە تەپەككۇرى بولۇشى كېرەك.

13

چىمەنلىكتە ئېچىلىپ قالغان ئاق لەيلى، يېشىل چىمەنگە ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى. يېشىل چىمەن ئاق لەيلىنىڭ كەمتەرلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ دوستى قىلىۋالدى.

14

ئېتىقاد بولمىسا كۈرەش بولمايدۇ.

15

ئىنساننى بىخۇدلاشتۇرىدىغان نەرسە ئەيش ـ ئىشرەتتىن ئىبارەت.

16

ئىبادەت — ئەقىدە ناخشىسىدۇر. بۇ ناخشىنى ياڭرىتىپ كېلىۋاتقانلار ئېتىقاد ساھىبلىرىدۇر.

17

روھىي ئاشلىقتىن مەھرۇم قېلىش، سىزنى تۈگىمەس ئازاب پاتقىقىغا مەھكۇم قىلىۋېتىدۇ.

18

ئۇلۇغ، يۈكسەك كىشىلەر زېمىننىڭ يۈزىدىكى توختاۋسىز خىتابقا جىمجىت ئولتۇرۇپ قۇلاق سالىدۇ.

19

ئاجىز بەندىلەرنىڭ دۇنيانى، ھاياتنى، تۇرمۇشنى چۈشىنىشى يېتەرسىز بولىدۇ.

20

جەڭگى ـ جېدەل ئەۋج ئالغان ئائىلىدە بالىلار دېلىغۇللۇق ئىچىدە ياشايدۇ.

21

باشقىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە يېتەرلىك ئەقلىمىز بولمىسا، بىز چوقۇم باشقىلارغا بويسۇنۇپ قالىمىز.

22

سىز ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان يامان ئادىتىڭىز تۈپەيلى گۇمران بولۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن.

23

مېنىڭ چىقىش يولۇم ھەرگىزمۇ سېنىڭ قولۇڭدا ئەمەس، پەقەت ئۆزۈمنىڭ قولىدا.

24

ئاجىز، غۇرۇرسىز كىشىلەرلا قارىغۇلارچە بويسۇنۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان بولىدۇ.

25

بىز ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن يېقىنلاشقاندا، ئۇ بىزگە ياخشىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېلىپ كېلىدۇ.

26

ھەقىقەت زېمىننى ساقلاپ قالالايدىغان بىردىنبىر يىمىرىلمەس كۈچ.

27

بالىلارنىڭ خىيالى ئاتا ـ ئانا يېنىدىن ئەگىپ كېتەلمەيدۇ.

28

سىز كۆچلۈك ھېسسىياتقا ئەسىر بولغاندا مۇھەببىتىڭىز ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

29

تۇرمۇش يولىمىزنىڭ باشقا ـ باشقا بولۇشى، ئۆي ـ پىكىر قارىشىمىزنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى قەلبىمىزدىكى مۇقەددەس دوستلۇققا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، بىزدىكى بۇ خىل دوستلۇق سەمىمىيلىك، پاكلىق ۋە ساداقەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان.

30

بىز بىراۋنى قەلبىمىز بىلەن سۆيگەندە، ھەقىقىي قەلبنى كۆرەلەيمىز.

كائىنات — ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن مىسلىسىز دەرسخانىدۇر.

31

ئائىلىگە چىراغ بولالمىغان ئانىدىن بەختسىز ئادەم بولمىسا كېرەك.

32

كۈچ ـ قۇۋۋەتكە قارىغاندا ئەقىل ـ پاراسەت سىزنى تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ.

33

مەيلى ئاتىڭىز، مەيلى ئانىڭىز ياكى بىر تۇغقان قېرىنداشىڭىز ۋە ياكى ئاياللىڭىز، باللىرىڭىز بولسۇن، بۇلار سىز ئۈچۈن ئەڭ يېقىن دوست.

34

مېنىڭ نەزىرىمدىكى بۈيۈك ئىبادەت جاھان ئانىلىرىغا ئېھتىرام بىلەن سالام قىلىشتىن ئىبارەت.

35

ھاياتنىڭ غۇرۇرى ئېتىقادتىن تۇغۇلىدۇ.

36

بىز ئۆزىمىزنى ھەقىقىي چۈشەنگەندە، باشقىلارنى ھەقىقىي چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، چۈنكى باشقىلار مەڭگۈ مەن بولالمايدۇ.

37

ئانا ھەققىدىكى ناخشىنى باللار ئەڭ كۆپ ئېيتىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

38

جاسارەتنى ئاتا ئەقىدىسىدىن تاپقان، مۇھەببەتنى ئانا سۆيگۈسىدىن سۈمۈرگەن پەرزەنتنىڭ باسقان يولى شەكسىزكى پارلاقتۇر.

39

مېنىڭ قەلبىم ئايالىم ئۈچۈن گۈلخان، بالىلىرىم ئۈچۈن بوستاندۇر.

40

ئىنسانىيەتكە يورۇقلۇق ئاتا قىلىۋاتقان نەرسە، ئاياللارنىڭ مۇھەببىتى بولسا كېرەك.

41

دۇنيانىڭ ھەممە خۇشاللىقى ھەقىقەتتىن كېلىدۇ.

42

ئۆزىڭىزنىڭ كېلەچىكى پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا.

43

سىز شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا يېرىم ھاياتقا ئېرىشىسىز. بىرەر ئىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندا ھاياتىڭىز پۈتۈنلەشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

44

غاز ھەرقانچە قىلسىمۇ ئاققۇغا ئايلىنالمايدۇ، پاقا ھەرقانچە

كۆچىسىمۇ خورازدەك ئاۋاز چىقىرالمايدۇ.

45

بىز ئۆز خىزمىتىمىزنى جاپالىق ياكى پاسكىنا دېمىسەكلا بەختكە ئېرىشمەي قالمايمىز.

46

سەن بىراۋنى چوقۇم بىراۋنىڭ قەلبى بىلەن سۆيۈشۈڭ كېرەك، مىسكىننى ئۇنىڭ قەلبى بىلەن سۆيۈش پەزىلەتتۇر.

47

گاھىدا چۇقان ـ سۈرەنسىز ئائىلىنىڭ تەكتىگە كۆچلۈك غوۋغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

48

ھەرىكەت بالاغەتكە يەتكەندە قارا كەلكۈنگە ياكى دەھشەتلىك بورانغا ئايلىنىدۇ.

49

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ كۈچلۈك ئۆزگەرمەس قانۇنى بولۇشى كېرەك، بىزنىڭ تەكىتلەۋاتقان قانۇنىمىز — ئېتىقاد قانۇنى.

50

شېئىر ھەقىقەتكە ياكى گۈزەللىككە ئايلانغاندا سادا چىقىرالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

51

قەلبىمىز ئاجىز بولغاندا، بىزدە نىشان ۋە ئارزۇ - ئارمان پۈتۈنلەي يوقىلىشقا قاراپ سىلجىيدۇ.

52

بەزى چاغلاردا مېنىڭ ئوي - پىكرىم، ئارزۇ - ئىستىكىم باشقىلارنىڭ يول بەلگىسى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

53

سىز ئۈمىدسىزلەنگەندە ھاياتىڭىزنىڭ يېرىمى غايىب بولغان بولىدۇ.

54

مەيلى ئۇ قانداق ئاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بالىنىڭ نەزىرىدە پەرىشتىدۇر.

55

ئۇ ساڭا يول كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن ئېتىقادنى يول بەلگىسى قىلغان.

56

قۇش ھەرقانچە ساخاۋەتلىك، كەمتەر بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ كىشىلەرنىڭ بېشىغا قونمايدۇ.

57

ئارزۇ تولىمۇ تاتلىق خىيال، ئۇ پەقەت ئاچچىق يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

58

بىر يازغۇچى ئۇچۇن ئىلىپ ئېيتقاندا، ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىشى، كۆزگە كۆرۈنۈپ كېلىۋاتقان پاجىئەدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

59

روھ — زەربە بېرىش كۈچى مىسلىسىز قورال. ئۇ تەگكەن ھەرقانداق يەر نابۇت بولماي قالمايدۇ.

60

ئويغىنىپ كەتتىم، كۆز ئالدىمدا بۇزۇۋېتىلگەن يوللار تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ يوللار ماڭا ناتونۇش ئەمەس ئىدى. قەدىمىم ئەركىن ئىلگىرىلىمەكتە.

61

ئىنسان مىجەز - خۇلقىنىڭ ئالمىجانابلىقى بىلەن ئۇلۇغلۇق تاپىدۇ.

62

تەڭرى يولىنى تۇتۇپ، زاتى مۇبارەكنىڭ يولىدا ماڭغان دانىشمەن كائىناتنى يورۇتۇپ تۇرغان قورالنىڭ ئۆزىدۇر.

63

مەن ئۆرە تۇرۇپ مېڭىشنى ياخشى كۆرىمەن، ئەمما ئۇ مېنىڭ ئۆرە تۇرۇپ مېڭىشىمنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ئۆرە تۇرۇپ مېڭىپ باقمىغان يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

ئىدى.

64

مەن ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم پەقەت ئۆزىنى تونۇمايدىغان ئادەمدۇر.

65

سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دوست، ئەڭ ياخشى يۆلەنچۈك، ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچى ھەم ئەڭ ياخشى يېتەكچى.

66

تومۇرىمىزدا ئېقىپ تۇرىدىغان بۈيۈك پەلسەپە بولمىسا ۋۇجۇدىمىزدا ئەركىن نەپەس بولمايدۇ.

67

ئىنسان يېڭىدىن – يېڭى سوئاللار بىلەن دۇنيانى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

68

كۆزى باغلانغان، قولىقى ئېتىلگەن بەندە ھەقىقەتنىڭ سادالىرىغا سۈكۈت قىلىدۇ.

69

كۆپ ئادەملەر ھاياتلىق يولىدىكى مەشئەلنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلمەي ياشايدۇ.

70

نادانلار ۋەز – نەسىھەتچىنى «ئەسەبىي ئادەم» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇلار نەقەدەر توغرا باھا بەرگەن ـ ھە!

71

ھەقىقەتنىڭ ئاچچىقلىقىدىن ئۇنى ھەزىم قىلالمايدىغان ئادەملەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

72

سەن پىلدەك كۈچلۈك، يىلپىزدەك چاققان، تۈلكىدەك ھوشيار، چۈمۈلىدەك زېرەك، سېغىزخاندەك سەگەك بولغاندا، ھاياتنىڭ ھەممە خۇشاللىقلىرى ساڭا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

73

ھەقىقەت يولىدىكى جاھىللىقتىن باشقا ھەرقانداق جاھىللىق ئىنسانغا پايدا يەتكۈزمەيدۇ.

74

نادانلار بىلەن مۇناپىقلار ناھايىتى تېز چىقىشىپ كېتەلەيدۇ.

75

ھەرقانداق ئەر ئۆز ئايالىغا مەخپىي ئەمەس.

76

ئاتا ـ ئانىسىغا يالغان سۆزلەش تەڭرىگە يالغان ئېيتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

77

بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە مېنى سۆيگەن ئادەم مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

شەپقەتچىم.

78

بىز زالىمغا قاراپ تۆكۈرىمىز، ئەمما بىزنىڭ تۆكۈرۈكىمىز ئۇنىڭ كىيىمىگە تېگىدۇ.

79

غالىبلار ئۆز ناخشىسىنى ھەقىقەت سەھنىسىدە ئەڭ جاراڭلىق ئېيتىدۇ.

80

خوتۇنى ئىشەنچ قىلالمىغان ئەرگە، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئىشەنچ قىلالمايدۇ.

81

بەخت — ئەرنىڭ يولىدا، ئايالنىڭ قولىدا.

82

قەلبىدە ھەقىقەتنىڭ كۈچى بار ئادەم مەڭگۈ يېڭىلمەيدۇ.

83

ھايۋانلار پادىشاھى شىر چۈمۈلىنىڭ كۈچىدىن، غەيرىتىدىن شۇنداق سۆيۈنۈپ كېتەركەن.

84

بىغۇبار ئانىنىڭ قەلبىدىن ھالال سۆزلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

85

بىز ئۆز ئاتا ـ ئانىمىزغا سادىق بولغاندىلا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە سادىق ئادەم بولالايمىز.

86

قالدى سەرساندا بۈركۈت بالىلىرى، سولاتقاچقا تۆمۈر قەپەسكە كۈرەش ئانىلىرى.

87

بىز ھەرقاچان ئۆزىمىزدىكى قۇلاي شارائىتنى كېچىكمەي ھېس قىلىمىز.

88

بىز نەپسىمىزگىلا بېرىلىپ كەتكەندە پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشىمىز مۇمكىن.

89

مۇشۇك — غايىسىز ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

90

بۈركۈتنىڭ ئىرادىسى — ئۆزى ئۇۋا سالغان تىك چوققىلاردەك مەغرۇر ۋە مۇستەھكەم.

91

توغرا يول كۆرسەتەلىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىلا پەرىشتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

92

جاھان ئىمپېراتورلىرى رەھىمسىزلىكنى ئۆۋچىلاردىن ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

93

غەرەز ئاڭلىمايدىغان ئادەم ساي تاشلىرىغا ئوخشايدۇ.

94

ئىنسان دۇنيانىڭ خوجىسى بولۇشى كېرەك. دۇنيا ئىنساننىڭ خوجىسى بولغاندا، ئۇ پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ.

95

سەن ئۆزۈڭگە نىسبەتەن ئەڭ خەۋپلىك دۈشمەن ۋە ئەڭ ياخشى دوست.

96

قاتتىق قارشىلىقتا ئۈچرىغان ھەقىقەتتە «جان» بولىدۇ.

97

مەندە ئۆز ئېتىقادىمغا قارىتا كۈچلۈك مەسئۇلىيەت بولغاندا، ئىشلىرىمدا شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ.

98

قورۇق گەپنىڭ ئۆزى مەغلۇبىيەت.

99

رىياكار ئادەمنى ئۇنىڭ «ھېكمەتلىك» سۆزلىرى ھالاك

قىلىۋېتىدۇ.

100

ئېغىر كۈنلەردە ھوشىنى تاپمىغان ئادەم، مەڭگۈ غەپلەتتە ياشايدۇ.

101

زاھىت يالغۇزلۇقتا كامالەت تاپىدۇ، پەيلاسوپ شاۋقۇن ـ سۈرەن ئىچىدە تاكامۇللىشىدۇ.

102

ئاددىي شەيئىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇرەككەپ قانۇنىيەت بار.

103

مېھرىبان ئانىنىڭ تىلى ھەرقانچە چىگىش كۆڭۈلنىمۇ يېشىۋېتىدۇ.

104

ئانا قەلبى — بالىلار ئۈچۈن ئەڭ تىنچ ماكاندۇر.

105

ئاددىي يوللار بىلەن ئېرىشكەن نەرسىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. ئاددىي بولىسىمۇ جاپالىق يوللار ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىمىز، بىزگە خۇشاللىق بېرەلەيدۇ.

106

تۇرلۇك جىنايەتلەر باش كۆتۈرگەن ماكاندا تەقۋادارلارنىڭ سۆزلىرىنى غېرىبلىق باسىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

107

ئۆگەنگەن ئىلىمىنىلا سۆزلەش ئەخلاقنىڭ جۇملىسىگە ياتىدۇ.

108

ئېتىقادسىز ئادەملەرنىڭ كۆپى شەخسىيەتچى كېلىدۇ.

109

تەربىيىلىك قىزلارنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ.

110

توخۇنىڭ ئەركىكى چىللايدۇ، بۇلبۇلنىڭ ئەركىكى سايرايدۇ، مەن ئادەملەرنىڭ ئەركەكلىرىگە قاراپ ئەپسۇسلىنىپ قالدىم.

111

ئاياللار قەلبى بۇلاققا ئوخشايدۇ، بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئەنە شۇ بۇلاق بىلەنلا ياشىرىپ تۇرىدۇ.

112

دۇنيادا ئىنسانغا بەخت ئېلىپ كېلەلەيدىغان ئالدامچىلىق مەۋجۇت ئەمەس.

113

بوتۇلكا ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئادەم كۆيۈۋاتقان شەھەرنى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ.

114

جەسۇر مىجەزلىك، بۈيۈك تەبىئەتلىك بىر ئادەمنىڭ، تۇرۇپلا مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشى ئېتىقاد ۋە ئىمان ئەڭگۈشتىرىگە دەز كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

115

ئىقبال تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ ماڭالمايدىغان ئادەم مەڭگۈ قۇل ئادەمدۇر.

116

ئۆزىدىكى گىگانتلىقنى، جاسارەتنى بايقىيالماسلىق بىخۇدلۇق، ئەبگاللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

117

ئۆزىدىكى نۇقسانىنى تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىش، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدۇر.

118

مېنىڭ مەقسىتىم ئەتراپىمدىكى تەلۋە - نادانلارنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلارنى زالالەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش، خالاس.

119

ئۆلگەن روھتا ھېچقانداق سادا بولمايدۇ، بۇگۈنكى «سەن» دەل ئۆلگەن روھنىڭ ئۆزىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

120

سەن سۆيمىگەندە، سەن بىلمىگەندە، سەن ئىگىلىمىگەندە ئۇ روھ سېنى ئەبەدىي ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

121

چۈقانلىق ناخشىلىرىم — قەلبىم سىنىقىدىن تۇغۇلغان مارشتۇر.

122

ھالال ئادەمنىڭ داستىخىنىمۇ ھالال ۋە پاك بولىدۇ.

123

پۇتى بىلەن يول يۈرگەن ئادەمگە قارىغاندا، كاللىسى بىلەن يول يۈرگەن ئادەمنىڭ مەنزىلگە يېتىشى تېز بولۇشى مۇمكىن.

124

ھالاك بولماي دېسەڭ چەكتىن ئېشىپ، سىزىقتىن چىقىپ كەتمە.

125

ئۆز ـ ئۆزىگە: «سەن ساغلام ھەم كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك، سەن سەممىي ھەم ئاق كۆڭۈل، سەن راستچىل ھەم ئادىل. . . بېشىڭغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش سېنىڭ روھىڭ، ئىنسانىيەتنى سۆيۈش سېنىڭ ئەخلاقىڭ. . .» دېيەلىگەن ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمدۇر.

126

بەدەننى كۆيدۈرىدىغان تاۋار ـ دۇردۇندىن، بەدەنگە ھۇزۇر، شادلىق بېغىشلىيالايدىغان شاتىۋار ئەۋزەلدۇر.

127

چاقمايدۇ دېگەن يىلاننىڭ بىر كۈنى سېنى چېقىۋېلىشى مۇمكىن، چۈنكى يىلاننىڭ تەبىئىتى شۇنداق.

128

دانىشمەن ئېزىپ قالغاندا نادانلارغا كۈلكە بولىدۇ.

129

دۈشمەن زەمبىرەك بىلەن ئالالمىغان قەلئەنى، خائىن قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىيەلەيدۇ.

130

يۈرەك تۈزەلسە، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھايات تۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

131

تىلنىڭ سېسىقى ئاياللارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدۇ، ھارام سۆزلەر گۇناھ ئىگىلىرىنىڭ كۈلكە ـ چاقچىقى.

132

ئۆزىنى تۈتۈۋېلىش گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ شاھانىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

133

ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئارا، تەڭرى كىشىلەرنى مەڭگۈ ھايات ساقلايدۇ.

134

قەھرىمان دېگەنلىك — مەشئەلچى دېگەنلىك. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق يۈرىكىنى ئۆز قولى بىلەن كۆتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ زۇلمەتلىك يوللىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

135

پەند ـ نەسىھەت كىشىلەر ئۈچۈن ماياك، دەل شۇ ماياكنىڭ ئۆزى — ئۆلۈمدۇر.

136

ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ۋاستىسى قىلىدىغان كىشىلەردە مەغلۇبىيەت بولمايدۇ.

137

پاك مۇھەببەت — نۇقسانسىز ھېكمەت، يوقتۇر ئۇنىڭدا غەيرىي شۇم نىيەت.

138

دوستلۇقنىڭ كۈچى — ئاللانىڭ كۈچى.

139

ئىستىبداتلىق شائىر پەيغەمبەرلەرنىڭ قەلىمىنى مىراس ئالىدۇ.

140

بىزنى غەلىبە قىلغانلار ئەمەس مەغلۇپ بولغانلار، كۆلگەنلەر ئەمەس يىغلاۋاتقانلار، ئۆرە تۇرغانلار ئەمەس يىقىلغانلار، ساقلار ئەمەس مېيىپلار، ساۋاب ئەمەس گۇناھلار ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

141

پىتىنىگە تولغان ئائىلە ئەڭ چوڭ قىيامەتتۇر.

142

بىز ھەرقانداق بىر ئاۋازنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن، دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىنى ئاسانلىقچە ئۇنتۇپ قالمايمىز. بۇ ھەقىقەتنىڭ سادالىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

143

دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز دانىشمەن نادان بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىككى خىل ئوي - پىكرى مەڭگۈ بىر يولغا كىرمەيدۇ.

144

سەن شەرەپلىك ئۆلۈمنى ئىتتىنىڭ كەينىدىن ئەمەس، يولۋاسنىڭ كەينىدىن تاپىسەن. چۈنكى، يولۋاستەك جەسۇر كىشىلەر ئىنسانىنى ھەقىقەت يولىغا باشلىيالايدۇ.

145

ھوشيارلىق يېرىم جاسارەتتۇر، قەيسەرلىك بولسا ئۇنى پۈتۈنلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

146

هاياتلىقتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەت — هازىر. هەرقانداق بىر ئىشنى هازىردىن باشلاش كېرەك.

147

ئەزىمەتلەر دۇشمەنگە يولۇققاندا ئۆز قەلبىدىكى ئۆچمەنلىكنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ.

148

بىز ئۆزىمىزگە قارىتا ئادالەت يولىنى تۇتقاندا، باشقىلارغىمۇ ئادالەت يولىنى تۇتالايمىز.

149

تۇرمىنىڭ ئاچچىق ئەلىمىمۇ دوستىنىڭ رەنجىتىشلىرىدەك قەبىھ ئەمەس.

150

پۇتۇنلەي قۇل بولغان ياكى هالاك بولغان ئادەم ئۆزىنى گۇمران قىلغان ئادەمنىڭ تەرىپىنى قىلىدۇ.

151

ئىنسان — دۇنيانى ئۆزگەرتكۈچى پاراسەتتۇر.

152

قوي شۇنداق دەرمىش: «مېنىڭچە، قېچىپ قۇتۇلالىغۇدەك ئىقتىدار بولسا بۆرىگە هەرگىزمۇ يەم بولماس ئىدىم. ئەپسۇس، مەن

تولىمۇ ئاجىز ئىكەنمەن.»

153

ئاچ كۆز ئادەمدىلا باشقىلارغا نىسبەتەن مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بولمايدۇ.

154

قانات بولسىلا ئۇچقىلى بولىدۇ دېيىش ئەخمىقانىلىك. مەسىلەن، تۆگىقۇشنىڭ قانىتى بار تۇرۇپمۇ ئۇچالمايدۇ، توخۇمۇ شۇنداق.

155

بىر بوكسچىنىڭ يەنە بىر بوكسچىنى ئۇرۇپ قويۇشى شەرەپلىك ئەمەس. بۇ خۇددى بىر ھايۋاننىڭ يەنە بىر ھايۋاننى تېپىپ ياكى چىشلەپ قويغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

156

كۆپ ساندىكىلەر بىزنىڭ كۆزى قاتتىق دۈشمەننى ئېنىق كۆرەلىگەن بىلەن، يۇمشاق دۈشمەننى كۆرەلمەيدۇ.

157

زورلۇق بىلەن تارتقۇزۇپ قويغان نەرسىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىش ۋاجىپ.

158

سىياسىي جەھەتتىكى بىخۇدلۇق، ئىقتىساد جەھەتتىكى ئاجىزلىق، ئەخلاق جەھەتتىكى چىرىكلىك — ھاياتنىڭ چەك -

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چېكىدىن ئاجراپ كەتكەنلىكىدۇر.

159

سېنى ساقلاپ قالالايدىغان بىردىنبىر نەرسە — سەۋر - تاقەت ۋە ئېتىقادىتىن ئىبارەت، خالاس.

160

لەگلەك — باشقىلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقى. سەن ئۆز ئەتراپىڭدىلا لەگلەك كەبى ئادەملەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىسەن، ئەنە شۇلار ئەڭ بىچارە، ئەڭ بەختسىز ئادەملەردۇر.

161

قۇشلار ناخشا ئېيتىشنى خالىمىغان چىمەندە پاقىلارنىڭ ناخشىسى بازار تاپىدۇ.

162

بەزىبىر كىشى ئۆزىگە مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى كىشىلەرگە يامان، ناچار كۆرسىتىدۇ.

163

مۇشۇك يولۋاسنىڭ قىلىقلىرىنى ھەرقانچە دورىغان بىلەنمۇ، يەنىلا مۇشۇك پېتى قېلىۋېرىدۇ.

164

تۈلكىنىڭ يولۋاسنىڭ باتۇرلۇقى، چەبدەسلىكى ۋە تېرىسىنىڭ كۆركەم، جەلپكارلىقىنى كۆرەلمەسلىكى — ساقايماس كېسەلدۇر.

165

لاچىنىنىڭ كەپتەرنى سوقۇپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىشى شۇبھىسىزكى، ئۇنىڭ زوراۋانلىقى.

166

رەقىبىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ يولى — ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋېلىش. ئاجىزلىق دەل ئۇنىڭ خاراكتېرى.

167

مېنىڭ قېرىنداشلىرىمغا بېرىدىغان تەسەللىلىرىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە قىلىدىغان تەسەللىلىرىمدۇر.

168

نومۇس قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم، ھەر جايدا ئەزىزدۇر.

169

ياخشىلىقنى بىلىش يامانلىقتىن قول ئۈزۈشتۇر.

170

ئىنسان قەلبىنىڭ يوللىرى پىنھان بولىدۇ. ئۇنى ئېتىقاد ئاچىدۇ، راۋانلاشتۇرىدۇ.

171

ھاياتنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىگە ھېچكىم قىزىقمايدۇ، ئۇ ئازاب، چىدىغۇسىز ئازاب.

172

كەڭرى، ئەركىن زېمىندا پىشىپ - يېتىلەلمىگەن ھايات باشاقلىرى — تار، قاراڭغۇ جايدا پىشىپ - يېتىلىشى مۇمكىن.

173

سەن ھەقىقەت دەۋاتقان نەرسە مېنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەت ئەمەس. ھەقىقەت — ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆي - پىكرى ئەمەس، ئۇ باشقىلار ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمايدىغان مۇقەددەس ئىدىيە.

174

جەسۇر، قورقۇمسىز ئەزىمەت، ئۆزىنىڭ رەقىبىنى مەغلۇپ قىلغان كۈننى ئۆزىنىڭ شادلىق كۈنى، دەپ قارايدۇ.

175

ئىمان، ئېتىقاد يوقالغان، ئەخلاق چىرىكلەشكەن، شەرم - ھايا كۆتۈرۈلگەن پەردە ھەقىقەتچىلەرنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا تەسەللى بېرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ.

176

مېنىڭ قەلبىم مەن ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ قەلبى بىلەن بىللە ياشايدۇ.

177

گۆركارنىڭ بىلەكلىرى ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، تىرىكلەرنى كۆمۈۋېتەلمەيدۇ.

178

ۋەتەن ئۈچۈن يىغلاش، ۋەتەن ئۈچۈن نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈش، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش — مېنىڭ ۋىجدانىي ئەخلاقىم، ئىنسانىي بۇرچۇم، مەڭگۈلۈك غايەم، ئەبەدىيلىك ئارزۇ ـ ئارمىنىم.

179

نادانلىقنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا راۋا كۆرىدىغان ئادەم ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن چەك ـ چېگرىنى ئايرىماي ياشاۋېرىدۇ.

180

بىزنى ئانىمىزلا ئەمەس، ئانىمىزنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى تۇغۇپ ئۆستۈردى.

181

دۈشمەننىڭ ئاش ـ نېنى ئوت بىلەن قوقاستىن باشقا نەرسە ئەمەس.

182

پاسىق كىشىلەرنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتلىرى ئاسمان بوشلۇقىنى تولدۇرۇۋەتسىمۇ، ئاللا ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدۇ. سەممىي، تەقۋادار كىشىلەرنىڭ دۇئالىرى پاكىز قەلبتە ئاستا شىۋىرلاپ ئېيتىلسىمۇ، ئاللا ئۇنى مەقبۇل قىلىدۇ.

183

بىر ئايالنىڭ بىر ئەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان بارلىق

خۇشاللىقلىرىنى، ئۇ ئەسلا خىيال قىلىپ باقمىغان يەنە بىر ئەر بېرىشى مۇمكىن.

184

دېڭىزنىڭ تاسقىلىشى بىلەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن كېمە، يەنە بىر تاسقىلىشى بىلەن ئەسلىگە كېلىپ قېلىشى ناتايىن.

185

ھەقىقەت — بىر سۆزنى ئېيتىپ بولۇپلا، ئارقىدىن پۇشايمان قىلمايدۇ.

186

دۇنيادا مۇنداق بىر قانۇنىيەت بار: ھايات يوقىلىدۇ، مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتى ياكى ھايۋاننىڭ ھاياتى بولسۇن ۋە ياكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھاياتى بولسۇن، دەل - دەرەخ، دېڭىز - ئوكياننىڭ ھاياتى بولسۇن ھامان يوقىلىدۇ.

187

تاشلار ھەسرەت چېكىشنى، كۆز يېشى قىلىشنى ياكى غەزەپلىنىشنى بىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ تاش، ئۇ جانسىز مەخلۇق. ئەمما، بىز رېئال دۇنيادا ئاشۇ تاشلارغا ئوپمۇئوخشاش ئادەملەرنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز، ئۇلار ئۆز گۈلزارىنى بۇلغاپ - چەيلەۋاتقان ياۋايى يىرتقۇچلار بىلەن ياشاشنى ھاياتىنىڭ خۇشاللىقى، دەپ قارايدۇ.

188

بىر پادىشاھ ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن پەرزەنتىنىمۇ،

ئۇنىڭدىكى ئانلىق، ئۇلۇغۋارلىق مېھىر ھىمايە قىلىپ تۇرىدۇ.

189

باللارنىڭ شاد ئاۋازلىرىنىڭ جىمىپ كېتىشى ئاتا ۋە ئانىلاردىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كېمىيىپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

190

ئىنساننىڭ دەسلەپكى زاكىسى، ئۇنىڭ ئاخىرقى كېپىنى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

191

بىر دانىشمەننىڭ غادىيىپ تۇرۇپ قىلغان پەند ـ نەسىھەتلىرى كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ.

192

ساداقەت — بۈيۈك ئەقىدە، ئۇ ئىنساننىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۇلۇغلۇقتا، بۈيۈكلۈككە ۋە يۈكسەكلىككە ئېلىپ چىقالايدۇ.

193

بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى يۈرەك ئۆزئارا سۆزلىشەلەيدۇ، كۆرۈشەلەيدۇ، ئەمما ئەبەدىل كۆلۈشەلمەيدۇ.

194

باللار بىزنىڭ ناخشىمىز، بىزنىڭ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ ئىز ـ دېرەكسىز ئۆچۈپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن ئېيتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورپىتى www.uyghurkitap.com

ناخشىمىز.

195

دۈشمەن ۋەدىسىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن دوست ئەمەس، دوست ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەن ئەمەس.

196

گۆرىستانىنىڭ قارنى چوڭ بولغىنى بىلەن پەقەت ئۆلۈكنىلا يەيدۇ، بۇ زېمىندا ئۆلۈكنىمۇ ۋە تىرىكنىمۇ رەھىمسىزلەرچە، شەپقەتسىزلەرچە يەپ تويمايۋاتقان ياۋۇز ئادەملەرنىمۇ بىلىمىز.

197

ھەقىقەت ئىگىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالىيجانابلىق زالىم كۈچلەرنىڭ نەزىرىدە جىنايەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

198

چىدامچانلىق، سەۋر - تاقەت ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى.

199

مېنىڭ ئەرلىك مەجبۇرىيىتىم ئائىلەمنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

200

ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساداقەت ۋە يۈكسەك ئەقىدە ئايالنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا ۋە ئائىلىگە بولغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى يېتىلدۈرىدۇ.

201

ساداقەتلىك يۈرەكلەرنىڭ تونۇشۇشى قانداق ئۇلۇغ بولسا، ئۇلارنىڭ ئايرىلىشىمۇ شۇنداق ئۇلۇغ بولىدۇ.

202

كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىمايدىغان كاتتا مىليونېردىن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان يېتىم — مىسكىن ئۇلۇغ.

203

سەن ئاجىزلىقتىن كۆچەيگەندە دۇنيا سېنى ئۆز سېپىگە قوشۇۋالىدۇ.

204

ئەزىمەتلىك ئەرلەر — سۇباتلىق، جەسۇر ئاياللار ھاياتلىقىدىكى بارلىق شاد - خۇراملىقلار بىلەن شادىيانىلىكلەرنى تاشلاپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولغان ھەقىقەت يولىنى تاللايدۇ.

205

بالايىئاپەتلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان، غەم - قايغۇلارنى مەنسىتمەيدىغان ھەقىقەتچىنى تۆمۈر قەپەسلەرمۇ، زۇلمەتلىك تۈرمىلەرمۇ بىتچىت قىلالمايدۇ.

206

ھەقىقىي ئىنسان دېڭىزدەك چوڭقۇر، يۇلتۇزدەك يۈكسەك، قۇياشتەك نۇرلۇق، كائىناتتەك بىپايان، ئەمما سېھرى يوق شەيئى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

207

ئۇلۇغۋار مەنزىللەرگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن بۈيۈك نەرسىلەرنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بۈيۈك، ئۇلۇغ نەرسىلەر ھايات، پۇل ـ بايلىقلاردۇر، خالاس.

208

مەن ئۆزۈم ئېرىشكەن نەرسىلىرىم بىلەن چەكسىز شادلىققا مۇيەسسەر بولىمەن.

209

تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان ئايال ھاياتقا دادىل قارىيالايدۇ.

210

ئىنسان ئۆزىنى پىدا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەندە، ھەقىقەت يوللىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن راۋانلىشىدۇ.

211

جەبرى ـ جاپالارغا چىدىغان يۈرەكتە ھەقىقەت بولىدۇ. ئەنە شۇنداق يۈرەكلەردە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولىدۇ، بىزنى ياشاشقا، كۈرەشكە ئىلھاملاندۇرالايدىغان ھېكمەت — ھەقىقەتتۇر.

# ياشلىرىمدىن يارالغان دۇنيا

1

مەجرۇھ ئادەم جەڭگاھلارغا كىرەلمەيدۇ، چۈنكى جەڭ پۈت ـ قول بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش.

2

پاك مۇھەببەتلا ئىنسانىيەت ۋە تەڭرىنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، پاك مۇھەببەتتە ئەقىدە ـ ئېتىقاد بار بولغان بولىدۇ.

3

تەبىئىتىمىزنىڭ ناپاكلىقى، بىزنى گۇناھ يوللىرىغا مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ.

4

ھەقىقەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، غەيرەت ـ شىجائەت كېرەك. ئەنە شۇ خىل جەڭگىۋارلىق مەقسەتلەرگە يەتكۈزىدۇ.

5

بىز كىشىلەرنىڭ زېمىندىكى ناھەقچىلىككە غەزەپلىنىشىنى بىلىمىز، ئەمما كۈلپەتلىرىمىزنىڭ شۇ رەزىللىككە قارشى جاسارەت ۋە شىجائەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

6

دۇنيادىكى تالاي كىسەللەر ئۆزىنى ئازاب ئىچىدىكى ئادەم دەپ قارىمايدۇ، ئەمما دۇنيادىكى تالاي سۆيگۈ ـ مۇھەببەت يولىدىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئازاب ئىچىدىكى ئادەملەر، دەپ قارايدۇ.

7

ياخشى كۆرۈشلا ئۇنى جان پىدالىق بىلەن قوغداش جاسارىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.

8

ئېتىقادىمىز بىلەن ياشىغانلىقىمىز، پاكلىقىمىز بىلەن ياشىغانلىقىمىزدۇر.

9

ۋىجدانسىزلىق دېگەنلىك — يىرگىنچلىك ياشاش دېگەنلىك.

10

سىنى بۇزۇق يولغا باشلىغان ئادەم، سىنى بۇزۇق يولغا مېڭىشقا يول قويغان قەبىھ ئادەمدۇر.

11

خام خىياللىرىمىز بىلەنلا ياشاش ئەڭ بىمەنە ياشاشتۇر.

12

سىز پادىشاھلارنى بىر كۆنلەرگە كەلگەندە ئالتۇن تەختتىن

ئايرىلىپ قالىدۇ دېسە ئىشىنىڭ. يەنە كاتتا، پۇلدار، مىليونېرلارنىڭ شۇنداق بىر كۈنلەردە بايلىقلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىر كۈندىلا گادايلىشىپ كېتىشى مۇمكىن دېسە بۇنىڭغىمۇ شۇبھىلەنمەڭ. ئەمما، ئەھلى ئىلىملەرنى ئىلىم ـ ھېكمەت خەزىنىسىدىن قۇرۇق قاپتۇ دېسە ھەرگىز ئىشەنمەڭ.

13

ھايات سىزگە قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا دۇنيادىكى ھەممە خۇشاللىقنىڭ سىزگە قۇچاق ئېچىپ تۇرغانلىقىدۇر.

14

يىرتقۇچلارنىڭ قولى يەتمەيدىغان يەرلەرگە كېتىپ پاناھلىنىش، ئۇلاردىن قورققانلىق ئەمەس، پەقەت ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېتىلىش.

15

مەيلى نۇرلۇق مەشئەل بولسۇن ياكى جىنچىراغ بولسۇن، يورۇقلۇقنىڭ كەينىدىن مېڭىش يورۇقلۇقتا، ئەركىنلىكتە چىقىشتۇر.

16

بىزنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرۇۋاتقان شارابنىڭ زادى قانداق سىرى بار؟ بەلكىم ئۇنىڭ سىرى مۇھەببەتتۇر.

17

قەلبى سۇنغان ئادەم پىنھان دۇنيانى ماكان تۇتىدۇ. قانتى

سۇنغان قۇش قۇرۇغان دەرەخنىڭ غېرىب سايىسىدا ئەنسىز ياش تۆكىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئەركىن دۇنيا ئىزدەيدۇ، يەنە بىرى يېشىل ئاسماننى خىيال قىلىدۇ.

18

بىلىم — تونۇش ياكى ناتونۇش شەيئىلەردىن كېلىدۇ.

19

ئېتىقاد — ئويغاق، سەزگۈر ۋە قەيسەر يۈرەكلەرنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر.

20

ھەقىقىي ئادەملەر ناكەسلەرنىڭ ۋىجدانسىز پاسكىنا ئاياغلىرى بىلەن يانجىپ، سېسىق تۇمشۇقلىرى بىلەن تىلغاپ، قانلىق تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ دەپسەندە قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

21

ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن ئادەم كۆز ئالدىدىكى دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ۋە مۆجىزىلەرنى روشەن كۆرەلەيدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىسلەتلىرى بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ كەتمەيدۇ.

22

ئىشەنچ بىزنى بەختكە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

23

ئاددىي كەمبەغەل ئۆزىنىڭ نامرات تۇرمۇشىنى پادشاھنىڭ

باياشات تۇرمۇشىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ.

24

سىز دىققەت قىلمىغان ياكى كۆڭۈل بۆلمىگەن كىچىككىنە ۋاقىت، سىزنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىڭىزنى بەلگىلىيەلىشى مۇمكىن.

25

ئۈمىدسىزلىك بىزنىڭ تىلىمىزنى چەمبەرچاس باغلىۋەتكەندە، بىز ھايات ۋە دۇنيا توغرىسىدا شىۋىرلاشتىنمۇ قورقىمىز.

26

ئۆزگە ئىشەنگەن ئادەمنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىشى مۇمكىن.

27

قەلب — ھايات يالقۇنىنىڭ ئوچىقى، ئېتىقاد ۋە گۈزەللىكنىڭ مۇنبەت زېمىنى.

28

ئەجدادلىرىنى ياخشى چۈشەنگەن ئادەم ئەۋلادلىرىنى ياخشى تەربىيىلەيدۇ.

29

ھاياتنىڭ قاتمۇقات ئۆتكەللىرى بار. قەيسەر كىشىلەر گەرچە پۇت - قولى باغلاقلىق بولسىمۇ، بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئاجىز كىشىلەر ئەركىن ھالەتتە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆتەلمەسلىكى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

30

تامىنىڭ كۆزلىرى بار دېسە ئىشەن، ئۇنىڭ مەۋھۇم كۆزلىرى ساڭا قادىلىپ تۇرىدۇ؛ تامىنىڭ قۇلىقى بار دېسە ئىشەن، ئۇ سېنىڭ سۆزلىرىڭنى تىڭشاپ تۇرىدۇ. . . ھايات مۇرەككەپ، ھەرھالدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىش كېرەك.

31

چىلىشىش ئىچىدىكى قەيسەر ئادەم ھەرقانداق بىر بالايىئاپەتتىن قورقۇپ كەتمەيدۇ.

32

ئېتىقادسىز ئادەم ئەما ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇلار پەقەت تاشلارغا چوقۇنۇپ ياشايدۇ.

33

كىمىكى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئېتىقاد ۋە ئىماننى پۇچەك يامبۇلار ۋە تېرىقتەك ھوقۇق ـ مەنسەپلەرگە ساتىدىكەن، ئۇ ئېتىقاد ۋە ئىماننىڭ ئىگىسى بولمىش پەرۋەردىگارغا شۈبھىسىز ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.

34

ئەرلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن ئاياللارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ.

35

چىرىكلىشىش، مەئىشەتكە ھېرىسمەنلىك ئىنسان

تەبىئىتىدىكى ئىسيانكارلىق روھىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

36

ئاجىز، قورقۇنچاقلار ئەزرائىلنىڭ ئەپتى تۇگۇل، قاراقچىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپمۇ جېنى چىقىپ كېتىدۇ.

37

مىڭ ئۆيلەر — بۈيۈك سەنئەتتۇر. ئۇنىڭ ئېتەكلىرىدە ئەجدادلارنىڭ ئۈمىدلىرى ۋە ئەقىدە ئىزلىرى جۇلا تۆكۈپ پارلاپ تۇرىدۇ.

38

ئويغاق، سەگەك كىشىلەر ھەقىقەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن جاسارەت ۋە ئۈمىد ئېلىپ كۈچلىنىدۇ.

39

ھەرقانداق زالىم خاقان قان بىلەن ياشتىن پىشۇرۇلغان نان يەيدۇ. لېكىن، بۇ ناندا ئاستا خاراكتېرلىك جان ئېلىش ئۇغىسى بارلىقىنى ئۇ چۈشىنىپ يەتمەيدۇ.

40

مەن ئۇۋال قىلىنغان بىگۇناھ، مەن مەخپىي خاتىرىلەرگە پۈتۈپ قويۇلغان دەرد ـ ئەلەم. مېنى پەقەت ھەقىقەتچىلا ئاشكارا سۆزلىيەلەيدۇ.

41

كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى دەۋېرىدۇ، مۇھىمى سىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ماڭغان يولۇڭ توغرا، ساغلام يول بولۇشى كېرەك.

42

ھەرقانداق بىر بۈيۈك سەنئەت زوراۋانلىق، فاشىستىك ھەرىكەتلىرى تۆپەيلى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەندىمۇ، مېيىپ ھالەتتە ساقلىنىپ قالىدۇ.

43

سىز ھەقىقەتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلغان چېغىڭىزدا سىزنىڭ كۆزىڭىز ھەقىقەتكە قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلىدۇ.

44

ھەرقانداق بىر كۆڭلى پەس، نىيىتى قارا ئادەم ئالىيجانابلارنى، ئادىل، ھەققانىي ئادەملەرنى يامان سۈپەتلەر بىلەن ئەيىبلەشنى ئادەت قىلىۋالىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

45

ئۇ ساراڭ بولمىسىلا يەتتە ئەزايى ساپساق، بېجىرىم ئادەمنى «مېيىپ» دېمەيدۇ.

46

ئۆز رەقىبىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىشتىن قورققان ئادەم ھەقىقەتچى بولالمايدۇ.

47

تراگېدىيىلىك ھاياتنىڭ قىسسىلىرى چىن بولىدۇ، بۇنداق چىن ھېكايە كىشىلەرگە چىرايلىق يول بەلگىسى بولىدۇ.

48

قورقۇنچاق ئادەم كۆچ - قۇۋۋەتكە ئىگە تۇرۇپمۇ، ئۆز كۆچ - قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

49

سېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىڭ — شەخسىيى مۈلكۈڭ ۋە بايلىقىڭدۇر.

50

ئېتىقادلىق كىشىلەر مەڭگۈلۈك دۇنيانى چۈشەنمەي قالمايدۇ.

51

كىچىككىنە خۇشاللىقنىڭ يورۇقىغا كۆنۈپ قالغان ئادەم ھەقىقەتنىڭ نۇرلۇق مەشئىلىگە قارىيالمايدۇ.

52

ئەگەر سىز ھاقارەتلەرگە سۈكۈت قىلىۋەرسىڭىز، قەلبىڭىز ئۇنى قوبۇل قىلىۋەرگەندە غۇرۇرىڭىزغا قىلىنغان ھەرقانداق ھاقارەتنى ھاقارەت ھېسابلىمايدىغان بولۇپ قالىسىز.

53

گۈزەللىكتىن زوقلىنالماسلىق روھىي ماماتلىقتۇر.

54

چاكىنا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئەيىبلىيەلەيدىغان، ۋىجدانسىزلارنى ئوچۇق - ئاشكارا قامچىلىيالايدىغان، زۇلۇمغا قارشى

چىقالايدىغان، ھەقىقەت يولىدىكى ئەرزىيەتلەرگە سەۋر - تاقەت قىلالايدىغان، چوڭ - كىچىك گۇناھلارنى سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن توسۇيالايدىغان ئادەملەر يۈكسەك ئېتىقاد بىلەن قوراللانغان قەيسەر ئادەملەردۇر.

55

ئۆز كەلگۈسىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن ھايات مۇلاھىزە قىلىنمىغان ھاياتتۇر.

56

بىز پەقەت ئۆز پىكىر - ھېسسىياتىمىزنى قوبۇل قىلالايدىغان شەيئىلەرنىلا بويسۇندۇرالايمىز.

57

ھەرقانداق رەزىللىكلەردىن قورقمايدىغان يۈرەكتە ھەققانىيەت ۋە گۈزەللىك بولىدۇ.

58

ئۆز ئېتىقادى، ئارزۇ - ئارمىنى ئۈچۈن چۇقان كۆتۈرۈش، سۆز قىلىش ۋە ھەرىكەت قىلىش نومۇس ئىش ئەمەس.

59

ئەنئەنىلەر بەلگىلەپ بەرگەن ئەمردورۇپلار ھەقىقەت بولالمايدۇ.

60

يەر ئۈستىدىكى چاغلىق نەرسىلەرگە قانائەتلىنىپ قالغان بىخۇد

ئادەم يەر ئاستىدىكى مىسلىسىز مەدەنلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان ئادەمدۇر.

61

يارقىن مۇزىكا، بۈيۈك شېئىرلار ئۆتمۈش ۋە بۈگۈننىڭ ئەكس سادالىرىدۇر.

62

ھاياتنىڭ تەقدىرى ئۇستىدىكى مۇلاھىزە تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ.

63

سەن زېمىن كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ پارچىسى، ئەمما سېنىڭ يەنە بىر گەۋدەڭ بار. ئۇ سەندە مەخپىي ۋە يوشۇرۇن، ئۇنى پەقەت سەنلا كۆرەلەيسەن.

64

نامراتلار ئۆز ھېسسىياتى، قايغۇ ـ ئەلەملىرى، يوقسۇزلۇقلار ھەققىدىلا سۆزلىشىدۇ. ئۇلار شۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپىدۇ.

65

ئانىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ھەقىقىي سىرنى چۈشىنەلىگەن شائىر ئەڭ نادىر شېئىرلارنى يازالايدۇ.

66

ئاجىزلىق بىلەن ئىتائەتمەنلىك ئايالّلارنىڭ خاراكتېرى.

بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى كەمسىتىش، چەتكە قېقىش، ھاقارەتلەش بىزنىڭ ئۆز ئانىمىز، قىزلىرىمىز ۋە دوستىمىزغا قىلىنغان زوراۋانلىقىمىزدۇر.

67

ئانا بولۇش — بارلىق قىزلارنىڭ ئەڭ چوڭ شان ـ شۆھرىتى، نام ـ ئابرۇيىدۇر.

68

مۇھەببەت خۇپىيانە بولغاندا ئۇنىڭ تەمى، لەززىتى بولىدۇ. ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغاندا تەمىنى بىلگىلى بولمايدۇ. دېمەك، مۇھەببەت مەۋھۇملۇقى بىلەن شېرىن ھەم لەززەتلىكتۇر.

69

ھەرقانداق بىر قايغۇ ـ ھەسرەت، يوقىلىش، تراگېدىيىلەر بولسۇن ياكى كۆڭۈللەرنى يايرىتىدىغان خۇشاللىقلار بولسۇن، ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك سىرى بولۇپ قالمايدۇ.

70

قەلبىمىزنىڭ نامراتلىقى بىزنىڭ ھەقىقىي نامراتلىقىمىزدۇر.

71

بىر سەمىمىي نامراتنىڭ قولىدىكى بىر پارچە نان ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر نامراتنىڭ قورسىقىنى تويغۇزالىشىغا ئىشىنىمەن. ئەمما، يۈز بېخىلنىڭ كۈمۈش قاچىسىدىكى ئېسىل تائاملار ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر بېخىلنىڭ قورسىقىنى تويغۇزالىشىغا ئىشەنمەيمەن.

72

مەن بىر زامانلاردا جەننەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ئادەم ئاتىغا ئوخشايمەن. گەرچە جەننەتتىن ھەيدەلگەن بولساممۇ، بۇ تراگېدىيىلىك يوللاردا يەنە شۇ جەننەتكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

73

مۇھەببەت قەدىمكىلەرگىمۇ بار بولغان، بىزگىمۇ بار بولدى، كەلگۈسىدىكىلەرگىمۇ بار بولىدۇ. دېمەك، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇھەببەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر.

74

ھەقىقەت يولىدا قىلغان كۈرەشلىرىم — مېنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقىم ئىسپاتىمدۇر.

75

ئالىيجانابلىق — گۈزەللىكتۇر. ئالىيجانابلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئېتىقادى ھەقىقەتچىلەرنىڭ ھەقىقەتكە بولغان ئېتىقادىغا ئوخشايدۇ.

76

تراگېدىيە — ياشاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇتىدۇ.

77

بىر پەيلاسوپ ھايات ھەققىدىكى سورالغان سوئاللارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ھايات شادلىق بېغىدۇر، ھەسرەت چۆلىدۇر،

ھايات كۆڭۈل ئارامى بىلەن قايغۇ مەھكەم قۇچاقلاشقان تۇرمۇشتۇر. ھايات ئۈمىد بىلەن ئەمىنلىككە توشقان كۈنلەردۇر.

78

مېنىڭ چىرايىمدىن يېنىپ تۇرغان ھۆرمەت ۋە ئىتائەتمەنلىكىم ۋۇجۇدۇمدىكى ئېتىقاد بۇلىقىدىن ئۇرغۇپ چىققان يۈكسەك ئەخلاقىمدۇر.

79

ئېتىقاد سېنىڭ ئەڭ ياخشى مەكتىپىڭ. ئەڭ ئىستىبداتلىق مۇئەللىمىڭ.

80

مەن قولۇمدىكى بەتلەپ قويۇلغان قورالنى قەيەرگە، كىمگە ئېتىشنى بىلمىگەندە، ئۇ قورال ئۆز يۈرىكىمگە ئېتىلىدۇ.

81

زېمىن ھەقىقەت بولماسلىق پەيلاسوپلارنى تېخىمۇ ئاقىللاشتۇرىدۇ.

82

ناخشا، مۇزىكا، رەسىم ۋە ھەيكەللەر ئۆزلىرىنى كىشىلىك ھايات، تۇرمۇش، مۇھەببەت، گۈزەللىك، ئەقىدە، ئېتىقادنىڭ تەسىراتلىرى، دەپ چۈشىنىدۇ.

83

كىشىلەر قورقۇپ يۈرگەن، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن بىر نەرسە بار، ئۇ تىراگېدىيە، ئەمما تراگېدىيە بەختىنىڭ،

ھۆرلۈكنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى.

84

زالىمنىڭ ھەشەمەتلىك داچىسى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئادەمنىڭ قومۇش كەپىسىدىن ئىسسىق ئەمەس.

85

پۇل ـ ماللىرى بىلەن ماختىنىش، كۆركەم سارايلىرى بىلەن تەكەببۇرلىنىش، ئېسىل كىيىملىرى بىلەن مەغرۇرلىنىش — چاكىنا، پەس تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى.

86

ئىشرەت سورۇنى، گۇناھ مەيدانلىرى ئازغۇن كىشىلەرنىڭ گۆرىستانى.

87

ئارخىئولوگلارنىڭ نەزەرىدىن يىراقتا قالغان قىممەتلىك بۇيۇملار بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ كېتىدۇ.

88

ئاتىلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەن چوڭ ـ كىچىك ۋەقەلەرنى ئەقىللىق بالىلار يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

89

بىز ھەممىمىز يولۇچى، بىرىمىز ئېسىل سارايلىرىمىزدىن چىققان، بىرىمىز ئاددىي كەپىلىرىمىزدىن يول ئالغان. گەرچە ياشىغان ماكانىمىزنىڭ پەرقى خېلى چوڭ بولسىمۇ، ئەمما

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقان مەنزىلىمىز بىر. بۇ مەنزىلىمىز چوڭقۇر جىمجىتلىقتا، سۇرلۇك كەيپىياتقا تولغان پىنھان قەسىردۇر، كىشىلەر بۇ قەسىرنى قەبرە دەپ ئاتايدۇ.

90

ھاياتنى كۈيلەش مۇھىم ئەمەس، ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مۇھىم.

91

ئۆلۈم — ئىنتايىن چوڭ تىراگېدىيە.

92

ئاجىزلىق — دۈشمەننىڭمۇ، خائىنلارنىڭمۇ ئولجىسى، ئۇلار خۇددى سېسىق تاپقا ئۆزىنى ئۇرغان يىرتقۇچ قۇشلاردەك ئاجىزلارغا نۆۋەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ.

93

ھەر مىللەتنىڭ تىللىرى پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ قەلبىنىڭ ساداسىنىلا ياڭرىتىدۇ.

94

مېنى كۈچلۈك ئېتىقادقا مۇيەسسەر قىلغان نەرسە ئازاب، تىراگېدىيە.

95

مېنى دۈشمەن كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئېتىقادىم ۋە يولۇمدىكى ئادەملەر ئەمەس.

96

ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ، ئۇلارنى بۇ يولدا توختىماي كۈرەشكە چاقىرغان ئادەم تولىمۇ ئۇلۇغ ئادەمدۇر.

97

ئاتا ئارزۇسى بالىلار ئۈچۈن يول ئەمەس، بەلكى باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيەتتۇر.

98

مېنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇشۇم، مېنىڭ تىراگېدىيەمدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

99

ھەقىقەتچىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشى، تۈرمىدە يېتىشى، دارغا ئېسىلىشى، كەمسىتىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھلىرىدىن ئەمەس.

100

سېنىڭ ئۈمىدسىز قەلبىڭ سېنى ئۆز سايەڭدىنمۇ قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ. سېنى كېسەلمەن روھىڭ، سېنىڭ كۆكرىكىڭدىكى يۈرىكىڭنىڭ سوقۇشلىرىنىمۇ ئاڭلىماس قىلىپ قويىدۇ.

101

مەن ئۆز ئېتىقادىمغا بويسۇنىمەن، بۇ ئېتىقادىمغا سادىقلىقىمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

102

پاك مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد ئىنسانىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھىمايىسىدۇر.

103

بالىلار ئۈچۈن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدىغان ئادەمنىڭ چىقماسلىقى ئېنىق.

104

ساڭا ئوخشاش ئازاب ئىچىدە قىينىلىۋاتقان ئاق كۆڭۈل ئادەم سېنىڭ ئازابلىرىڭغا تەسەللى بېرەلىشى مۇمكىن، ئەمما سېنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

105

مۇسىبەتلىك كىشىلەرلا ئۆزىگە ئوخشاش تەقدىردىكى ئادەمنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن يۈرىكىنى بەزلىيەلەيدۇ.

106

ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئازابلىرىغا چىداپ تۇرالمىغان ئادەم، ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىگە بېشىنى قويغان ئادەمدۇر.

107

ئاجىز ئادەملەر ساق پۇتى بىلەنمۇ ماڭالمايدۇ، ئەزىمەتلەر سۇنغان پۇتى بىلەنمۇ داۋان ئاشالايدۇ.

108

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى — نارەسىدە بالىلارنىڭ

زىممىسىدىكى يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشى مۇمكىن.

109

قانىتى سۇنغان بىر قۇش باشقا بىر قۇشنىڭ قانىتى بىلەن ئۇچالمايدۇ.

110

ئېغىر يۈكلەر تۇپەيلى بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن ئاتىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بالىــلارغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئۆچۈپ قالغان ئەمەس.

111

مەن مۇقەددەس يولۇمدىن ئادىشىۋېدىم، دۇنيا ماڭا قاراڭغۇ، زۇلمەت بولۇپ كۆرۈندى.

112

ھەقىقەتكە بالىلارچە ھېسسىياتى بىــــلەن قارىغان ئادەمگە ھەقىقەت خام خىيال ياكى ئەپسانە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

113

مەن ئەلەملىك ياش تۆكۈش تۇپەيلىــى قورقۇنچاق ئەمەس، يۈرىكىمنىڭ پۇچىلىنىشى تۇپەيلى ئاجىز ئەمەسمەن.

114

مەھبۇسلارغا ئەركىنلىك ۋە ھايات كۈيلەنگەن ناخشىلارنــى ئېيتىپ بەرگىنىمىزدە، ئۇ بىزنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ.

115

سىنى دەرد ـ ئەلەم ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاندا، سىنى دوستۇڭ قوتۇلدۇرۇۋالماقچى بولۇپ ساڭا يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ساختا نىيىتى ئەمەس.

116

سۆڭەككە ئاغرىق يەتكەندە ئويغىنىش — كېچىكىپ ئويغىنىش.

117

ھەقىقەتچى — ئادالەت، ھەققانىيلىق، ساداقەت، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق ۋە تەسەللىنىڭ پۈتمەس بۇلىقى.

118

ئىنسانىي كۈچ ـ قوۋۋەتكە ئىگە قىلىدىغان نەرسە ۋىجدانىي مەسئۇلىيەتتۇر.

119

بىز پۈتكۈل دىققىتىمىزنى ئۆز ئېتىقادىمىزغا مەركەزلەشتۈرەلىگەندە، ھەرقانداق ماكان ۋە زامان بىزنى يەكلىيەلمەيدۇ.

120

بالىلارغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈشىمىز كېرەك ئەگەر بۇ سۆزلەردە ھەقىقەت بار بولغان بولسا.

121

ھايات ۋاقتىدا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن چاقىرىلمىغان ئاتا ـ ئانا، ئۆلار ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۇ ئەسلەنمەسلىكى مۇمكىن.

122

ياشلارنىڭ ئىغىزىدىن چىقىدىغان ئەڭ شېرىن، ئەڭ گۈزەل سۆز مۇھەببەتتۇر. بۇ سۆزگە ئۇلارنىڭ ھەممە خۇشاللىقلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

123

مۇھەببەت — بوشىغان ئىرادىلەرگە كۈچ، ئازغان ھاياتقا خەرىتە، كۆڭۈلسىز تۇرمۇشقا چىراغ بولالايدۇ.

124

ھەققانىيەتچى ئادىللىقى بىلەن، دانىشمەن ھېكمەتلىرى بىلەن، ناخشىچى ناخشىسى بىلەن زېمىننى قۇچاقلايدۇ.

125

ھەقىقەت — بىر ئۆلۈغ ئانىغا ئوخشايدۇ. ئۇ چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

126

مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئانىنىڭ پۇت ـ قولىدۇر.

127

دۇشمەننىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرى، زۇلۇم ـ زالالەتلىرى ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە مەھكەم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ساقلىنىدۇ.

128

ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەقىل ـ ئىدراك كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشى — ھاياتقا، ھۆرلۈككە، ئەتىگە بولغان ئىنتىلىشلىرىمىزنى بەرباد قىلىدۇ.

129

باللار مېھرىبان ئانىلارنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا خاتىرجەملىك تاپىدۇ، ياشلار سەممىي، پاك مۇھەببەتنىڭ ئىسسىق باغرىدا خاتىرجەملىك تاپىدۇ، قېرىلار سەۋر ۋە تەسەللىنىڭ سۆيگۈسى بىلەن خاتىرجەملىك تاپىدۇ.

130

ئۈمىدلىك، جاسارەتلىك ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدە بوۋاق باللارنىڭ كۆزلىرىدە بولىدىغان بىر خىل سېھىرلىك نۇر چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قەلب قۇياشىدىن يېنىپ تۇرغان نۇردۇر.

# روھىمنىڭ چەكسىز ئاسمىنى

1

ۋەتىنى مۇنقەرز بولغان ئەلنىڭ ھايات قىسمىتى خارابىلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ، پەرزەنتلىرى ئورغاق بىلەن قىرقىۋېتىلگەن گۈلدەك سولغۇن ھەم بىچارە بولۇپ قالىدۇ.

2

تۆھپىكار كىشىلەر ئۆمرىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىگە رازى بولىدۇ.

3

ئانا ياكى ئاتىنىڭ چېھرى بالىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھايات شۇنداق داۋاملىشىپ بارىدۇ.

4

ئۇلۇغ ھەم ھۆرمەتلىك ئۇستازلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئاڭلاپ تۇرىمىز.

5

قانۇننىڭ كۈچى يەتمەيدىغان بۇزۇق ئەمەلدار، قانۇننىڭ ئەڭ نازۇك يوچۇقلىرىنىمۇ بىلەلەيدىغان ئەمەلداردۇر.

www.uyghurkitap.com

6

سەن ھەقىقەت يولىغا كىرگەندە شۇ يولدا مۇرىنى - مۆرىگە تىرەپ، قولنى - قولغا تۇتۇپ كېتىۋاتقان كىشىلەر تىلىدىن ھەقىقەتلەرنىڭ پىداكارانە ناخشىسىنى ئاڭلايسەن، ئەنە شۇ ناخشا سېنىڭ ھاياتىڭ ئۈچۈن يېتەكچى ھەم يول باشلىغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

7

ئەرۋاھلاردىن كۈچ - قۇۋۋەت تىلەش تىرىكلىكتە، ھاياتقا قىلىنغان ھاقارەتتۇر.

8

بالىلارنىڭ چىرايىدا جىلۋىلەنگەن تەبەسسۇم ئاتا - ئانىلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئەڭ شىپالىق دورا.

9

مۆمىن ئادەم گەرچە نەسىھەت قىلىشنى بىلمىسىمۇ، نەسىھەتلەرنى ئاڭلىماي قالمايدۇ.

10

ئەڭ نامرات، ئەڭ ئاق كۆڭۈل ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىنىڭ قەلبىدىكى ئاجىزلىقىنى، يۈرىكىدىكى دەرد - ئەلەملەرنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ.

11

چەكسىز سۈكۈت ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن ھايات جىمجىتلىق ئىچىدە ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كېتىدۇ.

12

ۋەتىنى ئۈچۈن جان تەقدىم قىلغان قەھرىمانىنىڭ يۈرىكى بىلەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۈپراقنىڭ قانلىق يۈرىكى مەھكەم گىرەلەشكەن بولىدۇ.

13

ئاياللار بالىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

14

سەمىمىي، ساداقەتمەن ئادەملەر دەھشەتلىك رەنجى ـ سىتەم ئىچىدە ئوتتا كۆيۈپ تولغىنىپ تۇرسىمۇ، ئويغاق كۆزلىرىدىن سۈزۈك ياشلار مارىلاپ تۇرسىمۇ، يەنىلا باشقىلارغا سەۋر قاچىسىدا سۇ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. ئۇلۇغ ھەم مەرھەمەتلىك ئادەملەر چۆل ـ جەزىرىلەردە كۈنلەپ يۈرۈپ، ئاچ قالسىمۇ، قولىدىكى بىر قاچا ئاشنى ھېچقاچان يەنە بىر ئاچ قالغان ئادەمدىن يوشۇرمايدۇ.

15

تەمەخورلۇق — يېرىم تىلەمچىلىكتۇر. بۇ خىل تىلەمچىلىك ۋىجدانسىزلىق، غۇرۇرسىزلىق، ھاياسىزلىق بىلەن تويۇنغان بولىدۇ.

16

ھەقىقەتچىنىڭ توختىماي سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى — زېمىنىنىڭ توختىماي سوقۇپ تۇرغان تۈۋرۈكىدۇر.

17

تەقدىر ئۆز ھېكمىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئەلەم - ھەسرەتلىك كىشىلەرنى بىر - بىرىگە دوستلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل بىرلىشىش ئۇلارغا يېڭى بىر ھاياتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

18

چېقىلغان ئۆيلەر ئاسارەتتىقە ئەمەس، چېقىۋېتىلگەن ئۆيلەر ئاسارەتتىقىدۇر.

19

ھاياتنىڭ لەززىتى چىدام - قەيسەرلىكتە ۋە غەيرەت - جاسارەتتە.

20

ئۆزىنى دۈشمەننىڭ سۈيىقەستى، ھىيلە - مىكرلىرىدىن قوغدىيالمىغان ئادەم ئائىلى ۋە بالىلىرىنىمۇ ئۇنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىدىن ساقلىيالمايدۇ.

21

كەم سۆزلۈك — ئايالنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى.

22

ئازاب بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە چۈشىنىش ئاسان بولغان خەتلەرنى تۇجۇپىلەپ يېزىپ قويىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ھېكمەتلىك چاقىرىقتۇر.

23

مىسكىنلەر ئىچىنىشلىق تەبەسسۇم قىلىدۇ، ئاۋازىمۇ گويا ھاڭلارغا غۇلاپ چۈشكەن ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ناھايىتى زەئىپ چىقىدۇ.

24

قەلبىنى ئازاب، چېھرىنى يىغا، روھىنى تەشۋىش بوغۇپ قويسىمۇ، يەنىلا مەردانە سۆزلىيەلەيدىغان ئادەم — قەيسەر ئادەمدۇر.

25

سەن ئۆزۈڭنى مۇناردەك مۇستەھكەم كۆرسەڭلا، سېنى ھېچقانداق بىر بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇر ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ.

26

مەسخىرە - مازاقلارغا لايىق ئادەملەردە ئىنسانىي سۈپەتلەر بولمايدۇ.

27

غايە يولىدا ئۆلگەن ئىنسان شەھىتلەرچە ئۆلگەن بولىدۇ. زەپەر قۇچقان مۆمىن باھادىرلارچە ياشىغان بولىدۇ.

28

بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسماندىكى قۇياشنى ئەمەس، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قۇياشنى كۆرەلىگەن ئادەم بەختلىك ئادەمدۇر.

29

كېتىۋاتقان توغرا يولىدىن قورقۇپ توختاپ قالىدىغان ئادەم مەڭگۈ ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ بارالمايدۇ.

30

چىۋىن — ھەسەل قاچىلانغان ئاپقۇر ئەتراپىدا بەھۇزۇر يايراپ يۈرگىنىگە ئوخشاش ، زۇلۇم ـ ھاقارەتنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرىمۇ ئاجىز ئادەمنىڭ ئەتراپىدا بەخۇدۇك يايراپ يۈرىدۇ.

31

ھايات — بەزى ئادەملەر ئۈچۈن مەڭگۈ چۈشەنگىلى بولمايدىغان قەدىمىي يېزىقتۇر. يەنە بەزى ئادەملەر ئۈچۈن سۈزۈك ئاسماندا كۆرۈنۈپ تۇرغان نۇرلۇق قۇياشتۇر.

32

ئىنسان ئۆز دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلىش بىلەنلا ئەمەس، تەشۋىشلەرگە سىلىپ قويالىشىدىنمۇ پەخىرلىنىشى كېرەك.

33

دۈشمەن قىلىچىغا كۆكسىنىمۇ ۋە دۈمبىسىنىمۇ تۇتۇپ بەرمىگەن ئادەم ئەڭ غالىب ئادەمدۇر، چۈنكى ئۇ مەغلۇب بولۇشنى خىيال قىلغان ئەمەس.

34

بىخەتەرلىك، پاراغەتلىك، شاد ـ خۇراملىق جايلارغا مۆكۈنۈۋالغان يۈرەك باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ يۈرىكى ئەمەس.

35

پەرۋانىنى ئوت ئەمەس، ئۆز ۋۇجۇدى، ئارزۇ ـ ئارمىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىدۇ.

36

مۇغەمبەر، ھىيلىگەر ئادەم چاشقانغا ئوخشايدۇ. ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى پەرۋايىغا ئالماي ياشايدۇ.

37

شېغىل تاشلار ۋە چاتقاللىقلار ئارىسىدىكى يىلان ـ چايانلارغا نەزىرىمىزنى سالماي ماڭغىنىمىز، ئۇلارنىڭ بىزنى چېقىپ ئۆلتۈرۈشىگە يول قويغىنىمىزدۇر.

38

چىلبۆرىلەرنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى چاينىيالمىغان، قاسساپلارنىڭ ئۆتكۈر تىغى بوغۇزلىيالمىغان ئادەم بىر قىزنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن ھالاك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

39

ئېغىر بازغانلار بىلەن ئۇرۇلۇپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتەلمەيدىغان ئادەم پەقەت ھەقىقەتچىلەردۇر.

40

ئېغىر سۇكۇتتە يۈرۈۋەرسىڭىز ھاقارەتتىن مەڭگۈ ئازاد بولالمايسىز.

41

ئېتىقاد — پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان ساپال چىراغنىڭ نۇرىغا ئوخشايدۇ. چىراغنى ماي نۇرلاندۇرۇپ تۇرغىنىدەك ئېتىقادنىمۇ ئەقىدە، ئىمان، ياخشى ئەمەللەر ياندۇرۇپ تۇرىدۇ.

42

ئېتىقادسىز ئادەم — كومپاسسىز ئېكسپېدىتسىيىچىگە، مەشئەلسىز يولباشچىغا ئوخشايدۇ.

43

ئېتىقاد — ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى نۇرلۇق چىراغتۇر.

44

شامال ئۆزى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن يوپۇرماقلارنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەرمىش.

45

دۇشمەننىڭ نەيزە قىلىچلىرى هالاك قىلالمىغان خەلقنى مۇتىهەم، ساختا دىندارلار بىلەن هىيلىگەر سىياسەتۋازلار، خائىن مۇناپىقلار گۇمران قىلىۋېتىدۇ.

46

ئادەملەرگە تىز پۈككەن، سەجدە قىلغان ئادەم هالاك بولماي قالمايدۇ.

47

ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ كۆز يېشى ئانا قورسىقىدا بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قېلىۋاتقان بوۋاقلارنىڭ تارتىۋاتقان ئەلەملىك كۇلپەتلىرى ئۈچۈن ئاقىدۇ.

48

ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغانلىق سەۋەبلىك دۈشمەنىنىڭ تۆمۈر - توقماقلىرىدا ئۆلۈپ كېتىش ھەرگىزمۇ پۇشايمانلىق، ئېچىنىشلىق ئۆلۈم ئەمەس.

49

ياخشى چۈشلىرىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا چىقىپ كېتىدىغان، يامان چۈشلىرى بىلەن قارا يەرنىڭ تىرەن چوڭقۇرلۇقىغا كىرىپ كېتىدىغان ئادەملەر ئەڭ ئاجىز ئادەمدۇر.

50

چۈش — ئىنسان تەقدىرىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ.

51

ھېچقانداق ئارزۇ - ئىستىكى، غايە - نىشانى بولمىغان ئادەم گەرچە ئىنسان توپى ئىچىدە ياشىغاندەك قىلسىمۇ، ئىنسانلاردىن يىراق ياشىغان بولىدۇ.

52

ئاچ كۆزلۈك بېخىل، نەپسانىيەتچى ئادەمنىڭ ئىچىنى توختىماي تاتىلاپ تۇرىدۇ.

53

ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى چىقمايدىغان، ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلىمەيدىغان ئاق كۆڭۈللۈك چاكىنا، بىمەنە ئاق كۆڭۈللۈكتۇر.

54

ھەقىقەتچىنىڭ قالقىنى ھەقىقەتتۇر. بۇ قالقان ئۇنى ئەبەدىلئەبەد قوغداپ قالالايدۇ.

55

چىرىكلەشكەن، غالجىرلاشقان، مەنسەپدار ئاشكارا بۇلاڭچىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

56

كۆپ ئاتىلار بالىلارغا قانداق قىلىشنى ئۆگىتىشى مۇمكىن، ئەمما قانداق ياشاشنى ئۆگەتمەيدۇ.

57

دىن بىلەن سىياسىي باشقا ـ باشقا نەرسىدۇر. ھەربىرىنىڭ يولى، كۆزقارىشى، مەقسىتى ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا ئايرىم پوزىتسىيىدە بولۇش كېرەك.

58

ئۆز خىزمىتى ۋە ئىشلىرىغا قىزغىن بېرىلگەن، ئىجتىھات بىلەن تەر ئاققۇزغان، ئەقىدە بىلەن ئۇنۇم ھاسىل قىلغان ھايات ئەڭ گۈزەل ھاياتتۇر.

59

سىز ئۆزىڭىزنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەملەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىڭىزنى تولۇق ھېس قىلالىغاندا، ھاياتلىق يولىڭىزنىڭ خىلمۇخىل توساقلىرى ئېچىلىدۇ.

60

ھېچبىر بەدەلسىزلا كېلىپ قالغان شانۇ شۆھرەت ياكى پۇل - بايلىق دەرەخ سايىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

61

ئىنسان ئۆزىگە نېسىپ بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئويلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن.

62

كىيىۋالغان كۆركەم تونى، ئېرىشكەن مەنسەپ ئۇنۋانى بىلەن جان بېقىش بىچارىلەرچە تىلەپ يېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

63

بۇزۇق كىشىلەرنىڭ ھاۋاسى ۋە تىنىقى يۇندا ئازگىلىنىڭ ھاۋاسى، ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ تىنىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

64

ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان ۋەز - نەسىھەتنى سۆزلىگەن ئادەم ناھايىتى تېز رەسۋا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى www.uyghurkitap.com

65

بالىلار ئۈچۈن ئاتا ۋە ئانا يول بەلگىسىدۇر. گەرچە بۇ بەلگە خاتا بولسىمۇ بالىلار ئۇنى توغرا، دەپ قارايدۇ.

66

ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان جاراھەتنى ۋىسال ۋە ئۆلۈم ساقايتىدۇ.

67

توغرا گەپ قىلساڭلار، سىلەرنى ھېچكىم باسالمايدۇ.

68

پۇقرالارنىڭ يوللۇق تەكلىپىنى تەھدىت دەپ قارايدىغان ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

69

قەتئىيلىك، كەسكىنلىك، ئادىللىق، سەمىمىيلىك، مۆلايىملىق ھەقىقەتنىڭ دوستلىرىدۇر.

70

بىز شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىمىز بىلەن كىشىلەرئارىسىدا ھۆرمەت تاپىمىز، قوپال ھېسسىياتىمىز بىلەن گۇمران بولىمىز.

71

سىنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ يىلتىزى بىچارىلەرچە ئاجىزلىقىڭدا، بۇ بىچارىلىك ۋە ئاجىزلىقنى ھەقىقەتلا

ساقايتالايدۇ.

72

ئۆز يۇرتىدىكى جاراھەتنى سېزەلىگەن ئادەم باشقىلارنىڭ يۇرتىدىكى جاراھەتنى سېزەلەيدۇ.

73

بەخت بەختسىز ئۈچۈن گۈڭگا، غۇۋا كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ پېيىدە يۈرگەن ئادەمگە ئۇ ئانچە گۈڭگا نەرسىمۇ ئەمەس.

74

باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغان ئادەم بىر بولسا ھەقىقەتچى، بىر بولسا نادان ھەم ساراڭ.

75

قىزلارنىڭ ئاجىزلىقى بىخۇدلۇقىدا، ساددىلىقىدا، ئۇلار ساختا مۇھەببەت تۇپەيلى ناھايىتى تېز مەغلۇپ بولۇپ تۈگىشىدۇ.

76

قىزلار ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ھۆل خىشقا دەسسەتكەن ئادەمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

77

سەن ئۆز روھىڭ تەرىپىدىن قوغدىلىسەن.

78

ھەقىقەت — دەسلەپكى قەدەمدە ئويغىنىش ھاسىل قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئادەمنىڭ كۆزىگە مەۋھۇم كۆرۈنىدۇ.

79

قارا كەلكۈن قىزىل گۈللەرنىمۇ، يېشىل چىمەنلەرنىمۇ، كۆركەم ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ئېقىتىپ كېتىدۇ.

80

شەھۋانىيلىق ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلالمايدىغان مۇھەببەتتۇر.

81

پەسكەش ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا بولغان ھېسداشلىقى، تىلىگەن، قىلغان تىلەكلىرى ھىيلە - مىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

82

ھاياتتا كىشىلەر سۆيگۈدەك گۈزەللىك بولسا تالاي كۆڭۈللەر يېقىنلىشىدۇ.

83

ئۇزۇن ياشاشنى ئارزۇ قىلغان قۇلدا ھۆرلۈك تۇيغۇسى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھۆرلۈك - ئەركىنلىك ۋە ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن ئۈستۈن كۆرمەيدۇ.

84

نادانلار — كۈپكۈندۈزدە قارىغۇ ئادەملەردەك يول يۈرىدۇ، كېچىدىمۇ ئۇلار ئۇچۇن ئوخشاش. ئۇلاردا كۈندۈز ياكى قاراڭغۇلۇق

تۇيغۇسى مەۋجۇت ئەمەس.

85

سەھرا ئاياللىرىدىكى ساددىلىق ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدۇر، ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىل ساددا، پاك خاراكتېرى ئۇلارنى دۇنياغا گۈزەل قىلىپ كۆرسەتكەن.

86

دىيانەت ئىگىلىرى سەممىي كېلىدۇ، گۈزەللىك ئەنە شۇ سەممىيلىكتە.

87

ئىقتىدارلىق ئادەملەر ماددىي جەھەتتىن ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شۇ ئاجىزلىقى بىلەن كىشىلەرگە كۈچلۈك كۆرۈنىدۇ.

88

سىز ھەرقانچە گۈزەل ھەم سەزگۈر بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، رېئاللىق سىزنى ئۆز ھېيلىسى بىلەن سەتكە، سېھرى بىلەن بىلىمسىزگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

89

تاغ چوققىسىغا چىقىشنى نىيەت قىلىپ ئىرادە تىكلىگەن ئادەمنى قورقۇنچلۇق قىيالار، جىرا - جىرالاردا مۆكۈنۈپ ياتقان قاراقچىلار، قاپتاللاردىكى بۆرە، ئېيىق ئۈۋىلىرى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com



90

سىز ئۆز پۇتىڭىزغا سانجىلغان تىكەننى ئېلىۋەتمىسىڭىز، ئۇ سىزنى بىر ئۆمۈر ئازابلايدۇ.

91

ساراسىمىلىق ھايات، تەشۋىشلىك تۇرمۇش سېنىڭ جان تالىشىۋاتقان ھاياتىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

92

كۆرەش قىلىشمۇ، كۆرەشكە چاقىرىق قىلىشمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك.

93

قىزلار — بۇ ئۆيدىن ئۇ ئۆيگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە ئېلىپ كېتىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئائىلىنى ئائىلىگە زىچ باغلايدىغان ئەڭ ياخشى دىپلومات.

94

غالىب روھ زېمىننىڭ نالە ـ پەريادلىرىنى ئۈنسىز شىۋىرلاپ تۇرىدۇ.

95

سىز كۆڭۈل بۆلمىگەن ھەرقانداق بىر ئىش ئۇ مەيلى ھايات ياكى تۇرمۇش بولسۇن كۆلكىلىك، تەمسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

96

پەرزەنتلەرنىڭ رازىلىقىسىز قىلىنغان توي كۆتۈلمىگەن تراگېدىيىلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

97

دىن — ئاياللارنى ئاسارەتتىقىلەردەك قوغدايدۇ.

98

مەنزىلى قاراڭغۇ ئادەمنىڭ ماڭغان يولى ئېگىز - پەس بولىدۇ.

99

دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىكلەر بىلەن خۇشاللىقلارنى كۆرۈشكە ياردەم بېرىدىغان كۆز قەلب كۆزىدۇر.

100

ئۆز مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ تاۋۇشى سىزنىڭ ھاياتىڭىزدۇر.

101

ئالىيجاناب، سەممىي پوزىتسىيە تۇتۇلغان ئېتىقاد ئۆزگەرمەيدۇ.

102

گۇناھ يولىدا ھالاك بولغان ئادەمنىڭ ئاۋازى قاپقانغا چۈشكەن بۆرىنىڭ ئاۋازىدەك ۋەھىمىلىك، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ئەلەملىك بولىدۇ. ئۇ شۇ ئاۋازلىرى بىلەن ئاخىرقى ئۆلۈمىنى چاقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى www.uyghurkitap.com

103

قاتتىق ھاياجانلانغان ئادەم قاناتلىرىغا ئۇۋۇچىنىڭ ئوقى تەگكەن قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ.

104

ئۈمىد — ئاجىز، بوشاڭ ئادەملەرنى قۇتقۇزوپ قالىدۇ.

105

ئىنسان بېشىغا تۇيۇقسىز كەلگەن ئازاب، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى بەتبەشىرە كۆرسىتىدۇ، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، مۇھەببەتنىڭ قىزىقىنى سوۋۇتىدۇ، ئەمما ئازاب قەيسەر ئادەملەر ئۈچۈن يوقىلىش ئەمەس.

106

كائىناتتىكى بارلىق گۈزەللىك — جەننەت ناخشىسىدۇر.

107

سۆيۈلگەن، ئۇستۈن كۆرۈلگەن، ئۇلۇغلانغان، ئاسرالغان، قوغدالغان ئېتىقادىمىز بىلەن مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز.

108

مۇھەببەت — شېرىن مىنۇتلاردا مۇڭلۇق مۇزىكا، مۇشكۇل سەپەرلەردە كۈچ ـ قۇۋۋەت، رىقابەتلەردە قول ـ قانات، جەڭگاھلاردا قورال ـ ياراغ ۋە قايغۇرغىنىمىزدا تەسەللى بولىدىغان دوست.

109

ئۆزىدىن زېرىككەن ئادەمنىڭ چىقىش يولى — ئۆلۈم.

110

چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارنىڭ قۇلىقىمىزغا مۇڭلۇق ئاڭلانغان كۈي سادالىرى دوزاخنىڭ مۇناجىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

111

سەۋر — تەڭرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھېكمىتى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭگۈشتەر خەزىنىسى.

112

قورقۇنچىدا قالغان ئەل ئاددىي گەپلىرىنىمۇ پىچىرلاپ ئېيتىشىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئىنسانىي ياشاش ئەمەس .

113

بىزنىڭ كۆزىمىز ئۆز كەمچىلىكىمىزنى ناھايىتى كېچىكىپ كۆرىدۇ.

114

ھەقىقەت ئۆزگەرمەيدۇ، پەقەت بىزنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا پىكىر ـ ھېسسىياتىمىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

115

تاغنى ھەرقانداق كۈچلۈك بورانمۇ، دەھشەتلىك قىيانمۇ ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ، ھەقىقەتچى ئەنە شۇ تاغقا ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

116

سىز كۆرەڭلەپ كەتمىگەندە كۆكلەيسىز.

117

تۇنۇگۈن بىزگە ماتەم ـ مۇسىبەت ساداسىنى ئاڭلاتقان هايات، بۈگۈن كۈي ـ ناۋالارنى ئاڭلىتىشى مۇمكىن.

118

مۇناپىقلار باشتا تاغلاردەك سەلتەنەتلىك كۆرۈنىدۇ، مەيىن شامالدەك ئىللىق سۆزلەيدۇ، ئانىلاردەك مۇلايىم كېلىدۇ. كېيىن بولسا ئەسلىي ماهىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ تىمساق تېرىسىدەك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

119

رەقىبىدىن كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆتۈنگەن ئادەم نېمىدېگەن بەختسىز ئادەم ـ هە!

120

چاكارلار ياشاشنى بىلمەيدۇ، هاياتنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلار ياشاشنى بىلەلىگەندە چاكار بولمىغان بولاتتى.

121

سىز كەلگۈسىدىن ياكى بۈگۈنكىزدىن ئۈمىدسىزلەنگەندە گەرچە ياش بولسىڭىزمۇ بەللىرىڭىز دەرەخ شېخىدەك ئېگىلىپ كېتىدۇ، كۆزلىرىڭىز قۇرىغان بۇلاقتەك خۇنۇكلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل هاياتنى دېگىلى بولمايدۇ.

122

ئىنسان ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان پىكىر ـ ھېسسىيات دۇنيا يوللىرىدا ئۆز ئەكسىنى نامايان قىلىدۇ.

123

بىز ئاجىزلىقىمىز تۈپەيلى باشقىلارنى كەمسىتىمىز.

124

قارا تورخۇن قاپقارا ئىس ـ تۈتەكلىرىنى چېكى يوق يېشىل ئاسمانغا سوۋغا قىلىۋېدى، ئىللىق ئاسمان ھەسرەت بىلەن قوبۇل قىلدى.

125

سىز تىللاپ، ھاقارەتلەپ، سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ يۈرگەن پەزىلەتلىك ئادەم سىزنى ئۇنداق قىلمايدۇ.

126

بىز ئەتىگەندە ئېرىقتىكى سۇنىڭ سۈپسۈزۈكلىكىنى كۆرگەنىدۇق، كەچقۇرۇندا بولسا ئۇ سۇنىڭ لېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. بەلكىم ھايات ئاشۇ ئۆستەڭدىكى سۇغا ئوخشىسا كېرەك.

127

دەرەخ شاخلىرىدەك بوران ـچاپقۇنلارغا بەرداشلىق ـ بېرەلمەيدىغان ھايات، يىللارنىڭ ئېغىر تاپانلىرىدا يانجىلىپ كۇنجى ـ بۇلۇڭلاردا چىرىپ توگەۋاتقان ھاياتتۇر.

www.uyghurkitap.com

128

ھەقىقىي تارىخ ئۆز قولىمىز بىلەن يېزىلغان تارىختۇر.

129

چىرىك ئەمەلدار كونا ئازگالدىكى چىرىپ - سېسىپ كېتىۋاتقان توپا سامانغا ئوخشايدۇ.

130

ئۆزى تەسەللىگە موھتاج ئادەم، باشقىلارغا تەسەللى بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

131

ئوتتەك يېنىپ تۇرغان يۈرەك مۇزلاپ كېتىۋاتقان يۈرەكلەر بىلەن دوستلىشالىغاندا، يېڭى بىر خەيرىيەت كۈنى باشلانغان بولاتتى.

132

پۇلغىلا موھتاج ئادەم بەختسىز بولۇپ قالىدۇ.

133

سىز دۇنيانى قەلبىڭىز بىلەن، كۆزىڭىز بىلەن، سۆزىڭىز بىلەن، ئەمەللىرىڭىز بىلەن ياخشى كۆرگەندە، دۇنيامۇ سىزگە چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

134

قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالغان خەلق بىر بولسا جىمىپ كېتىدۇ، بىر بولسا قىقاس - چۇقان كۆتۈرىدۇ.

135

ئۆز ئېتىقادى كۆڭلىدە مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدىغان ئادەمدە مەغلۇبىيەت بولمايدۇ.

136

سىز ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزغان ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز.

137

ئانا ھەم ئۇستاز، ھەم يېتەكچى، باشلامچى بولالايدىغان ئادەم مىسلىسىز ھۆرمەتلىك ئادەمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۇندىكى گۈلخان

1

بىزنىڭ كائىنات ۋە خىلمۇخىل شەيئىلەر ھەققىدە پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىشىمىز تەڭرىنىڭ كۆتكەن ئارزۇسىدۇر.

2

مەنىۋى ئاچلىقتا قالغان كىشى ماددىي ئاشلىقتا قالغان كىشىگە قارىغاندا بالدۇر ئۆلىدۇ.

3

كۆپ ھاللاردا قەبىھ ئەخلاقلار بىزنىڭ جىنىمىزنى ئالىدىغان قاتىلغا ئايلىنىدۇ.

4

سىز ھەرقانچە كۈچلۈك ئادەمگە ئايلانغان تەقدىردىمۇ، ئۆلۈمنىڭ تەھدىتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيسىز.

5

ئەدەپ ـ ئەخلاق ھايات ـ ماماتلىقنىڭ شەرم ـ ھاياسىدۇر، ئادەم ھاياتلىقىدا قانداق بولسا ماماتلىقىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

6

پاكلىق بىلەن ساداقەتلىكنىڭ گۈلشەنىگە سەجدە قىلىپ ياشىغان ئادەم تەڭرىنىڭ كۆركەم جەننىتى بىلەن تارتۇقلىغان ئۇلۇغ ئادەمدۇر.

7

ئالىيجاناب ئادەملەر پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ. ھەقىقەت ئەنە شۇ ئالىيجاناب ئىشلاردىن تۇغۇلغان.

8

سىز ھاياتنى دوست دەپ تاللىغان چېغىڭىزدا ئۇ سىزنى دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل، كۆركەم سارايلىرىغا باشلاپ كىرىدۇ.

9

سىز مال ـ دۇنيا، پۇل ـ بايلىقىڭىز بىلەن ئۆز يولىڭىزنى، ئىستىقبالىڭىزنى ئاپقاندەك قىلغان بىلەن، يەنە شۇ بايلىقىڭىز بىلەن ئىستىقبالىڭىزنى ۋەيران قىلىسىز.

10

غەيۋەت بىلەن گەپ تولا يەردە مەرىپەت بىلەن نەپ بولمايدۇ.

11

بىزنىڭ روھىمىز ھەقىقەتنىڭ روھى بىلەن بىرلەشكەندە، بىزنىڭ ئەسلىدىكى تار يوللىرىمىز راۋانلىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

12

سىز مېھرىبانلاشقاندا ئۆز مۇھەببىتىڭىزنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا قىزىلگۈل تىكىسىز، رەزىللەشكەندە ئۇنىڭ يۇرىكىگە تىكەن تىكىسىز.

13

بۇ ھايات شۇنداق، ئۇ يەر شارىدەك ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، خۇشاللىقلار دەرد ـ ئەلەمگە، دەرد ـ ئەلەملەر خۇشاللىقلارغا ئالمىشىپ داۋاملىشىدۇ.

14

ئەقىدە ۋە ساداقەت — مۇھەببەتتۇر، ئەمما ھايات مۇھەببەت ئەمەس.

15

ھەقىقەتنىڭ كەينىدە ماڭمىغان ئادەم ھەقىقەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمايدۇ.

16

ھايات — بىر قامۇستۇر. ئۇنىڭ بىرنەچچە ۋارىقىنى ئوقۇپ قويغانلىق بىلەن ئۇنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كەتكەن بولمايمىز.

17

سىز خورلانغان، كەمسىتىلگەن، دەپسەندە قىلىنغان سۇباتلىق ساھىبجامال قىزنىڭ ئازابلىق، مىسكىن چىرايىدىن دۇنيادىكى بارلىق ئازار يېگەن ئانىلارنىڭ قايغۇسىنى، دەرد ـ ئەلىمىنى كۆرەلەيسىز.

18

قەپەستىكى مەھبۇسنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى، نالە ـ پەرياد چېكىشلىرى ئۇنىڭ كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتى بولۇشى مۇمكىن.

19

يېڭى ئويغانغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا قورقۇنچاقلىق ۋە ئاجىزلىق بولىدۇ. ئۇنى پەقەت ئىرادىلا تاۋلىيالايدۇ، كۈچلەندۈرەلەيدۇ.

20

دەلدۇش، بىخۇد ئادەم مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن ھاياتنى كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدۇ

21

سىزنىڭ روھىڭىز زېمىنىنىڭ روھى بىلەن بىرگە يېشىل ئاسمان، كەڭرى دالىلاردا قول تۇتۇشۇپ ئۇچۇپ يۈرگەندە، سىز بەخت تاپقان بولىسىز.

22

شېئىر ئاڭلاشنى خالىغان ئادەملەر ئۇچۇن ھېكمەتلىك مەكتۇپ، ھۇزۇرلىنىشنى خالىغان ئادەملەر ئۇچۇن خۇش پۇراق گۈلدۇر.

23

چىرايلىق گۈللەر گەرچە يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنىۋالغان بولسىمۇ، سەھەرنىڭ شەبنەم تامچىلىرى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تاپماي قالمايدۇ.

24

سىز ھاياتلا ياشايدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنى ھەرقانچە يوشۇرۇپ يۈرگەن تەقدىردىمۇ ئىنسانلار توپىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز.

25

قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ شەنىــگە داغ تەگكۈزۈش ئەڭ چوڭ جىنايەتتۇر. بۇنداق كىشى ئۆلۈمگە لايىق كىشىدۇر.

26

ئاجىز كىشىلەرنىڭ قەلبىدە نەپرەت بولمايدۇ، پەقەت ھەسرەت بولىدۇ.

27

ھەقىقەتتىن يىراقلاشقان ئادەم كوچىلاردا تەمتىرەپ يۈرگەن قارىغۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ.

28

تارىخ — ئىنسانلار دۇنياسىدىكى تۈرلۈك كەچمىشلەردۇر. لېكىن، بۇ كەچمىشلەر گاھىدا ئۆزگەرتىلىپ يېزىلىدۇ.

29

ئۈمىد ۋە ئىرادە — سىزنىڭ تالانتلىق ئۇستازىڭىز.

30

مۇھەببەتلىك يۈرەك كۆيگەنسېرى ئۇلغىيىــپ يالقۇنجايدىغان

ئوتقا ئوخشايدۇ.

31

سەن كىمنىڭ ئېلىدە بولساڭ، شۇنىڭ خىزمىتىدە بولماي قالمايسەن.

32

گۈزەللىك يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ھاياتتا مۇھەببەت ۋە ساداقەتمۇ بولىدۇ.

33

ئەركىنلىك ناخشىسى گۈزەللىك ناخشىسىدۇر. بۇ ناخشا ھەقىقەتچىلەرنىڭ ئالىيجاناب قەلبىدىن تۆكۈلىدۇ.

34

ئۆز پېيىدە يۈرگەن ئادەم ئاسان مەغلۇپ بولمايدۇ.

35

ئىرادە قانات بەرمىگەن ئادەم ئەركىنلىكنىڭ گۈزەل مەنزىللىرىگە ئۇچۇپ بارالمايدۇ. ئۇ يەردىكى مىسلىسىز خۇشاللىقلارنى بىلەلمەيدۇ.

36

بىلىم — بالىلىق چاغلىرىڭىزدىمۇ، ياشلىق باھارىڭىزدىمۇ ۋە قېرىغان ۋاقتىڭىزدىمۇ سىزگە يېتەكچىدۇر.

www.uyghurkitap.com

37

مۇھەببەت سىزنىڭ ئەڭ ياخشى تەسەللىرىڭىز. مەن كۆزدە تۇتۇۋاتقان مۇھەببەت سەمىمىي، پاك مۇھەببەتتۇر.

38

ئالىيجاناب كىشىلەر ھەرقانداق بىر ئىشقا خۇدانىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ.

39

ئىنساني بۇرچىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بىلەلىگەن ھەم شۇ بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا كۆكرەك كېرەلىگەن ئادەم ئۇلۇغ ئادەمدۇر.

40

دۇنيادا بىراۋنىڭ شاپائىتىگە تۇزكورلۇق قىلىشتىن چوڭ جىنايەت بولمىسا كېرەك.

41

شەيتان ئوغرىلاپ كەتكەن ئەقىل ئاجىزلارنىڭ ئەقلىدۇر.

42

سىنىڭ پىيىڭدىكى ئادەم سىنىڭ ھارۋاڭنى كاتاڭغا باشلايدۇ.

43

ئاجىزلىق — سىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىڭ.

44

دۇنيادا ھايات ياشاۋاتقان مەشھۇر كىشىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ئادەملەر دادىل سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

45

پېتىۋاتقان قۇياشقا سۈكۈت بىلەن قاراپ تۇرغان ئادەم يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق ھەققىدە خىيال قىلىۋاتقان ئادەمدۇر.

46

قەيسەر ئادەم بۈيۈك ئارزۇلىرى ئۈچۈن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك يوللاردىن ئەجدادلىرىنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەيدۇ.

47

سىز قالدۇرغان ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر ھاياتىڭ ئىزلىرىدۇر.

48

ئۈمىدۋار ئادەم ئەتىنىڭ بولۇشىغا، غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ قولغا كېلىشىگە ئىشەنمەي قالمايدۇ. مانا مۇشۇ خىل روھ ھاياتقا بولغان قىزغىن مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ.

49

ھەقىقەت قەدىمكى زاماننىڭ رىۋايەتلىرى ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسى زاماننىڭ يارقىن ھېكمەتلىرىدۇر.

www.uyghurkitap.com

50

شۈبھىسىزكى، بىچارىلەر باشقىلارنىڭ پۇلىنى، مال – دۇنياسىنى ياخشى كۆرىدۇ؛ تەمەخورلار باشقىلارنىڭ ھوقۇق، ئىمتىيازىنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ھەقىقەتچىلەر باشقىلارنىڭ ئېتىقادى، ئىمانىنى ياخشى كۆرىدۇ.

51

قىزلارنىڭ تەڭداشسىز ئىپپىتى، گۈزەللىكى، پاكلىقى، ئالىيجاناب ئەخلاقى ئۇلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر.

52

ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلىگەن قەلب ئەبەدىي ئۆلمەس قەلبدۇر.

53

زالالەت يوللىرىدىكى گۇناھكار كىشىلەر چېكى يوق خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، دەرد – ئەلەمنىڭ قىيناشلىرى بىلەن ئاخىر ھالاك بولىدۇ.

54

شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسى كىرىۋالغان ئىبادەتتە ساۋاب بولمايدۇ.

55

ھەقىقەتچى جەڭنى، جەڭگاھنى، كۈرەشنى قارشى ئالىدۇ؛ مىليونېر بايلىقنى، باياشات تۇرمۇشنى قارشى ئالىدۇ.

56

جىمجىتلىق ۋە يالغۇزلۇق شائىرنىڭ ھېكمەتلىك ئەڭگۈشتەرىدۇر.

57

قەھرىمانىنى تۇرمە ياكى كويزا ـ كىشەن بىلەن قورقىتىمەن دېگەن ئادەم مېنىڭچە ئەڭ ئەخمەق ئادەم.

58

ئايرىلىپ قېلىشنىڭ يامانلىقىنى بىلگەن ئادەم ئاددىي نەرسىلەرنىمۇ قولدىن بېرىپ قويمايدۇ.

59

سىز ئايالىڭىزنى چۈشەنمىگەندە ياكى سىزنى ئايالىڭىز چۈشەنمىگەندە سىلەر بۇ يولدا كېتىۋاتقان ناتونۇش ئادەملەرگە ئوخشاپ قالىسىلەر. بۇ ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ پاجىئەدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

60

سېنىڭ روھىڭ پەقەت ساڭا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ روھى بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئۆتەلەيدۇ.

61

ھەرقانداق گۈزەللىك گۈزەللىككە شەيدا ئادەمنىڭ قەلب خەزىنىسىدە ساقلىنىدۇ. بىز ئائىلىمىزنى، بىلىجانلار سۇنى ياخشى كۆرگەندەك، كەڭ دالا گۈزەل باھارنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەندە، ئۇ بىزگە مىسلىسىز گۈزەللىكلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

62

ھەقىقەتچىلەرنىڭ، دانىشمەنلەرنىڭ نام ـ شەرەپلىرى يارقىن تىللار بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىنىدىغان جايدا بەخت ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

63

نىشاندىن ئېزىقىپ قالغان ئادەم ئۆزىنى گويا دالىدا ئۇخلاپ قېلىپ غايىب بىر سادادىن ئويغىنىپ كەتكەندەك، ئويغانغاندا ئۆزىنى بىر چۈش قوينىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

64

ئەخمەق، نادان ئادەملەر چۈشىدە كۆرگەن ھۆرلۈك، ئەركىنلىك بىلەن قانائەتلىنىپ ياشاۋېرىدۇ.

65

پەرىشان كۆڭۈللەرگە دوست بولالايدىغان ئادەم پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولغان ئادەمدەك سۆيۈملۈك ئادەمدۇر.

66

سىزگە ئېتىقادتىن يېتۈك باشقا بىر يېتەكچىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

67

ئىككى خىل ئېتىقادتىكى ئادەملەر مەڭگۈ دوستلىشالمايدۇ.

68

بىزنىڭ قەلبىمىز ئانا زېمىنىمىزنىڭ بارلىق قايغۇ ـ ھەسرەت، دەرد ـ ئەلەملەرنى كۆمىدىغان قەبرە بولالىغاندا، بۇ زېمىن ياش تۆكۈشتىن توختايدۇ.

69

دېڭىز ساھىللىرى سۇ دولقۇنلىرىنىڭ ئەلەملىك شاۋقۇنلىرىدىن چەكسىز سۆكۈتكە چۆمىدۇ.

70

شانۇ شەۋكەتلىك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك كۈنلىرىمىزنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەنسەكلا، ئۇنىڭ ھامان قولغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

71

سىز ئەسلەشنى خالىمىغان ئازابلىق كۈنلەر دەل سىزنىڭ ئەقىل قۇلۇپىڭىزنى ئاچقان كۈنلەردۇر.

72

مۇھەببەت — بىزنىڭ ئارزۇ قىلىپ يەتكەن ئەڭ سادىق دوستىمىز.

73

مەڭگۈلۈك ياخشى كۆرۈش — ئۆمىدى ئاخىرلىشىپ، تىنىقى توختاپ قالغۇچە ياخشى كۆرۈشتۇر. مانا بۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

74

غەمكىنلىك — شائىرنىڭ شېئىر خەزىنىسى. ياخشى شېئىرلار ئەنە ئەشۇ غەمكىن بۇلاقلاردىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ.

75

سىز بىر قىزنى خۇددى ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەلىگەندە، ئۇمۇ سىزنى ئۆزىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ.

76

ئانا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قاتىللىق قىلغان بالىسىنى، قورسىقىدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچماي ئۆلۈپ قالغان بوۋىقىنى، ھەقىقەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ دۈشمەنلەر قولىدا شېھىت بولۇپ كەتكەن ئوغلىنىمۇ ئوخشاشلا ئۇنتۇمايدۇ.

77

بىز پەقەت ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ دوستى ياكى ھەمراھى بولالايمىز.

78

سىز تەنھا قالغاندا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىپ سىزنى يوقلاپ تۇرىدىغان، سىزگە تەسەللى بېرىدىغان، سىزگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئادەم ئەڭ سەمىمىي ئادەمدۇر.

79

قىساس ئازابتىن تۇغۇلىدۇ. ئازاب بولمىسا قىساسمۇ، ئۆچمەنلىكمۇ، غەزەپ - نەپرەتمۇ بولمايدۇ.

80

دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىلەر سىز كۆڭۈل بۆلگەن نەرسىدۇر.

81

ھەقىقەت — ھەرقانداق بىر ناھەقچىلىككە رازى بولمايدۇ.

82

پەقەت گۇناھكار ئادەملا باشقىلاردىن كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

83

ھەرقانداق بىر جاپا ـ مۇشەققەتنى كۆزگە ئىلمىغاندا مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ.

84

ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان ئازابنىڭ ئۆزى بەخت.

85

ھەقىقەت مۇشكۇلاتتۇر. ئەنە شۇ مۇشكۇلاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىرادە كېرەك.

86

قولىقىمىزدىن كەتمەيدىغان مۇزىكىدا گۈزەللىك مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

87

سېنىڭ روھىڭىنىڭ قانىتى پەقەت ئۆزۈڭنىلا كۆتۈرۈپ، ئۇچالايدۇ.

88

سىز ئۆز ھاياتىڭىزنىلا مېنىڭ دېيەلىشىڭىز مۇمكىن. پەقەت بىخۇد بولمىسىڭىزلا.

89

ناكەس ئادەم ئۆز دۇنياسىنىڭ ئازابلىق ھەسرەت چېكىشلىرىنى، پىغانلىق تىنىشلىرىنى ئاڭلىمايدۇ؛ كور ئادەم ئۆز دۇنياسىدا چوڭ ـ كىچىك تولۇپ كەتكەن قانلىق ناخشىلارنى ئاڭلىمايدۇ.

90

تۈرلۈك سىناقلاردا قانداق قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.

91

سۈكۈتتىكى ئۆي قەبرىگە ئوخشايدۇ.

92

غالىبلىق، مەردانىلىق سىزنى ئىنسانىي ئۇلۇغلۇققا باشلايدىغان چىراغ.

93

ئىزدىنىش ئازابلىق ۋە جاپالىق بولىدۇ.

94

مۇھەببەتنىڭ قەلبلىرىنــى يورۇتقان كۈچلۈك نۇر قۇياش نۇرىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

95

دەۋرگە قاراپ ئۆزگىرىدىغان، پەسىلگە قاراپ ئالمىشىدىغان غەلىتە مىجەزدىكى ئادەملەر تولىمۇ تۇتۇرۇقسىز كېلىدۇ.

96

ئەركىن قۇش ھەرگىزمۇ قەپەستىكى قۇشتەك سايرىيالمايدۇ.

97

تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىق يۈرەكلەر دەرد ـ ئەلەمگە چىداشلىق كېلىدۇ.

98

ساداقەت ۋە مېھرىبانلىق ئانىلارنىڭ ئەڭ قىزغىن مۇھەببىتى.

99

سىز ئۆز كېمىڭىزنى چۆكۈرۈۋەتكەن رەقىبىنـــى ئۇنتۇپ قالغىنىڭىزدا، شۇبھىسىزكى، بەخت سىزگە قۇچىقىنى ئېچىشنى خالىمايدۇ.

100

ھايات دېگەندە ئەسلەپ قويىدىغان، ئەستىن چىقارمايدىغان ئادەملىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دوستىمىز، يەنە بىر قىسمى دۈشمەنلىرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

101

ئۆز غەلۋىمىز بىلەن تاسقىغان قونىقىمىز ئىشەنچلىك بولىدۇ.

102

ھەقىقەت ئۇچۇن قولغا كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە سائەتلىك، ھەتتا بىرقانچە كۈنلۈك ھۆرلۈك ئەركىنلىككە تەشنا خەلق ئۇچۇن بىرنەچچە ئەسىردەك قىممەتلىك ھەم قەدىرلىك بولىدۇ.

103

ئاجىز كىشىلەردە جان تالىشىۋاتقان يۈرەكلا بولىدۇ.

104

پاك ئانىلارنىڭ قەلبى ئىبادەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ قەلبىدەك جىمجىت بولىدۇ. بۇ خىل جىمجىتلىقتا مىسلىسىز مۇھەببەت تېپىپ تۇرىدۇ.

105

سىز سىتىۋەتكەن يەر بىز ئۇچۇن بۇيۇك ۋەتەندۇر.

106

قۇشلار ئەركىن قانات قاققان، ئىنسانلار مۇھەببەت تاپقان قەلب كەڭرى دالىغا ئوخشايدۇ. ئانىلارنىڭ قەلبى ئەنە شۇنداق سۆيۈملۈك بولىدۇ.

107

ھايات — چۈش ئەمەس. ھايات ئۇخلىغاندا كېلىپ، ئويغانغاندا

كېتىدىغان چۈش ئەمەس، بەلكى سېھىرلىك رېئاللىقتۇر.

108

سەن ھېچنەرسىدىن قورقمىغاندا ھەقىقەتنىڭ قولىدىكى نۇرلۇق مەشئەلنى كۆرەلەيسەن، كۆزىدىكى يارقىن گۈزەللىكنى سېزەلەيسەن ۋە قەلبىدىكى كۈچلۈك سادالارنى ئاڭلىيالايسەن.

109

سەن خالىغان ياخشى ئىشلارنى تەگرىمۇ خالايدۇ. سەن خالىمىغان يامان ئىشلارنى تەگرىمۇ خالىمايدۇ.

110

قەيەردە جەننەت بولسا، شۇ يەردە ئەركىن پىكىر قىلغىلى، دادىل سۆزلىگىلى بولىدۇ.

111

ھاياتنىڭ ئاق بەتلىرىگە ئۆز ئىسمىمىزنى يازالمىغاندا بىزنى دۇنيا تونۇمايدۇ.

112

ئەرمۇ، ئايالمۇ ئۆز ھاياتىنىڭ خوجايىنىدۇر.

113

سېنىڭ ئوي - پىكرىڭنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەلمەيدىغان ئايالدا ساڭا قارىتا پاك - مۇھەببەت بولمىغان بولىدۇ.

114

بىز توغرا بولمىساق، مۇھەببەت بىزنى جازالىماي قالمايدۇ.

115

ھەممە بەختسىزلىك، دەرد ـ ئەلەملەر پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن ياكى چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەنلىكتىن كەلمەيدۇ.

116

بىز يالقۇنجاپ تۇرغان يۈرىكىمىز بىلەن ھاياتنىڭ ئىسسىق قوينىنى تاپىمىز. بىز يەنە زېمىنستاندەك سوغۇق قەلبىمىز بىلەن ھاياتنىڭ سوغۇق قۇچىقىدا ئەللەيلىنىمىز.

117

دۇنيادا ئۆز ئائىلىسىدەك ئەركىن جاينى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەركىن ئىشلىگىلى، ئەركىن يۈرگىلى بولىدىغان بۇ جايدا سىياسەت، قانۇن بولمايدۇ.

118

سىز ئەر بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ خوجايىنى ئەمەس، خوجايىن بولۇش ئۈچۈن تۇرمۇشنى بەش قولدەك چۈشىنىش كېرەك.

119

كۆڭۈلدىكى قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىش، قول ئېلىپ كۆرۈشۈش ۋە بىرلىشىش ياشلارنىڭ بۈيۈك ئارزۇلىرىدۇر. بۇ ئارزۇ تولىمۇ ئاز كىشىلەرگە نېسىپ بولىدۇ.

120

ھەقىقەت مېنىڭ مۇقەددەس ئوي - پىكرىمدۇر.

121

بازاردىكى چۇقان - سۇرەتلەر چىرايلىق قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى بېسىپ چۇشكەندە، گۇزەل ناخشىلارنى ئېيتىــــۋاتقان قۇشلارنى ئۇنتۇلۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

122

مۇھەببەت قۇش ئەمەس، خالىسا دەرىخىمىزگە قونۇپ سايراپ قويۇپلا ئۇچۇپ كېتىدىغان. ئۇ بىر روھتۇر. پاكىز، ساپ روھتۇر، مەيلى ئۇخلايلى، مەيلى ئويغۇنايلى ئۇ بىزگە ھەمراھتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# جىمجىتلىقتا چاقماق چېقىنى

1

ئالتۇن قەپەستىكى قۇش ئەتىگەندىن كەچكىچە سايراپ هارمايدۇ. لېكىن، ئۇ هەرگىزمۇ گۈزەللىك ناخشىسى ئەمەس.

2

سىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى توقلۇقنىڭىز بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە مۇيەسسەر بولۇشىڭىز مۇمكىن.

3

روھتىكى دەرد ـ ئەلەم تەننىمۇ خاتىرجەم قىلالمايدۇ.

4

ئائىلە ئاندەك ئىللىق، ئاتىدەك مېھرىبان بولۇشى كېرەك.

5

سىز هاياتتا يەر بېغىرلاپ كىرىپ كېلىسىز. يەنە يەر بېغىرلاپ خوشلىشىسىز.

6

مەكتەپ — ياخشى ئانىغا ئوخشايدۇ. ئۇ تولىمۇ مېھرىبان ۋە ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، سىز ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئانچە ئاڭلاپ

كەتمەيسىز.

7

ئۆز ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئۇنىڭغا كۆڭلىنى، ئۆزىنى بېغىشلاش، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيۈنۈش ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس بەلكى ئەقىدىسى ۋە يۈكسەك مۇھەببىتىدۇر.

8

باھارنىڭ يېشىل نۇرى ئۆچۈپ قالسىمۇ، زېمىستاننىڭ قار ـ بورىنى كۆچەيسىمۇ، يەر تەۋرەپ دۇنيا گۇمران بولسىمۇ، ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكى كۆرۈنسىمۇ، ھەقىقەت ئۆز ناخشىسىنى توختاتقان ئەمەس ۋە مەڭگۈ توختاتمايدۇ.

9

ئۇلۇغ ئەرنىڭ ناخشىسى ساداقەتلىك ئايالغا جان ئاتا قىلىدۇ.

10

سىزنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىڭىز، روھىي جەھەتتىكى ئېچىرقاشتۇر.

11

يوچۇن ئادەم بىز ئۈچۈن ناتونۇش ئۆيگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىز ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى دەرھال بىلمەيمىز.

12

نادانلىقتىن لەززەت ھېس قىلغان ئادەم سارائ ياكى دۆت ئادەمدۇر.

13

بىز ئۆزىمىز تونۇمايدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرمەيمىز. بەلكىم ئۇ ئادەم بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر.

14

مۇھەببەت ناتونۇشلۇق بىلەن دوست بولغاندا پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشى مۇمكىن.

15

بەزىلەرنىڭ بالىلىق ھاياتى ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ھاياتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەزىلەرنىڭ ياشلىق ھاياتىمۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ھاياتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ تەقدىر.

16

دۇنيا سىز ئۈچۈن تار ھەم بىمەنە بولۇپ كۆرۈنسە، شەكسىزكى، سىزنىڭ روھىيىتىڭىز بىمەنە، قەلبىڭىز چوقۇم تار.

17

بىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمىز ھەقىقەتكە بولغان مۇھەببىتىمىزدە.

18

تۇرمۇشنىڭ قىزىق نۇقتىسى — ئازابتۇر.

19

ھايات ساڭا قانداق قەدىرلىك بولسا، ماماتمۇ شۇنداق قەدىرلىك بولسا، كۈندۈزى ساڭا قانداق قەدىرلىك بولسا، كېچىسىمۇ شۇنداق

قەدىرلىك بولسا، سەن ئەڭ بەختلىك ئادەم بولغان بولسەن.

20

بېشىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان، ئايىغىمىز ئاستىدىكى يەر بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدۇر.

21

سىز ئاچلىق ياكى ئۇسسۇزلۇقتىڭىز تۈپەيلى ئۆلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، بەلكى غۇرۇرسىزلىقىڭىز ھەم ئېتىقادسىزلىقىڭىز تۈپەيلى ئۆلۈپ كېتىسىز.

22

مەن قانداق بولسام باشقىلارمۇ مەندەك بولۇشى كېرەك دەپ قاراش تولىمۇ بىمەنە قاراشتۇر.

23

سىز كىشىلەرگە قانداق كۆرۈنسىڭىز، سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ ئۇلارغا شۇنداق كۆرۈنىدۇ.

24

بەزى مەخلۇقلار ئوچۇق - ئاشكارا ئېلىپ بارالمىغان زىيانكەشلىكنى، ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن مەخپىي ئېلىپ بارىدۇ.

25

مەن ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇشمەننىڭ كىچىك ئازابلىرىمۇ مىسلىسىز ئازابتۇر.

26

تەڭرىنىڭ بىزگە تەقدىم قىلىۋەتكەن ئۆلۈم كۈنى قانچىكى يىراق بولسىمۇ، بىز ئۇچۇن تولىمۇ يېقىن، چۈنكى بىز ئىنسانلىقىمىز بىلەن غايىبنى بىلمەيمىز.

27

مۇھەببەت سىزنىڭ روھىڭىزنى قۇچاقلىغان خاسىيەتلىك كۈن سىز بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان يېڭى بىر كۈندۇر.

28

تۇرمۇش — بابلار ۋە پاراگرافلارغا بۆلۈنگەن رومانىدۇر.

29

ئېھتىيات — ئۇلۇغ ئىشتۇر. ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ، ئېچىرقاپ كەتكەن قۇشمۇ بۇلاق بېشىدا نەپسىنى تاقىلدىتىپ ياتقان قارا يىلاننىڭ يېنىدىن سۇ ئىچمەيدۇ.

30

پاسىقلارمۇ ئۆز قەلبىنى گۈزەل دەپ قارايدۇ. بۇ گەپ كىشىلەرگە كۈلكىلىك تۇيۇلسا كېرەك.

31

يەر بېغىرلاپ يۈرگەن قۇرت - قوڭغۇزلار زىراپىنىڭ بېشىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ.

32

خۇشامەت خىجىل بولۇشنى بىلمەيدىغان چاكىنا ئەخلاق.

33

گۈزەل ئىستەكلەر دەرد ـ ئەلەم ۋە جەبرى ـ جاپا ئىچىگە مۆكۈنگەن بۈيۈك نۇردۇر.

34

بەلكىم كۆپچىلىكنىڭلار ئىشەنمەسلىكنىڭلار مۇمكىن، ھەقىقەت تەڭرىنىڭ قانۇنىدۇر.

35

سىزنىڭ دۇنيايىڭىز سىز ئۇنى چەتكە قاققاندا ياكى ئۇنىڭغا ئىگە بولمىغاندا، ئۇ سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىن غايىب بولۇپ كېتىدۇ.

36

سېنىڭ ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچىڭ دانالار ھېكمەتلىرى بولغاندا، سەن ئالدىراپ ھالاك بولماسلىقىڭ مۇمكىن.

37

بىزگە ئاتا بولۇشقا ياكى ئانا بولۇشقا مۇناسىپ ئادەم چوقۇم ھەقىقەت يولىنى تۇتقان بولۇشى كېرەك. بۇ پۈتكۈل دۇنيا پەرزەنتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

38

رەزىللىك ئۆزىگە قارشى تۇرغۇچىلاردىن قورقىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بويسۇنغۇچىنى دەپسەندە قىلىدۇ.

39

بۈيۈك ئىستەكلەر ئۆزىگە يېقىن كىشىلەرگە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.

40

باشقىلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئايلىنىپ قالغان ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

41

دەرد ـ ئەلەم ئەرزىيەتلىرى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى قورشىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار كىشىلەرگە يەنىلا غالىب ۋە جەڭگىۋار كۆرۈنىدۇ.

42

ھەق يولغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەم كۆلچەك ـ كۆلچەكلەرگە يىغىلىپ قالغان، تورخاپ قالغان سۇلارغا ئوخشايدۇ.

43

كرىستالدەك سۈزۈك قەدەھقە لىق قىلىپ توشقۇزۇلغان سۈپسۈزۈك مەي بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالمايدۇ. گۇناھ ئەنە شۇنداق جەلپكار بولىدۇ.

44

بىز گۈگۈمنىڭ خىرە — قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشايمىز، گۈگۈمنىڭ بىر يۈزى تۈن كېچىگە، يەنە بىر يۈزى يورۇق يۇلتۇزغا

قاراپ تۇرىدۇ.

45

ھاياتنىڭ ۋەھىمىلىرى ۋە مۇدھىش كۈلپەتلىرى بولىدۇ دەپ قارىغان ئادەمدە، ئۆزىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ۋە دوستلارغا بولغان قىزغىنلىق قۇياش نۇرىدەك چاقناپ تۇرىدۇ.

46

ھايات — ھېكمەتلىك يولدۇر. بۇ يولدا بەخت بىلەن ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ ئۆزۈن مۇساپىسى بار.

47

سىز بىراۋنىڭ چىرايىغا ئىنچىكە زەن سالغاندا ئۇنىڭ چىرايىدىن سىز بىلمەكچى بولغان ئىشلارنى بىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

48

مۇھەببەت شەربىتىگە تويۇنمىغان قىزنىڭ قەلبى ئەلەم سۇلىرى بىلەن توشقان بولىدۇ.

49

ئۆلۈم ئالدىدا تەكەببۇرلاشقان قاتىل مەسخىرىگە قالىدۇ.

50

بالىلار ئىگىسىز قالغاندا سەرگەردان بولىدۇ، زېمىن ئىگىسىز قالغاندا مەھكۇم بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

51

ئەقىدە — بەختىنىڭ بۇلىقى، هۆرلۈكنىڭ يېقىلغۇسى.

52

جىمجىتلىق — كېچىنىڭ گۈزەللىكىدۇر.

53

ئۆلۈم — ئۇيقۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما ئۆلۈم ئۇيقۇ ئەمەس.

54

شان - شۆھرەتنىڭ ئالدى - كەينىدە تىكەن بولىدۇ.

55

بىز مىدىر - سىدىر قىلماي، گەپ - سۆز قىلماي كۈتۈۋاتقان خورلۇق بىزنى ئەبەدىي ئازابلىشى مۇمكىن.

56

قاپقانغا چۈشكەن ئانا بۆرىنىڭ ئاۋازى ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان غېرىب ئانىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئەلەملىك بولىدۇ.

57

قۇياش ئەرگە، مەردانە ئەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىدىن يېڭىدىن - يېڭى شەيئىلەر دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ.

58

گۈزەل سۆزلەر ئاقىدىغان لەۋلەردىن زەھەردەك ئىبارىلەرنىڭ

تۆكۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس.

59

ئىنسانىيەت پايدىسىز ئىلىملەر تۈپەيلى خارابلىققا دۇچار بولىدۇ.

60

ئاڭلانماققا، زىندان دەھشەتلىك بىر جاي، ئەمما ئۇنىڭدا ھېكمەتلەر تالاي.

61

ھاياتنىڭ تۇرلۇك ئازابلىرى ئەقىل قۇلۇپىمىزنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىدۇر.

62

ئىنسانپەرۋەرلىك تولىمۇ ئۇلۇغ ئىش، ئۇ مىليونلىغان قەلبلەرنىڭ تېرەن چوڭقۇرلۇقىدىن ئۇرغۇپ چىققۇاتقان ئىڭراشلارنى، تويا - چاڭلارنىڭ تېگىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان نالىلەرنى ئاڭلىيالايدۇ.

63

سىزگە ئازابلىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان مۇھەببەت سىز چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالغان مۇھەببەتتۇر.

64

ئاجايىپ مۆجىزىلەر بۈيۈك قەلبلەردىن تۇغۇلۇپ يېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

65

خاننىڭ مايسىسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش تەلىماتى، ئاجىز خەلق ئۈچۈن ۋاجىپ ئەمەلدۇر. بۇ نېمىدېگەن بەختسىزلىك ـ ھە!

66

ئالىيجاناب يۈرەك گۈزەللىك خىشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان، مۇھەببەت گۈللىرى بىلەن نەقىشلەنگەن، ئەدەپ ـ ئەخلاق چىراغلىرى بىلەن يورۇتۇلغان مۇقەددەس سارايغا ئوخشايدۇ.

67

سەن سۆيۈپ قالغان قىز سەن تىلاۋەت قىلىدىغان ئۇلۇغ سارايغا ئايلانغاندا، سەن بەختسىزلىككە قاراپ يول ئالىسەن.

68

ئاخىرەت — ھېكمەتلىك دۇنيادۇر. ئۇنىڭ ھېكمىتى غايىبلىقىدا، نىقابىدا، سىرلىقلىقىدا.

69

ئالىيجاناب مېھنەتكەشلەرنىڭ قەلب دۇنياسىنى چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن باغلىيالىغان ئادەمنى ھەقىقىي ھۆرمەت ئىگىسى دەپ ئاتايمىز.

70

ئەمگەكنىڭ شادلىقلىرىدا ھاياتنىڭ گۈزەللىكى بار.

71

سىز سۆيمىگەن ھايات گويا كۆلەڭگىگە ئوخشاش ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. تۇمان ياكى ئالۋۇنغا ئوخشاش كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

72

ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەكلىرى ۋە مۆجىزىلىرىگە باش قويۇش، ئىنسانىيەتكە بولغان يۈكسەك مۇھەببەتتۇر.

73

ھاياتنىڭ غەم ـ قايغۇ تۇمانلىرى ئۇنى بەختسىزلىككە يۈزلەندۈرىدۇ.

74

ھايات شۇنداق بولىدۇ. تۈنۈگۈنكى كۈلكىنى بۈگۈن كۆرمەيمىز، سەھەردىكى گۈلنى كەچتە كۆرمەيمىز، ھېلى گۈللەرنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر ئالغان بۇ كۆزلەر مانا ھازىر غەزەپلىك بوراندىن باشقىنى كۆرمىدى. تېخى ھېلى ھېلىقى يېقىملىق مۇزىكىلاردىن ھۇزۇرلانغان قۇلاق مانا ئەمدى ئېشەكنىڭ يېقىمسىز ئاۋازىدىن باشقىنى ئاڭلىمىدى. ھايات شۇنداق بولىدۇ... ئۇ سەرخىل رەڭلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

75

ھەقىقەت بىزگە ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئالەمنىڭ سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

www.uygurkitap.com

76

رەشىك ـ ھەسەت بىلەن تولغان مۇھەببەتتە خەيرلىك بولمايدۇ.

77

قۇرۇق خىياللار بىلەن مەجبۇرىي توقۇپ چىقىرىلغان ئەسەر كۆركەم بولىدۇ، ئەمما ئۇ مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ.

78

بىز ھەقىقەتنىڭ ساھىلىغا كەلمىگۈچە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئۆلمەس كۈيلەرنى ھەرگىز ئاڭلىيالمايمىز.

79

ھارام بايلىق قورقۇنچلۇق ئالۋاستىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

80

بەختسىز ئايال ناكەس ئەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ.

81

سىزنى مەنۋى بايلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاندا، سىز ئەڭ شاد ـ خۇرام ياشىيالايسىز.

82

ھەقىقەت — ھەسەتخور بولمايدۇ.

83

ھەقىقەت ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇ

بۈيۈكلۈكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن تەڭداشسىزدۇر.

84

سىز ئەڭ ئاسان ۋە ئەڭ تەس ئېرىشىدىغان نەرسە ئۆلۈمدۇر.

85

تەبىئىي شەكىللەنگەن ھېسسىيات شەيئىلەر ماھىيەتلىرىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنەلەيدۇ.

86

ئەتراپقا نەزەر تاشلىغىنىڭدا باش كۆتۈرۈپ يۈرگەن ھەقىقەتنى كۆرەلەيسەن، سېنىڭ ھەقىقەتنى كۆرەلىشىڭمۇ ھەقىقەتكە قاراپ يۈزلىنىشىڭدۇر.

87

ھەرقانداق بىر دانىشمەننى بەختسىز، بىچارە دېگىلى بولمايدۇ.

88

كۆپىنچە ھاللاردا سەمىمىي كىشىلەر زوراۋانلىقنىڭ مۇدھىش تورىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

89

قىزنىڭ قەلبى گۈللەرگە ئوخشايدۇ، ئۇ باشتا خۇش پۇراق چاچىدۇ، كېيىن ئازاب چاچىدۇ.

90

سىز ئىس ـ تۈتەككە تولغان ئاسماندىن ئىس ـ تۈتەكتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيسىز. گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا تولغان ئاسماندىن قۇشلارنىڭ ئەركىن پەرۋازلىرىنى كۆرمەي قالمايسىز.

91

ئاتىلارنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرى بالىلارنىڭ ئۇيقۇلۇق قەلبىنى ئويغاتماي قالمايدۇ.

92

بەختسىزلىكلەرگە سەۋەب بولغان بايلىقىمىز، يامان يوللار بىلەن كەلگەن بايلىقىمىزدۇر.

93

كۆڭۈلسىز، بەختسىز تۇرمۇش تار، قاراڭغۇ قەپەسلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

94

بەزىلەرنىڭ باشلىرى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ چوقۇنىدىغىنى بىر بولسا ھوقۇق، بىر بولسا بايلىقتۇر. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى بەختسىزلىكتۇر.

95

مۇناپىقلار ھەر خىل شۇملۇقلاردىن باشقىنى خىيال قىلمايدۇ.

96

دۇنيادىكى بارلىق مۇتەپەككۇرلار ئۆز ئىدىيىسىنى ئۇلۇغ

سانايدۇ.

97

ياخشىلىقنى راۋا كۆرگەن ئادەم دۈشمەن بولماس.

98

مۇھەببەت ۋە دوستلۇقتا ھەقىقەت بولىدۇ.

99

ئەقلى كەم ئادەم بىر بولسا سۈكۈتتە تۇرۇۋالىدۇ، بىر بولسا توختىماي گەپ قىلىدۇ.

100

دۈشمەنگە خۇشامەت قىلىش، دۈشمەندىن پاناھلىق تىلەش — ئەڭ پاسكىنا ئىللەت .

101

ئانا — مۇھەببەتتىن تەلىم بەرگۈچى، ئاتا — ھەقىقەتتىن دەرس ئۆتكۈچى.

102

ئوغۇل ـ قىزلىرىنى چۈشەنگەن ھەم سۆيگەن ئانا ئۆلارغا خەنجەر تۇتقۇزالىغان ئانىلاردۇر.

103

ھەربىر كىشىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۆز سەجدىگاھىدا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

104

بىز يۈزلەنگەن تەرەپتە نىمە بولسا شۇنىڭغا ئېرىشىمىز.

105

ئىنسانمۇ مەخلۇقات، ئۇنىڭ هايۋاندىن پەرقى — ئۇنىڭدا تىل ۋە ئەقىلنىڭ بولغانلىقىدا. ئىنساننىڭ ئىنساندىن پەرقى بار، بۇ پەرق ئىنساننىڭ ئېتىقادىدا.

106

بەخت — تىلسىملار ئىچىدىكى ئەڭگۈشتەر، ئۇنى ئىزدەنگۈچىلەر قولغا چۈشۈرمەي قالمايدۇ.

107

بەخت — شام چىراغقا ئوخشايدۇ. بىز ئۇنى مەڭگۈ يورۇيدۇ دەپ ئېيتالمايمىز.

108

ھەقىقەتكە تەبىر بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۇ چوقۇم — مەشئەل.

109

ئايالىلاردا شۇنداق بىر خاراكتېر باركى، بەكلا يېقىنلىشىپ كەتكىنىمىزدە ئۇ بىزنى چاقماي قالمايدۇ، ئۆزىمىزنى قاچۇرغىنىمىزدا ئۇ مۇڭلۇق تەلمۈرىدۇ.

110

دۇنيا قۇياش تىنىقى بىلەن دۇنيا بولۇپ تۇرىدۇ.

111

بىز ئۆز مەبۇدىمىزنىڭ رەھمىتى بىلەن ياشىرىپ ـ ئايىنىپ تۇرىمىز.

112

مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى ئۇلۇغ كىشىلەرنى يارىتىدۇ.

113

ھايات مەن ئۇچۇن ناتونۇش ۋە مەخپىي سىر ئەمەس.

114

ئۇرۇنۇپ كۆرمىگەن ئىشنى مەڭگۈ قىلالمايمىز. ھايات گۈزەللىكى ئۇرۇنۇشتا، مەڭگۈلۈك جەننەتمۇ ئۇرۇنۇشتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# زېمىننىڭ ئىپپىتى

1

نادان، ئەخمەق ئادەملەرنىڭ بايلىقى ئۇلارغا ئاپەت ئېلىپ كەلمەي قالمايدۇ.

2

سۆزى ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئەۋلادلارغا زېمىننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەندۈرگەن ئادەمنى ئەسلەش كېرەك.

3

ئانىنىڭ ئىپپىتى — زېمىننىڭ ئىپپىتىدۇر.

4

ۋەتەنسىزلىك دىللاردا جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. بىز ئاڭلاۋاتقان ناخشىلار ئەنە شۇ جاراھەتتىن تۇغۇلغان.

5

قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، شۇڭا جەڭگاھلارغا كىردىم؛ قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، شۇڭا داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتتۇم؛ قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، شۇڭا زېمىنگە چەكسىز مۇھەببەت بىلەن شۇڭغۇپ كىردىم.

6

ئەزىمەتلىك ئەرلەر زېمىنىنىڭ ئىززىتى ۋە ئىپتىخارىدۇر. دۇنيا ئەنە شۇنداق مۆرۋۇەت ئىگىلىرىنىڭ قولىدا ئاينىيدۇ ۋە روناق تاپىدۇ.

7

ئادالەت يولىدا قەلب ساداسىنى ياڭرىتالمىغان ئاتا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ تىلى قىسقا بولىدۇ.

8

ئۆلۈمنى ئۆگىنىش كېرەك، پەقەت ھەقىقەت يولىدىكى ئۆلۈمنى ئۆگىنىش كېرەك.

9

دۇنيا ئارتۇقچە ئادەملەر بىلەن تولغان. ئەمما، سەن ئۆزۈڭنى «ئارتۇقچە» ئادەم ئەمەس دەپ قارىيالىغىنىڭدا، سېنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمگە ئايلىنالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

10

ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن قارىيالىغان ئادەملەردە ئىرادە، ئارزۇ بولمايدۇ.

11

ئۇزۇن ياشاش تەرغىباتچىلىرى ئۆز تۇپرىقىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈستىدە پىكىر قىلمايدۇ.

12

ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆز پەزىلىتىنى دادىل، ھەردانە سۆزلەشكە ھوقۇقلۇق. مانا بۇ بەزىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ رەسۋا داستىخىنىنى جامائەت ئالدىدا ئاچقىنىدىن كۆپ ياخشى.

13

سەن ئىسسىق ئۇۋاڭنى مۇقەددەس تۇپراقنىڭ جىسمىغا ياسىغىن، شۇنداق بولغاندا سىنىڭ ھەرقانداق بىر ئارزۇ - ئارمىنىڭ ياشىرىپ ئايىنىدۇ.

14

بىز ئۆز ئىلكىمىزدە ئاسرىيالمىغان ھەرقانداق نەرسە بىزنىڭ ئەمەس.

15

ئەرلەرنىڭ ئاجىزلىقى — ئاياللارنىڭ پاجىئەسى.

16

مەن ئۇتلۇق مۇھەببىتىم ۋە پاك ئەقىدەم بىلەن زېمىنغا يېقىنلاشتىم؛
مەن ساغلام روھىم ۋە يېتۇك كۈچ - قۇدرىتىم بىلەن زېمىننى سۆيدۇم؛
مەن يۈكسەك غۇرۇر، ئۆتكۈر ۋىجدانىم بىلەن زېمىننى قوغدىدىم.

17

شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمەنكى، زېمىننى، ئايالىنى،

پەرزەنتلىرىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىي بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن باش تارتقان ھەرقانداق بىر ئادەم زىيان ئىچىدىدۇر.

18

بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسلىرى يوق خەلق بۇگۈن ۋە ئەتىنىڭ يېڭى بىر مەزمۇنىنى ھەرگىزمۇ چۈشەنمەيدۇ.

19

تەنني چۈشىنىش كېرەك. بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ تەندە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئۇنى سۆيۈشنىڭ پەرھىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

20

سەن قىلماقچى بولغان ئىشنى مەن قىلالايمەن. مەن قىلماقچى بولغان ئىشنى سەنمۇ قىلالىشىڭ مۇمكىن. ئەمما، ئىككىمىز بىرلەشكەندە قىلماقچى بولغان ئىشىمىزدا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئاپىرىدە بولماي قالمايدۇ.

21

مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىم، ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ھەقىقەت يولىدىكى ئۆلۈمدىن قورقمايمەن.

22

ئازغىنا ئۇگۇتنى ئۇن قىلىشنى بىلگەن ئادەمنى سۆيۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

23

ئۆز ۋەتىنىنى قوغدىيالمىغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قەلبى چوقۇم چىرىگەن قەلبدۇر.

24

بىز ئۆز يولىنى تاپالماي كېتىۋاتقانلارنى ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە باغلاپ قويغىنىمىزدا ئۇنىڭغا بارلىقىمىز بىلەن ياردەم قىلغان بولىمىز، چۈنكى ئۇ ئاشۇ نىشانسىز سەپەردىكى گاڭگىراشتىن قۇتۇلغان بولىدۇ.

25

ھەسەتخور ئادەم بۆرىنى ئۆچ كۆرگەن ئىتقا ئوخشايدۇ.

26

ھەقىقىي ئەركەك ئۆزىنىڭ چوقۇنۇش ئىرادىسىدىن بوشاپ كەتمەيدۇ.

27

كۈلۈپ تۇرۇپ ئېگىزگە ئۆرلىگەن ئادەمدىن يىغلاپ تۇرۇپ ئېگىزگە ئۆرلىگەن ئادەم كۆپ بولسا كېرەك.
چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئازاب چەككۈچىنىڭ تەپەككۇر يوللىرى راۋان ۋە روشەن بولىدۇ.

28

پاسىق ئەمەلدارلار چۈپرەندە دانىشمەنلەرنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىۋالىدۇ.

29

ھەقىقەت ھاقارەتلەنسىمۇ مەڭگۈ يالتىراپ تۇرىدۇ.

30

سەن ئۇلۇغ ئىنسان.
سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ جەڭگاھلاردا پالۋانسەن؛
قاراڭغۇ كېچىلەردە كۆلۈپ تۇرغان گۈلخانسەن؛
سەھەرلەردە يېنىپ تۇرغان چولپانسەن؛
سەن باللارنىڭ دوستى، سەن دۇنيانى ئۇلارنىڭ قەلبى بىلەن سۆيىسەن.

31

ئەخلاق ۋە مۇھەببەتنى باللارغا بېرەلىگەن ئانىنىڭ مۇقەددەس ئوبرازى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇنۇكلىشىپ قالمايدۇ.

32

مەن مېنى سۆيىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا ياشىغانلىقىم ئۈچۈن بەختلىكمەن.

33

ھېسابسىز ئۈنچە ـ مارجانلار ئالدىدا ئۆزىنى مۇلايىم تۇتالىغان ئايالنىڭ ھاياتى خەيرلىك بولىدۇ.

34

قىزلار ھىيلىگەر ئادەمگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. بۇ قىزلارنىڭ ئاجىزلىقى بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

35

زۇلۇم قىلغۇچى ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ، زۇلۇم قىلدۇرغۇچى ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلدۇرىدۇ.

36

بىز قەدىرلەيدىغان گۈزەل ئەخلاق بار. بىز سۆيگەن گۈزەل ئەخلاق بىزنى چەكسىز خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدۇ.

37

دوستلۇقنى مەقسەتكە يېتىش قورالى قىلىپ قوللانغانلار پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولىدۇ.

38

زېمىندىن زارلىنىشقا ھەققىمىز يوق، زارلىنىدىغىنىمىز چۈپرەندىلىك.

39

تەقۋادارلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغان ئادەملەرنىڭ جەننىتى بولىدۇ.

40

ساغلام بولمىغان تەندە ساغلام بولمىغان روھ بولىدۇ.

41

ئىلىم — ئىرپان مەنزىلىگە ئاپىرىدىغان ئەڭگۈشتەر. ئۇنى سۆيگەن ھەرقانداق ئادەم خۇشاللىقنىڭ چېكىگە يەتمەي قالمايدۇ.

42

تەقۋادارلارنىڭ ھەستى دۇنيانىڭ قىيامىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

43

ئۆز - ئۆزىنى نابۇت قىلغان ئادەمنىڭ پەزىلىتىدە مەسىلە بار.

44

مەزمۇت ھالدا ئانا زېمىننى دەسسەپ تۇرغاننىڭ ئۆزىمۇ مۇۋەپپەقىيەت.

45

بىزنىڭ ئۆز قىممىتىمىزنى تاپقان چېغىمىز، تېنىمىز ۋە روھىمىزنى سۆيگەن چېغىمىزدۇر.

46

ھىيلە بىلەن ئىگىلىۋالغان ھەرقانداق نەرسە ئاسانلا قولدىن چىقىپ كېتىدۇ.

47

بەختتىن ئەقىل ھوشىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمنىڭ كەلگۈسى قارا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كەچمىشلەر

1

مۇھەببەت ئاپىرىدە بولدى. قاقاس زېمىنغا مۇھەببەتنىڭ خۇش ھىدلىرى چېچىلدى. ئۇ گۈزەللىككە مۇيەسسەر بولدى. بىز زېمىننىڭ كۆزلىرىگە زەن سېلىپ قارساق، ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆيگۈ نۇرلىرى بالقىپ تۇرغان ئۆتكۈر چاقناشلارنى كۆرەلەيمىز.

ئادەم تۇپراقنىڭ بارماقلىرى ئۇچىدا ئاستا مىدىرلىدى. ئۇنىڭ تېنى ھاۋانىڭ تىنىقلىرىدا ھوشىغا كەلدى. مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يىپ بولۇپ تارتىلدى، ئۇلار ئۆز ئىسىملىرىنى يىپقا مەھكەم چىگىپ قويدى. ئۇلار ئاسماندا يۇلتۇز، زېمىندا قىزىلگۈل بولۇپ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن ـ بۇ چېتىگە ئۇچۇپ يۈردى. ئۇلار گويا بىر قۇشتەك جەۋلان قىلىپ، بارچە چۇقانلاردىن ئۇلۇغ، كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان ناخشىلارنى ياڭراتتى. ئۇلار ئاسايىشلىق ئىچىدە مۇھەببەتنىڭ ئەڭ شېرىن، ئەڭ گۈزەل قوينىدا بەخت تاپتى. قاراڭغۇ كېچىدە ھەممە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە ئۇلار ئۆز ئىرادىسى ئىچىدە ياشىدى. كۈندۈزى ھەممە ئويغانغان چاغدا ئۇلار ئوتلۇق سۆزلەشتى.

مۇھەببەت ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. سۆيگۈ ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشتى. ئۇلار گويا دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن دېڭىز قىرغىقى بىر گەۋدە بولغاندەك بىر گەۋدىگە ئايلاندى. ئۇلاردا بىر ئوت پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا زىيادە كۆيۈۋاتقان ئوت مېنى بۇ دۇنياغا نېسىپ قىلدى.

تاڭ سەھەردە مەن بۇلاق سۇيىدە پاكىز يۇيۇندۇم. پاك ھەم مەسۇم تېنىم زېمىننىڭ ئۈستىدە كىچىككىنە نۇر ھاسىل قىلدى. دادام ئادەم ۋە ئانام ھەۋۋا مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قۇچاقلىدى. گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان چىمەنلىكتە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قېنىپ - قېنىپ سۆيدى.

باھار كەلدى. باھارنىڭ گۈزەللىكى ئۇلارنى مەست قىلدى. ئۇلار ماڭا گۈللەرنى، ياپيېشىل ئوت - چۆپلەرنى كۆرسەتتىيۇ، قۇرۇغان گۈل - گىياھلارنى، سارغايغان ياپراقلارنى كۆرسەتمىدى. مېنىڭ ئاشۇ يېشىللىق ئىچىدە كۆزۈم تالدى. كۆزۈمنى ئاستا يۇمۇۋالدىم، بىراق ئۇخلاپ قالمىدىم.

قۇشلار ناۋا قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدىن تۆكۈلگەن ئاچچىق ھەسرەت مېنى تېخىمۇ ئۇخلاتمىدى.

نەي چېلىندى. نەينىڭ پىغانلىق ئاۋازى قەلبىمنىڭ ئەڭ تېرەن قاتلىمىغا ئوقيا بولۇپ سانجىلدى.

مېنى ئويغاق قىلىپ ئاپىرىدە قىلغان خۇدانىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىمەن.

مېنى سەگەك قىلىپ ياراتقان ئادەم ئاتام بىلەن ھەۋۋا ئانامنىڭ ئىسمىنى چاقىرىمەن.

2

دېڭىزنىڭ تاشقىنلىشى مېنى ئويغاتتى. مەن يانار تاغ باغرىدىكى كىچىككىنە كەپەمدە تۇرۇپ سىرتقا نەزەر سالدىم. دۇنيا بىپايان ھەم چەكسىز ئىدى.

مەن تاش تامنىڭ يۈزىنى تۇتۇپ، قەدەملىرىمنى ئاستا ئالدىم، لېكىن ماڭا - ماڭمايلا يىقىلىپ كەتتىم. ئورنۇمدىن تۇردۇم. يەنە ماڭدىم. يەنە يىقىلدىم. . . ۋۇجۇدۇم قىزىرىپ، پېشانەم تەرلەپ

كەتتى. ئولتۇرغان يېرىمدە خېلى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدىم.

دادامنىڭ سىرلىق كۆزلىرى مەن تەرەپكە تىكىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىدىكى غەزەپلىك نۇر ئۇچقۇنلىرىدىن قورقۇپ كەتتىم. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئالغا قاراپ سىلجىدىم. بىراق، بىر ئىككى قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا يىقىلىپ كەتتىم.

ئانام مەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. بىراق، دادام ئۇنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— ئۇ ئۆزى ئورنىدىن تۇرسۇن، — دېدى دادام ئاچچىقى بىلەن. ئۇ ماڭا قاراپ نېمىشقىدۇر غال ـ غال تىترەيتتى.

دادامنىڭ جاراھەتلىك سۆزلىرى تومۇرلىرىمنى بايراق كەبى سىلكىدى. مەن بۇ قاتتىق سىلكىنىش ئىچىدە ھوشۇمنى تاپتىم. ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم.

دادامنىڭ چېھرىگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

ئۇ ئوتلۇق مېھىر ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. مەن ئاخىرى ھاياتلىق دۇنياسىغا مەردانە قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدىم. سىرلىق ھەم ئاجايىپ مۆجىزاتقا تولغان دۇنيانىڭ ئىچىدە كېتىۋاتىمەن.

مەن يانار تاغ باغرىدىكى كىچىككىنە كەپىدە دۇنيانىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تورسىمان يوللىرىدا كېتىۋاتىمەن.

دادام مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرىدىكى مۇھەببەت بىلەن، ۋۇجۇدىدا دەريا كەبى تاشقىنلاپ تۇرىدىغان غۇرۇر ۋە ۋىجدانى بىلەن ماڭا ئاق يول تىلىدى.

ئانام زېمىن كەبى پۈتمەس ـ تۈگىمەس مېھرى بىلەن، ھەسەن ـ ھۈسەندەك گۈزەل ھەم لاتاپەتلىك چېھرى بىلەن، قىزىلگۈل سۈپەت مۇلايىم ۋە چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن ماڭا ئاق

يول تىلىدى.

ئاھ، دۇنيا مەن ئىشىكىڭنى چەكتىم.

3

قۇشلار مېنىڭ ئۇماق ناخشامنى ئاڭلىدى. ئۇلارمۇ ماڭا گۈزەل ناخشىسىنى ئېيتىپ بەردى.

مەيىن شامال ياپراقلارنى سۆيگەن. سۇزۇك سۇلار كىچىك ئۆستەڭلەردە ئەركىلەپ ئاققان كۈندۈزنىڭ شېرىن بۇ كۈنى مەن قۇشلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

يۇمران ئايىغىم ئاستىدا لەرزان، شاد ـ خۇراملىقتا مەست بولغان يېشىل چۆپلەرمۇ بىر خىل ناخشا بىلەن دالا گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەۋاتىدۇ. قىزلارنىڭ ئوتىدەك گۈزەل تىۋىش ۋە ناخشا ئىچىدە مەن قۇشلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم. ئۇلار شاختىن ـ شاخقا قونۇپ، بىردەم بۇلۇتلار ئىچىدە، بىردەم ئېگىز چىنارلار باغرىدا مېنى ھاياتلىق بار زېمىنىنىڭ باغرىلىرىنى سەيلە ئەتكۈزدى.

كۆزۈم ئېچىلدى. تىلىم زۇۋانغا كەلدى. قۇلىقىم كائىناتنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىنى تىڭشىدى.

خۇشال بولۇۋاتىمەن. بىر خىل ھاياجان تومۇرلىرىمدىكى سۆيگۈدە ئاقتى.

بىر مەغرۇر ناخشا قەلبىمنىڭ ئېغىزى بىلەن ياڭرىدى.

مەن يولۇمنى يەنە داۋام ئەتتىم. پۇت ـ قولۇمدا قىلچە ھېرىش بولمىدى.

زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ماڭا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلغاندەك، روھىم جۇشقۇن ئىدى.

مەن قۇشلارنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ناخشا ئېيتىشنى، دەريالار ساھىلىدا يۈرۈپ چۇقان سېلىشنى، توغراقلار ئارىسىدا يۈرۈپ

قانداق ياشاشنى، قىزىلگۈل هويلىسىدا مېهىر ـ مۇهەببەتنى، زىمىستاندا چىدام ۋە باتۇرلۇقنى ئۆگەندىم.

كېتىۋاتىمەن.

هاياتلىق مۇساپەمدە هارغىنلىق مېنى ئارقامغا ياندۇرالمايدۇ. هاياتلىق يولۇمدا كۈچلۈك بوران ـ چاپقۇن مېنى بويسۇندۇرالمايدۇ.

بۇلۇتلار قەلبىنى سۆيگەن، دۇنيانىڭ مەركىزىدە قۇياش ئىلاھەسىنىڭ يېنىدا گىگانت تۇرغان ئاتا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. مەن خىلىلا ئەقىل تاپتىم.

بۇ مېنىڭ ئانا تۇپرىقىم، پۈتكۈل هاياتلىقىمىزغا بىردىنبىر كېپىل بولغۇچى سۆيۈملۈك ئانا.

بۇ مېنىڭ دىلدارىم، ئۆز مېهرى ئەقىدىسىنى مەۋجۇداتلارغا ئايىماي بېرىۋاتقان ئەزىم دەريا.

مەن هەممىنى تونۇپ يەتتىم، هەممىنى چۈشەندىم. هەممىنىڭ ئىچىگە گويا نۇر كەبى كىرىپ كەتتىم.

ئاه، چۈشىنىش نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ هە!

4

يىغلىرىڭنى ئارقاڭغا چىچىۋەت. بۇ نائېنىق قاراڭغۇلۇقتا ئالدىڭغا قاراپ ماڭ. مېڭىۋەرسەڭ بىر يولنى تاپىسەن.

غەملىرىڭنى پاكىز بۇلاق سۈيىدە يۇيۇپ تاشلا، قەلبىڭدە يورۇقلۇق نۇر تۆكسۇن.

چىداملىق ۋە باتۇرلۇقنىڭ گۈللىرىنى سۆي، قەيسەرلىك ناخشىلىرى باش ئۈستۈڭدە ساڭا هەمراھ بولسۇن، مۇهەببەت هەم سۆيگۈ بەدىنىڭنىڭ هەربىر ئېغىزىدا سۆزلىسۇن.

دادام بوسۇغا يېنىدا تۇرۇپ مۇشۇ تىلتۇمارنى ماڭا تاشلىدى.

مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم.

دادام ماڭا دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ بەردى. مەن ناخشىنىڭ قاناتلىرىدىن تۇتۇپ قەلبىمنى سۆيۈۋالدىم.

ئۇنىڭ تىنىقىدىن تامغان خۇش پۇراق سۆز ئۇنچىلىرى يۇرىكىمگە مۆھۈرلەندى.

مەن جىمجىت سۆگەت سايىسىدا تۇرۇپ قەلبىمنىڭ ئىشكىنى چەككەن بۇ شەپقەتچىمدىن سۆيۈندۇم.

قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى غەمناك قەلبىمنى نۇرلاندۇردى.

مەن ياپراقلار ئارىسىدىن سىلجىپ ئۆتۈپ يېشىل ئوت ـ چۆپلەرگە تەبەسسۇم بېرىۋاتقان قۇياش نۇرى بىلەن سۆزلەشتىم.

مەن زېمىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى ئوتلۇق لەۋلىرى بىلەن پاغاشلاپ سۆيگەن باھار تىنىقلىرىنى قۇچاقلىدىم.

بالىلىق نادانلىقمۇ، بالىلىق گۆدەكلىكمۇ؟

مەن نادانلىقىمنى كۆز ئالدىمدىكى ساھىلىمغا تاشلىۋەتتىم.

5

كەپىدە يالغۇز ئولتۇردۇم.

كېمىچى قولۋىقىنى سۆرەپ دېڭىزغا ئەپكىردى. ئۇ شىددەتلىك دولقۇن ئىچىدە دېڭىزدىن كېسىپ ئۆتتى. ئۇ قىرغاققا يېتىپ بارغاندا ئارقىسىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ قويدى.

مەن دېڭىز ساھىلىدا چوڭ بولدۇم، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ناخشىلىرى ئىچىدە پىشىپ يېتىلدىم.

چايكا ھەم بېلىق ئالغۇچى قۇشلار ماڭا دېڭىزدەك قەلب ۋە خادا تاشتەك يۈرەكنى نېسىپ قىلدى.

دېڭىز بورىنىنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى ئىچىدە تاۋلاندىم.

سەھەرنىڭ تاڭ نۇرى دېرىزە كۆزنەكلىرىنى سۆيگەندە، مەن

www.uyghurkitap.com

ئۆيىقۇمنى ئېچىپ دېڭىز ساھىلىغا باردىم.

بېلىقچىلار ناخشىسى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىر كۆچىيىپ بىر پەسىيىپ بوران قۇشىدەك ئۇچۇپ يۈرەتتى.

كېمىچى قولۇقىنى ھەيدەپ قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدۇم.

ئۇ كەتتى.

مەن ساھىلدا يالغۇز قالدىم. قەغەز پارچىسىدىن ياسىۋالغان كىچىك قېيىقىم قولۇمدا مىدىرلىدى. مەن ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇ پەقەتلا جىم تۇرمىدى. مەن ئۇنى دېڭىزغا قويۇپ بەردىم.

دېڭىز دولقۇنى ئۇنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب قىلدى. مەن قەغەزدىن يەنە كېمە ياسىدىم، ئۇمۇ بىردەمدىلا سۇ ئىچىگە غەرق بولدى.

يۈمران قەلبىم ئازابلاندى. كۆزلىرىمدىن ياشلار يامغۇردەك تۆكۈلۈپ كەتتى.

«ئوغلۇم يىغلىما!»

مەن ئارقامغا قاراپ كېمىچىنىڭ تەبەسسۇمىنى كۆردۈم. ئۇ مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ قويۇپ دېڭىز سەپىرىگە كەتتى.

ئۇ يىراقلاپ كەتتى.

قەلبىم زەڭگەر دېڭىزغا بولغان ئىنتىلىش بىلەن تولدى. مەن تۇن نىسپىدىكى ئاقار يۇلتۇزلارغا ئوخشاش دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرى ئىچىدە ئېقىپ كەتتىم.

6

ئەي دۇنيانىڭ غالىب چەۋەندازلىرى، غەلىبەڭلەرگە مۇبارەك بولسۇن.

تۇغ ـ ئەلەمنىڭ سايىسى دۇنياغا بەخت بەردى. بۈيۈك كۆرەش ئالەمنى يېڭى قىلدى.

مەن سىلەرنى سۆيىمەن چەۋەندازلىرىم.

مەن قارا دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىنى شىلىپ ئۇنى يېڭى قىلدىم. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەۋجۇتلۇقى يوقىلىپ كەتمىدى.

مەن ئۇنىڭدىن بىر قىلىچ ئاپىرىدە قىلدىم. ئۇ گەرچە ياغاچ بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىسى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى.

كىشىلەر ئۇنى بىر سەنئەت بۇيۇمى، دېدى. يەنە بەزىلەر ئۇنى ئويۇنچۇق، دېدى.

مەن مەردانە قەلبىم بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئۇ بىر زۇلپىقار، ئۇ بىر قىلىچ.

مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقتىم. تەڭتۇش بالىلار پاخپاق ئوينىدى. قەغەزدىن قارلىغاچ ياساپ ئۇچۇردى. مەن ئۇلارغا قىلچە قىزىقمىدىم.

بىر كۈچۈك بالىلارغا ھاۋشىغان ھالدا يۈگۈردى. بالىلار قورققىنىدىن بەدەر قېچىشتى. ئۇ ماڭا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تېخىمۇ يېقىن كەلدى. مەن ياغاچ قىلىچىمنى ئۇنىڭغا قاتتىق شىلتىدىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدىن ھېلىقى دوستلىرىمدەك بەدەر تىكىۋەتتى.

دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرغان قېرى چال ماڭا قاراپ بىر خىل مەنە بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

ئەتراپىمدا ھەممە غايىب بولدى.

گۈگۈم چۈشەي دەپ قالدى. ئۆيۈم يىراق، ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى.

ئەتراپىمغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدۇم. قولۇمدا قىلىچىم بار، ئانچە قورقۇپ كەتمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7

ئالتۇن كۆز كەلدى. دۇنيا ۋە بارلىق ھاياتلىق ئالتۇن رەڭگە كىردى.

مەن قۇياش كەتتىگە باردىم. مەن بۇ دېڭىزغا تۇنجى رەت قەدەم ئالغىنىمدا كۆرگىنىم يېڭى بىر يول، يېڭى بىر قەلئە، گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈلزارلىق بولدى.

مەن بۇ يەرگە قەلبىمنى بەردىم. ئۇ يەر ماڭا ئۆز نۇرلىرىدىن لىقمۇ لىق توشقۇزۇلغان ئىسىل قەدەھلىرىنى بەردى. مەن ئۇشبۇ قەدەھلەر ئىچىگە ئېچىرقاش ھېسسىياتىم بىلەن كىرىپ كەتتىم.

مېنىڭ يېڭى بىر باھارىم مۇشۇ پانۇس بۆشۈكى ۋە قۇياش مەھەللىسىدە يورىدى.

مەن پەشتاقنىڭ يېنىدا ئېگىزگە قاراپ تۇرغىنىمدا، بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ بېشىمغا قوندى. ئۇ قولۇمغا ئاستا پىچىرلاپ «ھاياتنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۇچۇن قىلچە تەۋرەنمەسلىك كېرەك. كرىستالدەك قەلب شىشەڭنى كۆز ئالدىڭدا ئۇچۇپ يۈرگەن نۇر بەرگىلىرى بىلەن توشقۇز» دېگىنىچە ئۇچۇپ كەتتى.

ھەممە نەرسە ماڭا مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىدى. غەيرىتىم ئاشتى، قاناتلىرىم زەڭگەر كۆككە ئىنتىلدى.

جەننەتنىڭ ئېغىزىغا تۇتاشقان بۇ سامان يولىدا مەن ئاستا - ئاستا سەپەر قىلدىم.

8

خۇشاللىقىم بىلەن سەكرىگەن دەريا مېنى ئېقىتىپ ماڭدى. تۇغان تۇتۇپ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بۇ شاۋقۇن ئېقىنى بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۇن - تىنسىز سۆزلىشىپ تۇرغان ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسىدا مەن گويا ساھىلدىن بوشۇناپ كەتكەن يېگانە قېيىق

كەبى كېتىۋاتىمەن.

دولقۇن ئىچىدە ئايرىدە بولغان كۆپۈكچىلەر يەنە دولقۇن ئىچىدە غايىب بولدى.

قەلبىمگە مالالىق يەتكەن ياپراقلارنى دەھشەتلىك قىيانىنىڭ سادالىرى نەلەرگىدۇر ئېقىتىپ يوق قىلدى.

ساھىللاردا دولقۇنلارنىڭ ناخشىلىرىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يۇمران قىياقلار ئۆز دۇنياسىنىڭ ئىچىدە شادىمان ياشىماقتا.

يىراقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن پەسىل قۇشلىرى يېشىل دۇنيانىڭ باغرىدا قىياقلار بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى. ئۇلار يەنە پەر ئېقىپ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئېقىپ كېتىۋاتىمەن. تەبىئەتنىڭ گۈزەل ناخشىسى مېنىڭ قەلبىمدە ياڭرىدى. مېنىڭ يۈرىكىمدىن چىققان ئىزگۈ مۇزىكا تەبىئەتنىڭ تىلى بىلەن تېخىمۇ گۈزەللەشتى.

ئاي چىقتى. يۇلتۇزلار بىپايان ئاسماننىڭ ئالتۇن زۇننارىدىن جۇلا قىلىشقا باشلىدى. زۇلمەت ئۇنىڭ ئىچىدە غىل ـ پال يورۇدى. ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا ئۇلار ھەممىسى ئۆز خىيالىدا.

ئېقىپ كېتىۋاتىمەن.

بۇ قىرغاقتىن ئۇ قىرغاققا، ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋاتىمەن.

كۆپ ئىشلارغا چىداش كېرەك، بەلكىم بۇ چىداش ئۇزۇنغا داۋاملىشار.

9

لەگلىكىمنى ئۇچۇرۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدىم. دالىنىڭ مەيىن ساباسى لەگلىكىمنىڭ قانىتىغا ئېسىلىپ ئۆيۈمگە كەلگەندى. مەن بوسۇغامدىن قەدەم ئالغىنىمدا بالكوندىكى كەپتەرلىرىمنىڭ

www.uyghurkitap.com



ناخشىسى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلىدى.

قەپەسنىڭ كىچىك ئىشىكىنى ئېچىۋەتتىم. كەپتەرلىرىم ياغاچ قونداقنىڭ ئۈستىدە ناخشىسىنى ئېيتىپ ئولتۇرىۋەردى. مەن ئۇلارنى ئۇچۇشقا زورلىدىم، بىراق ئۇلار ئۇچمىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆز قانتى بىلەن ئۇچۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق ئۇلار ئاشۇ ئاددىي قوندۇقىدا جىمجىتلا ئولتۇردى.

ئۇلارنىڭ مىسكىن تۇرقى مېنى ئويغاتتى. ئۇلار گويا ئىگە ـ چاقىسى يوق ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پەرۋازىنى كۆتكەن يۈرىكىم ئۆزىنىڭ غېرىب قەسرىدە ئۈنسىز ياش تۆكتى. كەپتەرلىرىم ئاخىرى قەپەستىن چىقتى. بالكوننىڭ كىچىك سۇپىسىدا ياۋا مۈشۈك ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. كەپتەرلىرىم ئۇنىڭغا ئېرەن قىلماستىن باش ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاسماننىڭ قېتىغا كىرىپ كەتتى.

ياۋا مۈشۈك قەپەس ئىچىگە كىرىپ ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ يەردە ھېچنېمە تاپالمىغانىدى. ئۇ كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ بالكوندىن چۈشۈپ كەتتى.

گۈگۈم چۈشەي دەپ قالدى. ئۆز بەختىنى ئاسمان ۋە مۇنبەت زېمىندىن ئىستەيدىغان كەپتەرلەر قايتىپ كەلدى. ئۇلار بالكوندىكى كىچىك قونداقتا قوندى. بىراق، قەپەسكە كىرمىدى.

قاراڭغۇ ئۆز پەردىسىنى زېمىنگە يايدى، شۇندىمۇ كەپتەرلەر قەپەسكە كىرمىدى.

تاڭ سەھەردە مەن كەپتەرلىرىمنىڭ ئۆز جايىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ نىگاھىدىن تىمىسۋاتقان قان قەپەسنىڭ ئۈستىگە تامچىلاپ چۈشتى.

مەن قەپەسنى چېقىپ تاشلىدىم.

يىشىل دالا ماڭا مۇھەببەت ناخشىسى ئەۋەتتى.

مەن لەگلەكمنى ھەر كۈنى ئاشۇ سۆيۈملۈك دالىدا ئۇچۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

مەن كەپتەرلىرىمنىڭ ئەركىن ـ ئازادە قانات قېقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

10

مەن دەريا بويىغا كەلدىم. ئۇ نېمىشقا شۇنچە جەزبە بىلەن چۇقان كۆتۈرىدۇ.

خادا تاش نېمە ئۈچۈن مەزمۇت ياشايدۇ؟

يانار تاغلار نېمە ئۈچۈن كۈچلۈك غەزەپ بىلەن پارتلايدۇ؟ ئاسماننى تىرەپ تۇرغان تىك چوققىلار نېچۈن پەسكە غۇلاپ چۈشمەيدۇ؟ قۇياش نېمە ئۈچۈن ھارماي كۆيۈپ تۇرىدۇ؟ يۇلتۇزلار نېمە ئۈچۈن تىنىم تاپماي جىلۋە قىلىدۇ؟

مەن ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىككىنە ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ تاغ باغرىلىرىدا گەگگانت ياشاۋاتقان يېشىل ئارچا ـ قارغايلارغا چەكسىز زوقمەنلىك بىلەن قاراپ كېتىمەن.

باياۋاندىكى ئىسسىق قۇياش نۇرىدا ئۆز كارۋانلىرىغا يول باشلاپ سەپەر ئەتكەن كارۋان بېشىغا زوقۇم كېلىدۇ.

ئەتىگەندىن كەچكىچە ھارمايدىغان قۇشلارنىڭ نېمە خىيالى باردۇ؟

تەنھالىق ۋە جىمغۇرلۇق ئىچىدە ھاياتلىق ۋە ئالەم ھەققىدە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

يېشىل دالا، قاغجىراپ كەتكەن باياۋان، ئادەملەر، ئۇچار قۇشلار ھەممىسى مېنىڭ خىيالىم بولۇپ قالدى.

مەن ئۆز ئىلكىمدىكى خىياللىرىم بىلەن بەلكىم مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سىرلارنى يېشەرمەن.

11

مەن ئۆيدە يالغۇز قالدىم. كېچە ئۆز يۈزىنى كۆرسىتىپ ئەتراپقا يېيىلدى.

دادام جاڭگالدىن تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. ماڭا ھەمنەپەس ھەم سىرداش بولىدىغان بىرمۇ ئادەم ئۆيۈمگە كىرمىدى.

ئېتىز باشلىرىدا دەرد ناخشىلىرىنىڭ قاناتلىرىنى يېشىۋېتىدىغان نامرات دېھقانلارمۇ بۈگۈن غېرىب كۆلبىلىرىدىن چىقمىغانىدى.

ئالەم جىمجىت، ئۆي جىمجىت ئىدى.

تۈن يېرىم بولغاندا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىم. چۈشلىرىمنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كېتىۋاتقىنىمدا بىرى مېنى چاقىردى. مەن ئىشىكىمنى ئاچتىم، بىراق تالادا ئادەم يوق ئىدى. ئۆيۈمگە قايتىپ كىرىپ ئولتۇرغىنىمدا ئۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، كوچىدا يەنە ئادەم يوق ئىدى. غەلىتە تىۋىش يېنىمدىلا ئايلىنىپ يۈردى.

ئۇنى ئىزدىدىم. بىراق، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم.

شامال چىقىشقا باشلىدى. ھېلىقى تىۋىش شامالنىڭ ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

ئەتراپنى تېخىمۇ شاۋقۇن ـ سۈرەن، غەلىتە قىقاس ـ چۇقانلار قورشىۋالدى. ئۇ بىردەم يېنىمدا تۇرسا بىردەم ئېگىز ئۆگزىگە كۆتۈرۈلدى.

مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم. ئۇ بۇ غەزەپلىرىمگە پىسەنت قىلماي يەنە ئۆز خىيالى بىلەن مىڭغۇەردى.

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كېچە، ئېقىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇز ئۆز

دۇنياسىنىڭ يولىدا تەنها ئىدى.

مەنمۇ ئۆزۈم ياراتقان زېمىنىنىڭ ساھىلىدا ئولتۇرۇپ زۇلمەتكە ئوقيا ئۈزدۈم.

سېنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن قورقۇشۇڭ بەك ئەپسۇس، مېنىڭ قورقۇنچاق ئەمەسلىكىمگە تەن بەر.

مەن كېچە زۇلمىتىگىدىن ئۆز مەۋجۇتلۇقۇمنى ئىزدەپ تاپالايمەن. ئاھ نۇر، سەن مېنىڭ سۆيگۈنۈم.

12

سەن مېنىڭ يولۇمنى توسۇپ قويدۇڭ. پاسكىنا، پاسىق تېنىڭدىن ئېقىۋاتقان سېسىق پۇراق نەپسىمنى بوغدى. سەن بىكۆرۈم چېھرىڭ بىلەن ماڭا ئىلمان تەبەسسۇم قىلدىڭ. مەن بۇ تەبەسسۇمنىڭ ئارقىسىدا زەھەرلىك يىلاننىڭ نەشتىرى بارلىقىنى بىلدىم. سەن ماڭا مېھرىبان ئانىدەك يېقىنلاشتىڭ. بۇ كۆيۈنۈشنىڭ كەينىدە قانداق تراگېدىيەنىڭ ئوينىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

سەن مېنى مەغلۇپلار قاتارىغا ساندىڭ، مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

سەن مېنى ئاجىزلار ئورنىدا كۆرگىنىڭدە، سېنى مەسخىرە قىلدىم.

سەن قاچامدىكى ئېشىمنى تارتىۋالدىڭ، كۈمۈش قاچام سېنىڭ قولۇڭدا بولسىمۇ بەرىبىر مېنىڭ.

سەن شاھلارچە كۆرەڭلەپ قويدۇڭ، سەن قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئالغىنىڭ بىلەن ھاۋا مېنىڭ.

ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاشتىڭ، ھىيلىگەرلىكىڭ تېخىمۇ ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى.

ئارقامدىن سايىدەك ئەگىشىپ ماڭدىڭ. ھەممە نەرسە خۇددى

سىنىڭدەك غۇلاچلىرىڭنى كەڭ يېيىپ، ئالىقانلىرىڭنى چوڭ ئاچتىڭ. سەھەردىن كەچكىچە قىلغان ئەمگىكىم سىنىڭ بولۇپ كەتتى.

سەن بۇنىڭغا قانائەت قىلمىدىڭ.

مېنىڭ كېچەم ھەم كۈندۈزۈم سىنىڭ قولۇڭدىكىدەك، ئوي - پىكرىم ۋە خىيالىم سىنىڭ ئىلكىڭدىكىدەك، سەن ھەددىڭدىن ئاشتىڭ.

لەنەت ساڭا ئىپلاس تىلەمچى. قاپقارا كۆڭلۈڭ بىلەن مەقسەتكە يېتەلمەيسەن.

ناۋادا مېنى ھەقىقىي بىلمەكچى بولساڭ كېپىمگە قۇلاق سال.

ساڭا باش ئۇرۇشنى تەسلىمچىلىك دەپ بىلىمەن.

بۇ دۇنيادىكى ئېسىل نېمەتلىرىمنى سېنىڭدىن كۈتمىگىنىمدىن چەكسىز خۇرسەنمەن.

13

قار گۈللىرى زېمىنىنىڭ باغرىدا ئېچىلىپ، ئالەم گۈزەللىكىگە ئايرىدە بولغاندا بىز تونۇشتۇق.

بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىز باھار يامغۇرىنىڭ گۈل بەرگىلىرى بىلەن ئوتلۇق سۆيۈشكىنىدەك، شۇنداق سۆيۈملۈك بولدى.

بىز بىر - بىرىمىزگە غۇنچە ھالەتتىكى سۆيگۈمىز بىلەن قاراشتۇق. مۇھەببەت ۋە ئەقىدە يېغىپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزىمىز بىلەن مەخپىي سۆيۈشتۇق.

باشقىلار بىزنى سۆزلىشىۋاتىدۇ، دېدى. بىراق، بىز چوڭقۇر سىردىشىۋاتىمىز.

باشقىلار بىزنى كۈلۈشۈۋاتىدۇ، دېدى. بىراق، بىز سەممىمىي تەبەسسۇم قىلىۋاتىمىز.

بىزنىڭ بۇگۈنىمىز پۈتۈنلەي مۇھەببەتكە ئايلىنىپ كەتتى.
مۇھەببىتىمىز قار گۈللىرى بىلەن قوشۇلۇپ زېمىننى بىز ئارزۇ قىلغان گۈزەللىك قاپلىدى.

تۈن ئۆز گۈزەللىكىنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە يېپىنچا قىلىپ تاشلىدى.

بىز تۈننىڭ ئىچىدە شېرىنلىك تاپتۇق.

چەكسىز كەتكەن ھاياتلىق باياۋانىدا ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن مۇقەددەس يولنى تاللىۋالدۇق.

بىزنى مۇھەببەتنىڭ ئۈزۈلمەس يىپى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ قويدى.

بىزنىڭ دۇنيارىمىز ئىچىدىكى ئارزۇ ـ ئارمىنىمىز، ئىمان ـ ئېتىقادىمىز بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتتى.

ئاسمىنىمىزدا گۈزەللىك تۆككەن قىزىلگۈللەر بىزنىڭ ئىسمىمىزنى چاقىردى.

بىز قول تۇتۇشۇپ ماڭدۇق.

تەكچىدىكى چىراغقا بىرلىكتە ئوت ياقتۇق. ئۇنىڭ يالقۇنى ئايغىمىزنى يورۇتتى.

ئاھ ئۇزاق يول، بىز ئۆز روھىمىز بىلەن سېنى بېسىپ ئۆتىمىز.

## 14

جىم تۇر يۈرىكىم. سېنىڭ سۆزلەپ ھارمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. ئەڭ يوشۇرۇن دۇنيارىڭدىن ياڭرىغان لىرىك كۈيلىرىڭ زېمىنگە نۇر بولۇپ تۆكۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ئاجايىپ سىرلىق دەريالىرىڭدىن كېلىۋاتقىنى سېنىڭ چەكسىز ھەم ئۇلۇغ، مۇز پارچىسىدەك يالتىراق مۇھەببىتىڭ.

جىم تۇر يۈرىكىم، يانار تاغلاردەك بۈيۈك سادالىرىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زېمىنىنىڭ قەلبىنى تىترەتتى. دالىلارنى گويا بىر ئاتا كەبى سۆيۈپ ئۆتتى، يېشىل ئوت ـ چۆپلەر لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى.

سەن ھەقىقەتنى سۆزلىدىڭ. سېنىڭ ھەربىر كەلىمە سۆزلىرىڭ دۇنيانىڭ ھەربىر ياپرىقىغا قۇش كەبى قوندى.

جىم تۇر يۈرىكىم، سېنىڭ سائەت ئىسترېلكىسىدەك چىكىلدىشىڭنىڭ ئارقىسىدا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر بار. سېنىڭ ھەربىر تىنىقىڭنىڭ كەينىدە چىرايلىق سۆيۈشلەر بار.

سەن خۇددى باھار بۇلاقلىرىدەك توختىماستىن ناخشا ئېيتىۋاتىسەن. ناخشاڭ دانە ـ دانە گۈل بولۇپ، زېمىنىنىڭ ئېتەكلىرىگە تىزىلدى. گۈل ۋە سۆيگۈگە تەشنا يېتىم يۈرەكلەر ئۇ خۇش پۇراقلىق گۈللەرنىڭ ئىچىدە ئاراملىق تاپتى.

جىم تۇر يۈرىكىم، تار قەپەسىدە ئەركىنلىكىنى سېغىنىپ قانات ئۇرۇۋاتقان ئاشۇ مىسكىن قۇشتەك تېپىرلىشىڭنى بىلىمەن. قۇش ئۆز قانىتىنىڭ ناكار بولۇشىدىن قورقسا، قەپەسكە قانىتىنى ئۇرماس بولاتتى؟!

سەنمۇ خۇددى ئاشۇ قۇشتەك كىچىككىنە جىنىڭدىن قورقۇپ كېتىدىغان بولساڭ بۇنچە جازىبە بىلەن سوقمىغان بولاتتىڭ. بۇنچە ئازابلىق ئۈن بىلەن سايرىمىغان بولاتتىڭ.

ئېھ ئوماق يۈرىكىم، دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىغا سىرداشقان دوستۇم، مەڭگۈ توختاپ قالما، خورلۇق ۋە بەختسىزلىككە تولغان زېمىنىنىڭ تىلى ۋە كۆزى سەن.

ئوتتۇز ياشلىق مەزمۇت دەرەخ ئاستا پىچىرلاپ: «مەن يۈرىكىمنى مەڭگۈ سۆيىمەن» دېدى.

## ئاتا — بىر تۈپ سۆيگۈ دەرىخى

◆ — يارانقۇچىنىڭ چىرىغى بارمۇ؟
— ئاتا.
— تۇپراقنىڭ يىلتىزى بارمۇ؟
— ئاتا.
— ئالەمنىڭ تۈۋرۈكى بارمۇ؟
— ئاتا.
— قۇياشنىڭ يۈرىكى بارمۇ؟
— ئاتا.

◆ . . . مۇزلىغان چاغلىرىڭدا ئۇ بىر باھار. ئىسسىغان چاغلىرىڭدا ئۇ سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ، سېنى سىيپايدۇ. ئۇ خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك تىنىم تاپماي سېنى سۆيۈپ تۇرىدۇ.

◆ بالىلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنى ئاتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىچىدە كۆرەلەيمىز. ئانىنىڭ بەختىنى ئاتا بېرىدۇ، بالىنىڭ بەختى ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا بولىدۇ. دادامنىڭ كىچىك سوۋغىسى ئىللىق تەبەسسۇم، بىز ئۇنىڭدىن چەكسىز ھۇزۇر ئالىمىز؛ دادامنىڭ چوڭ سوۋغىسى — بۈيۈك سۆيگۈ، ئۇ ئۇنى پۈتكۈل ئاۋامغا بېرىدۇ. ناۋادا ئۇلۇغ ئاتىنىڭ چىرىغى ئائىلىدە ئۆچۈپ قالىدىغان بولسا، ئائىلە ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

◆ ئوغۇزخاننىڭ قولىدىكى زۇلپىقارنى تۆمۈرچى سوققان، نوھنىڭ كېمىسىنى ياغاچچى ياسىغان، چىڭگىزخاننىڭ ئوقياسىنىمۇ ھۈنەرۋەن ياسىغان. ئۇلار دۇنياغا ئاتامان بولۇپ شانۇ شەۋكەتلىك

ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغاندا، تۇنجى بولۇپ ئەسلىگىنى — ئاتا.

◆ پەيلاسوپلار: «ساڭا يامانلىق قىلغان ئادەمنى سۆيۈپ قوي» دەيدۇ؛ دادام «زەھەرلىك يىلاننى سۆيگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. جاھاندا تىرىشساڭ ھەممىنى قىلالىشىڭ ياكى ھەممە بولالىشىڭ مۇمكىن، تازا ئويلانساڭ ھەقىقىي بىر ئۇلۇغ ئاتا بولماق نەقەدەر تەس ـ ھە؟ بىلەمسەن، ئاتىنىڭ قەلبى ئازابلانسا، زېمىنىنىڭ كۆزىدىن قان ئاقىدۇ؛ ئانا ياش تۆكسە، ئاسمان ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدۇ.

◆ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە تارتىلغان يىپنىڭ بىر ئۇچى ئاتىنىڭ قولىدا، يەنە بىر ئۇچى ئانىنىڭ قولىدا بولىدۇ. يىپنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىيامەتنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

◆ ئۇ ئاتىنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى بۆشۈكتە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنىڭ چېھرىدە نامايان بولدى؛ ئۇ ئاتىنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرىشى قىش قوينىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان باھارنى ئويغاتتى.

◆ زېمىن ئەڭ مۇلايىم ئاتا. ئۇ تەبىئەت ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئېغىر ئازابلىرى ۋە سىلكىنىشلىرىگە جىمجىت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

◆ ئاتا قەلبىدە يۈكسەك ئېتىقاد بولسا، بالىلار ھەقىقىي يېتىلىدۇ. چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن يۈرىكىگىنى پاكىزلىمىساڭ، بالىلارنىڭ لەنىتىگە قالىسەن، بالىلار پاك يۈرەكنى سۆيىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنياغا پاك، بىغۇبار تۆرەلگەن... بىپايان دېڭىزنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى بالىلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىدەك گۈزەل ھەم يېقىملىق ئەمەس.

◆ بەخت توغرىسىدا سۆزلىگەنلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمەن. بىراق، ئۇلار بەختكە تۇتىشىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرەلىگىنى يوق، ئەگەر ئۇلار كۆرسىتىپ بېرەلىگىنىدە، يۇمران بالىلار بىھۇدە

يېتىم بولماس ئىدى. كوچىدا بۇردا نانغا زار بولغان تەلەيسىز بالىنىڭ گۆھەر كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش سىرغىماس ئىدى؟!

♦ كۆكرىكىگە ئوق تەگكەن تۇپراقنىڭ ئۈنسىز قايغۇسىنى دېڭىز دولقۇنلىرى سۆزلەيدۇ. يارىلانغان قۇشنىڭ كۆز يېشى دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا جىلۋە قىلىدۇ.

♦ ناۋادا بىر قۇش دەرىخىڭگە قونۇپ ناۋا قىلىپ بەرسە، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشا؛ سەممىمي بىر ئادەم ئىشىكىڭ ئالدىدىن سالام قىلىپ ئۆتسە، ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرامىڭنى بەر. بىلگىنكى، ياخشى پەرزەنت — زېمىننىڭ مول بايلىقى.

♦ ناۋادا مەن زىمىستان قىش قار ـ مۇزىنىڭ ئىچىدە، زۇلمەت كېچە قاباھەت چۈش قوينىدا تۇرۇپ قالسامۇ، يەنىلا ھايات تۇرالايمەن، چۈنكى مەندە بۈيۈك ئېتىقاد، ئىشەنچ ۋە ھاياتقا بولغان چەكسىز سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بار. بەزىدە شاد ـ خۇراملىقىقا قارىغاندا، قىيىنچىلىق ۋە ئازابلىنىش كىشىنى كۆپرەك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشتۈرۈپ قويىدۇ. ئۆزۈڭگە ئىشەن ئوغلۇم، دادا بايقىيالمىغان نەرسىلەرنى بالا بايقىيالايدۇ.

♦ قورام تاشنىڭ يۇرىكىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان زۇمرەت سۇ دېھقاننىڭ ئېتىزىنى سۆيۈپ ئارمىنىغا يېتىدۇ. يادىن ئېتىلغان ئوقنىڭمۇ نىشانى بار. دادام ئېغىلدىكى ئارغىماقنى توقۇپ جابدۇدى. ئۇ قوزۇقتىكى مىسران قىلىچنى يېنىغا ئېسىپ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغۇلىرىنى كىيىپ جابدۇندى ۋە بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ «يۇر، سېنىڭ چوڭ بولغانلىقىڭنى ئىسپاتلاپ كۆرىمىز، سەپەرگە چىقايلى» دېدى. بىلدىمكى، ئۇ مېنىڭ ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتكەن چۆچەكلەرنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكىمنى ئۈمىد قىلغانىدى.

♦ يىتتۇپ كەتكەن نەرسىلىرىمىز كۆپ، ئېرىشكەنلىرىمىز

يىتكەنلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرەلىشى ناتايىن. ۋەھالەنكى، قەلبلەردە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۆچسە، دۇنيانىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئۆچكەن مۇھەببەتكە ئوت يېقىش تولىمۇ تەس! ياخشى نەرسىمىزنى يىتتۈرمەيلى.

◆ بىر سۆزۈم بار. ئەي ئوغۇل، خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، ئاتا روھىغا داغ تەگكۈزمە. بىلەمسەن؟ يۈرەككە قورۇق چۈشمەيدۇ. ۋەھالەنكى، يۈرەككە دەز كەتسە يەملىگىلى بولمايدۇ. ھايات مۇساپىسىدە ئۆزۈڭنى ئەڭ لىللا چۈشىنىدىغان، ئۆزۈڭنى ئەڭ پاكىز سۆيىدىغىنى يەنىلا ئۆزۈڭدۇر؛ ئاتا سەن ئۈچۈن مەدەتكار. پەقەت ئۆزۈڭگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ، ساناقسىز تىرىشچانلىقلا سېنى ھەممىگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. شۇندىلا سەن سامادىكى قۇشلاردەك تېخىمۇ ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا مۇيەسسەر بولالايسەن.

◆ سەن ئۆز چىرىغىڭنى قوغدا، قاراڭغۇلۇقتا قالمايسەن. ئاتا بىر ۋەتەن، ئۇنى سۆي، ئۇ سېنى قوغدايدۇ؛ ئاتا بىر توپ سۆيگۈ دەرىخى، ئۇ ساڭا سايە چۈشۈرىدۇ؛ ئاتا بىر مەشئەل، ئۇ سېنىڭ يولۇڭغا مەڭگۈلۈك نۇر بېرىدۇ.

◆ ئاتا قەلبىدە يانغان ئېتىقاد چىرىغى بالا قەلبىدە يانماي قالمايدۇ. ئاتا قانداق بولسا بالىنىڭ شۇنداق بولۇشىغا ئىشەن.

◆ مەن بىر كېمىچىنى تونۇيمەن. ئۇنىڭ قولىدا ماياك بار، قەلبىدە مۇھەببەت. ئۇنىڭ كېمىسىدە ئولتۇرغانلار بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان تەبىقىدىكى كىشىلەر. ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۇ كېمىچىنىڭ قولىدا. بىزنىڭ قەلبىمىز ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى بىلەن بىرلەشكەندە بىز، شۈبھىسىزكى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىدىن گەپ ئاچىمىز.

◆ يا مەشرىقنى، يا مەغرىبنى بىلمەيدىغان ئاتا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قەيەرلەرگە كېتىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ.

◆ بارلىق پەرھىزلەرنىڭ ئىچىدە ۋەتىنى ۋە ئاتىسىنى سۆيۈشتىن بۈيۈك پەرھىز بولمىسا كېرەك.

◆ ياخشى ئاتا باللار ئۈچۈن بۈيۈك ئەقىل - پاراسەت كۆرستىپ بېرەلەيدۇ.

◆ ئاتا بىر چولپان، ئۇ يەنە مەشئەل.

◆ ئاتا بىر كومپاس، بۈيۈك بىر غەزەل.

◆ ئادەم تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەلۇم بىر جانلىقنىڭ نامى. مانا مۇشۇ نام ئاتا قەلبىدىن يارىتىلغان.

◆ بۈيۈك ئەقىل - پاراسەتكە ۋە ئېتىقاد، ئىمانغا ئىگە بولمىغان ئاتا مەغلۇبىيەتچىدۇر.

◆ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلەردە تۇغۇلغان ئەقىل بۈيۈك ئەقىلدۇر. ئۇلۇغ ئاتا ئۆز ۋۇجۇدىدا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە باشتىن - ئاخىر ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# جاراھەت ناخشىسى

1

قەلبىمدىكى سۆيگۈ قەلبىڭدىكى ئاشۇ جاراھەتتىن تۇغۇلغان. گۈزىلىم، سەن ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكىگە ئىشەن. ئۇ پەقەت سەن ئۈچۈن يارالغان روھ!

2

ياش بىلەن كۈلكە ئادەم ئاتام بىلەن ھەۋۋا ئانامنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھېلىھەم مېنىڭ كۆركەم سارىيىمدا ياشاۋاتىدۇ.

3

نادانلىق — ئۆلۈم، ئەمما زامانىمىزدىكى ساختا بايۋەچچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى تېخىچە سەزمەيۋاتىدۇ.

4

ئالىيجانابلىق ئۆز ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندا، مۇقەررەر ھالدا رەزىللىك خەنجىرىنى يوشۇرۇۋېلىپ، ئۇلۇغلۇق بىلەن تەڭ تۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

5

ئىنسانلار ھاياتنى بىر كۈن سۆيمەيدىكەن، بىر كۈن ئۆلىدۇ؛

ئىككى كۈن سۆيمەيدىكەن، ئىككى كۈن ئۆلىدۇ؛ مەڭگۈ سۆيمەيدىكەن، مەڭگۈ ئۆلىدۇ.

6

مەن ئۆزۈمدىن ئىككى قېتىم نەپرەتلەنگەن: بىرىنچى قېتىم، بەخت شىرەسىدىكى شادلىق رومكىلىرى چېقىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ دوزاخ ئىشىكىگە تۇنجى رەت قەدەم قويغىنىمدا؛ ئىككىنچى قېتىم، ئاشۇ ئوتتىن قۇتۇلۇپ، يەنە شۇ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغىنىمدا. . .

7

ئوتلۇق تەبەسسۇمدىن سۆيگۈ تىلىگەنىدىم، تەبەسسۇم ماڭا نەپرەت ئاتا قىلدى. مېنى سەۋدالىق كوچىسىغا ھەيدىگەن بۇ قانخوردىن يەنىلا مېھرىمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن.

8

خادا تاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. سالچى بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چوڭقۇر دېڭىزلارغا يوشۇرۇنغان رەقىب ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش خىياللىرىنى سۈرۈپ، تۈن كۆكىدىكى يارقىن يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ قالغىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن.

9

مېنىڭ ھايات سەپىرىمدە ھالاكەتكە يولۇقۇشۇم روھىمنىڭ ناپاك بولغانلىقىدىندۇر.

10

ئادەملەر، سىلەر رەستىلەر ئارىلاپ ساپايى چېلىپ، ناخشا

ئېيتىۋاتقان يوچۇن ئادەملەرنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار. دۇنيادىكى ئەڭ جەڭگىۋار ناخشىلارنى ئاشۇلار ئېيتىدۇ.

11

گاچا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ، سەن كۈلمە؛ توكۇر ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، سەن زاڭلىق قىلما. ساق تۇرۇپ ناخشا ئېيتمايۋاتقانلارغا كۈل! بىجىرىم تۇرۇپ ماڭمايۋاتقانلارغا مەسخىرە تېشى ئات!

12

ئىنسان ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ، تەكەببۇرلۇق رومكىسىنى قولىغا ئالغان ھامان جان ئۈزىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ توققۇزى تەل بولۇش قانۇنى.

13

ئۇيقۇ — ئاراملىق، ئىنسان بارلىق قايغۇسىنى ئۇنتۇش ئۈچۈنلا ئۇيقۇنى سۆيىدۇ.

14

مۇھەببەت — يۈرەكتىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت. ئۇ ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ يۈرىكىگە تۇتاشقاندا چوغقا ئايلىنىدۇ.

15

مەن گۈزەللىك ئىزدەپ ئۇيۇققا تۇتىشىپ كەتكەن بىر دۆۋە ئەخلەتنى تىرناقلىرىم بىلەن تاتىلىدىم. بارلىقىنى ئويۇن - تاماشىغا تىكىپ قويغان ئادەملەر مېنى زاڭلىق قىلىپ تازا كۈلدى. مەن

ئۆلارنىڭ كۆلكىلىرىگە پەرۋا قىلماي، ئەخلەتلەرنى كولاۋەردىم، ئاخىرى گۈزەللىكنى تاپتىم. ئۇ ئاشۇ بۇلغانغان ئالەمدىمۇ ئۆز پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، ئالتۇندەك نۇر تۆكمەكتە ئىدى. ئەتراپىمدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى زوقمەنلىك بىلەن بۇ نۇرغا قاراشتى. . .

16

مەن ئالەمنى ئايلىنىپ ئىككى مەخلۇقنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ بىرى ئېشەك، يەنە بىرى چوشقا. ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئەسلا ئوخشىمايدۇ. چوشقا ھۇرۇن، ئەمما ھارماي غىزالىنىدۇ؛ ئېشەك بولسا ئاز غىزالىنىپ، كۆپ ئىشلەيدۇ. بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك - ھە!

17

بىز مۇھەببەتلىشىش ئۈچۈن سۆزلەشمەيمىز، پەقەت سۆزلىشىش ئۈچۈن مۇھەببەتلىشىمىز.

18

ئۆز ناخشىسىنى يۈرەكلىك ئېيتالمىغان كىشى نەقەدەر ئاجىز ۋە بىچارە كىشى - ھە!

19

مەن شاۋقۇنلۇق ناخشىسىنى ئېيتىپ، كېچە - كۈندۈز توختىماي ئېقىۋاتقان دەريادىن سورىدىم:

— سەن دائىم شۇنداق توختىماستىن ناخشا ئېيتىپ، شىددەت بىلەن ئاقىسەن. بۇ جەرياندا سەن ھارغىنلىق ھېس قىلمامسەن؟ دەم ئېلىۋېلىشنى ئويلىمامسەن؟

ئۇ قانداقتۇر بىر خىل مەسخىرىلىك ئاھاڭدا كۈلۈپ:

— شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئارمانغا يەتمەي تۇرۇپ ئارام ئېلىش ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر مەن توختاپ قالسام قۇرتلاپ كەتكەن كۆلگە ئايلىنىپ قالمامدىمەن؟ — دېدى دەريا.

20

ئەقىللىق گاچىلار مەززىسىز گەپ قىلىدىغان ئەرزىمەس ناتىقلاردىن نېمىدېگەن ئۈلۈغ - ھە!

21

گۈزەللىك بىزنى كۈلدۈرىدۇ، زىيادە گۈزەللىك بىزنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ ياكى بولمىسا جېنىمىزغا زامىن بولىدۇ.

22

ئۇ ناخشا ئېيتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايمەن؛ مەن ناخشا ئېيتىمەن، ئەمما ئۇ مېنىڭ ناخشامغا ھەسەت ئوتى چاچىدۇ.

23

ئادەملەر يۇلتۇزدەك ياشاشنى بىلگەندە ئاندىن قۇياشقا چىقالايدۇ.

24

ھايات گۈزەل، چۈنكى ھەر خىل رەڭلەردىن خالىي ئەمەس.

25

ھەقىقەت توۋلىدى، مەن ئويغاندىم؛ ناھەق توۋلىدى، ئۇ ئويغاندى.

26

ئۇ رەختتىن مودا قوغلاۋاتىدۇ، مەن قەغەزدىن...

27

ئانا تىلەيدۇ خۇدادىن بالىسىنىڭ ئۆمرىنى،
بالا تىلەيدۇ خۇدادىن ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى.

28

ناھەقچىلىكنى كۆرۈپ تۇرۇپ قىلچىلىك تەۋرىنىش بولمىغان ئادەم مېنىڭ ئېگىمدا بىر بۇت ـ ھەيكەلدۇر.

29

ئاجىزلىق — ھالاكەت ئانىسى. مەن مەڭگۈلۈك تۇرمىگە قامالغان مەھبۇس.

30

مەن ھاياتنى كۈلدۈرسەم، ھايات مېنى كۈلدۈرىدۇ.

31

تۇندىكى جىمجىتلىق كۈندۈزدىكى ساراڭ چۇقان ـ سۈرەنلەردىن نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! مەن تۈننى سۆيىمەن، چۈنكى «سەۋدايى» يۈرەك تۈنسىز بەختكە ئېرىشەلەيدۇ.

32

مەن دوستلىرىمنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىق سۈپىتىدە قىممەتلىمەي ئۆلتۈرۈشىدىن بەكمۇ بىزار بولدۇم.

33

بىر قەسىر، ھەيۋەتلىك بىر قەسىر، روھىم ئۇنىڭدا تۆرەلدى. ھازىر بىچىرىم، ئۇماق چوڭ بولۇۋاتىدۇ.
بىراق، ۋۇجۇدۇم ھىجران بۆشۈكىگە تېڭىقلىق... بەلكىم روھىمنى چوڭايتىۋاتقان يەنىلا شۇ ھىجرانلىق سۆيگۈمىكىن؟

34

پەزىلەت — گۈزەللىك تاجىسى. ئۇنىڭ جۇلاسى بەخت. ئۇ دەشت - باياۋاندا بولسىمۇ مەن يەنىلا ئۇنى سۆيىمەن.

35

تۈنۈگۈن مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتقانىدىم، بۈگۈن يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتىمەن. ئەتىچۇ؟... تەسەۋۋۇر كۆزلىرىم بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. ئاھ مەن ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

36

بىر ناتىق ئادەملەر توپلاشقان سورۇندا توختىماستىن ھەقىقەت سۆزلىۋىدى، كۆپ كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى. مەن شۇ چاغدىلا كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئادەملەرنى چۈشىنىپ يەتتىم.
بۇ ئادەملەر قىزىل مەيكورلاغا باش قويۇپ ياشاۋاتقان ئادىمىي ھايۋانلار ئىدى.

37

چۈمپەردە — نىقاب. ئۇ ماھىيەتنى يوشۇرالىغاندىلا كىشىلەر چوقۇم ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ.

38

يامغۇر ئاسماننىڭ كۆز يېشى. ئاسمان غەزەپلەنگەندە، ياش تۆكىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس.

39

مەن كۆچەت تىكتىم، كۆچەتىم زېمىنگە گۈزەللىك ۋە خۇشبۇي ھىد چاچتى. مەن ھاياجان ناخشىسىنى جور قىلدىم. ناخشام پەلەككە ئۆرلەپ، ئەتراپقا شادلىق بېغىشلىدى. زېمىندىكى جانلىقلار بۇ گۈزەللىكتىن ئورتاق بەھرىمەن بولماقتا ئىدى. مەن مۇشۇ تۇپراققا ئاپىرىدە بولغانلىقىمدىن ئەلۋەتتە رازى، چۈنكى مەن ھاياتنى قەدىرلەيمەن.

40

ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا باشقىلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ، شۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نېمىدېگەن بەختسىزلىك ـ ھە!

مەن كۆز ئالدىمدىكى تېلبۇنزور ئېكرانىغا قاراپ ئۇزاق خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدۇم.

41

ئەركەك ئادەملەر ئۆز قەلبىنىڭ پادىشاھىدۇر. بۇنداق كىشىلەردە قۇلچىلىق روھى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

# كۆڭۈل ئېكرانىمدا كۆلگەن سۈرەتلەر

1

ئوتتۇنچى جاڭگالنىڭ يىلتىزىنى ئاسراپ، مېۋىسىنى يىگەنلىكى ئۈچۈنلا مەڭگۈ ياشايدۇ.

2

مېنىڭ ئۆيلىرىم — قاغجىراپ كەتكەن يەر؛ مېنىڭ ئۆيلىرىم — بوستانلىق چۈشەۋاتقان قۇملۇق.

3

زېمىن ئۈستىدە ئۆيان - بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەن نۇرغۇن ئادەمنىڭ خىيالى قۇشچى بوۋاي كۆتۈرۈۋالغان قەپەستىكى قۇشنىڭ خىيالى بىلەن ئوخشاش.

4

ئىنسان ھاياتىنى ھەر كۈنى خەجلەپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنى مال - دۇنيا ئورنىدا يىغىدىغان بولسا، ئۆلۈم ھاياتقا پەقەت قىزىقمىغان بولاتتى.

5

زېمىن گۈلدۈرمامىغا دەپتۇ: «بېشى بار، ئاخىرى يوق ناخشاڭنى ئىككىنچى رەت ئېيتىپ قالما».

6

بىر تۇپ گۈلنىڭ يېنىدا بىر تۇپ قوناق ئۈنۈپ قالدى. گۈل قوناققا نەزىرىنى سالماي گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىپ تۇرىۋەردى؛ ئىچى سىقىلغان قوناق ئۆز - ئۆزىگە دېدى: «قىزىلگۈل ھەرقانچە چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئاچ قالغان بالىلارنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ».

7

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى بىر توپ قەغەز پارچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەلدى. قەغەز پارچىلىرى سارغايغان يوپۇرماقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. يوپۇرماقلار قەغەز پارچىلىرىدىن: «سىلەرمۇ مېھرىبان ئاناڭلاردىن ئايرىلىپ قالدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، قەغەز پارچىلىرى ئۈن - تىنسىز ھالدا سۈكۈت دەرياسىغا غەرق بولۇشتى.

8

شائىر دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش سۆيۈملۈك، يوپۇرماقلار يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ؛ شائىرمۇ ئاشۇ سايىنى يارىتىدۇ.

9

تەشنالىق — ئەڭ يۈكسەك سۆيۈشتۇر. ئەي مېنىڭ ئامرىقىم، تەنھالىق قەسرىدە تۇرۇپ، سېنى ئويلىغان چاغلىرىم سېنىڭ ماڭا سۆيگۈ ھەدىيە قىلغان چاغلىرىڭدۇر. مەن سېنى يالقۇن ئىچىدە ئويلايمەن. شۇ چاغدا سەن ئەڭ سۆيۈملۈك پەرىشتە كەبى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىسەن.

10

مەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە بالىلىرىمنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرىمەن؛ شادلىق ئىچىدە بولسا ئايالىمنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرىمەن.

11

ئەي مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام، مەن ئۆلگەن چاغدا سەن چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ، مېنىڭ قەبرە تېشىمغا «مەن سېنى مەڭگۈ سۆيەتتىم» دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇشۇڭنى تىلەيمەن.

ئەي مېنىڭ ۋاپادار ئانام، مەن ئۆلگەن چاغدا، سەن تۈن كېچىلىرى جىن چىراغ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، مېنى شېئىر مىسرالىرىمدىن ئىزدەپ تاپقىن. شېئىرلىرىم مېنى ساڭا ئەسلىتىدۇ.

ئەي مېنىڭ ئاق كۆڭۈل ئانام، مەن ئۆلگەن چاغدا، مېنى ئىزدەپ تەكلىماكانغا بارغىن. قەدىمكى قۇملۇق ئازاب ئىچىدە سېنى كۈتۈۋالىدۇ؛ شۇ چاغدا ئوغلۇڭنىڭ سىماسىنى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن كۆرىسەن.

12

يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە يېگانە ئولتۇرغان قار زېمىندىكى بىر دەرەختىن يۇمران چېچەكلەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ چېچەكلەر بىلەن دوست بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاسماندىن يەرگە تاشلىدى. قار يەرگە چۈشكۈچە ئاپئاق چېچەكلەر كۆزدىن غايىب بولدى.

13

ئۇ دۇنيا، پانىي ئالەمدىن ئايرىلغان نۇرغۇن ئادەملەر ئۇ يەردە

ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىپ يۇرۇشىدۇ. مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئايلىنىپ، گۇللەر ئېچىلغان بىر چاھارباغقا بېرىپ قالدىم. ئۇ يەردە نۇرغۇن ئورۇندۇقلار بار ئىدى. مەھمۇد قەشقىرى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ شاھمات ئويناۋاتىدۇ. نەۋائى بىلەن لۇتفى يەنە بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ شېئىر توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىدۇ. ئابدۇرەشىدخان بىلەن مەلىكە ئامانىساخان يەنە بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مۇقام رەتلەۋاتىدۇ. مەن بۇلار بىلەن بىر رەت كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىن كېيىن، باغنىڭ بىر چېتىدىن چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە قىلىچ تۇتۇپ ئولتۇرغان سادىر بىلەن نۇزۇگۇمنى كۆردۇم. يەنە بىر ئورۇندۇقتا يەتتە قىزلىرىم بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ جىمجىت ئولتۇرۇپتۇ. مەن سادىر، نۇزۇگۇم ۋە يەتتە جەسۇر قىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ يۇرىكىمنى ئۇلارغا سۇندۇم.

ئەسلىدە مەن چۈش كۆرگەنىكەنمەن.

www.uyghurkitap.com

# قۇم توزانلىرى

1

بەخت ئېلىپ كەلمىگەن سۆيگۈنى ساختا دەڭلار!

2

قەلبىم قۇلىقىمغا ھەر كۈنى: «مۇھەببەت ۋە ئېتىقادىڭنى قوغدا» دېگەن گەپنىلا پىچىرلايدۇ.

3

كېچىنىڭ زۇلمىتىنى كۆرمىگەن ئادەم كۈندۈزنىڭ نۇرلىرىدىن بەھرە ئالالمايدۇ.

4

ئاق كۆڭۈللەرنىڭ مىجەزى كىچىك بالىلارنىڭ مىجەزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار نېمە دېسە ماقۇل دەيدۇ، بۇ نېمىدېگەن سەبىيلىك ـ ھە!

5

تۈنۈگۈن بەختىنى تاپالمىغان بىر قىز بۈگۈن بەختكە ئېرىشىشى مۇمكىن. بۈگۈن بەختلىك قىز ئەتە بەختسىزلىككە دۇچار بولۇشى مۇمكىن.

6

ئۇ گۈزەل ئايالغا ئېرىشتى، بىراق سۆيەلمىدى. مەن ئاددىي ئايالغا ئېرىشتىم ھەم سۆيدۇم.

7

گۈزەل دالىنىڭ باغرىدا چوڭ بولغان يېشىل گىياھ زېمىننىڭ كۆكسىدە گىگانت تۈرغان چىنار دەرىخىگە قاراپ مەنمۇ سەندەك بولىمەن، دېدى.

8

ئادەم سەرەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، گاھىلىرى يېقىلغان گاھىلىرى ئۆچۈپ قالغان.

9

قۇياشنىڭ پېتىشى زۇلمەتنىڭ بېشارىتى ئەمەس.

10

ھۆرلۈك مەن سۆيگەن، ئەمما ۋىسالىغا يېتەلمىگەن قىز.

11

مەن كوچىدا ئىپپىتىنى سېتىۋاتقان ئاياللارنى كۆردۇم، ئۇلار ئۆز ئىپپەتلىرىگە سەر خىل رەڭلەردىن گۈل ــ نەقىشلەر بەرگەن بولۇپ، گۈزەللىكتە بىباھا ئىدى.

مەن يەنە كوچىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭ رەڭگىرويى زەپىران، كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ قالغان، چاچلىرى چۇۋۇلغانىدى.

— سىز نېمىگە موھتاج؟ — دېدىم ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى مەھكەم سىقىمداپ.

ئۇ ماڭا گەپ - سۆز قىلمىدى. بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلىرى كىرلىشىپ كەتكەن يۈزىنى يۇدى.

مەن ئۇنىڭدىن قايتا - قايتا سورىدىم، ئۇ ئاخىر زۇۋان ئاچتى:

— مەن مۇھەببەتكە موھتاج، پەقەت مۇھەببەتكىلا.

مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئەتراپىمدىكى دۇنياغا زەن سېلىپ قاراپ، ئىنسانلار قەلبىدە ئۆز خوتۇن - قىزلىرىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندۈم.

12

يىلتىزنىڭ غېمى بىر ئاتىنىڭ غېمىگە ئوخشايدۇ. يىلتىز — ئۆز دەرىخىنىڭ چېچەك ئېچىپ، مېۋە بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاتا - بالىلىرىنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشىنى كۆزلەيدۇ.

13

مېۋىنىڭ شېخىدىن ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ كېتىشى تراگېدىيە ئەمەس، لېكىن يەردە ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي چىرىپ كېتىشى تراگېدىيە.

14

يۈرىكىڭ قىزىق بولسا، باھار چېچەكلىرىدەك خۇش پۇراق ناخشىلار تۆكۈلىدۇ.

يۈرىكىڭ سوغۇق بولسا، زىمىستاننىڭ بوران - چاپقۇنىدەك يېقىمسىز ئاۋاز ياڭرايدۇ.

15

باھار گۈل ـ چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇپلا كېتىپ قالدى، بىراق گۈل ـ چېچەكلەر ئۇزاق ياشىيالمىدى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن گۈل ـ چېچەكلەر قىلچە ھەسرەتلەنمىدى.

16

قىشنىڭ قەلبىدە باھار قىزنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى بار.

17

ھايات — بىر ئۈچۈم قۇمغا ئوخشايدۇ، بىز ئۇنى ئۆز قولىمىز بىلەن چېچىۋېتىمىز.

ھايات — بىر ئۈچۈم تۇپراققا ئوخشايدۇ، بىز ئۇنى مېھىر ـ مۇھەببىتىمىز بىلەن سۆيىمىز.

18

تاغلار مەزمۇت، ئۆمرى ئۇزۇن بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ؛ گۈللەر نازۇك، ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ كىشىلەر ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ.

19

مەن ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل نەرسە قۇش، ئۇ كۆزۈمگە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

20

ئەگەر مەن گۈزەللىكنى ئىزدىمەكچى بولسام، ئۇ كۆھىقاپنىڭ ئاغزىدا، يانار تاغنىڭ يۈرىكىدە بولسىمۇ ئۇنى تاپالايمەن.

ئەگەر ئۇنى سۆيمىسەم، ئۇ قولۇمدا بولسىمۇ سۆيەلمەيمەن.

21

مەن تەنها چاغلىرىمدا مۇھەببەت ھەققىدە ئويلايمەن. ئادەملەر بىلەن بىرگە بولغان چاغلىرىمدا بولسا هايات ھەققىدە سۆزلەيمەن.

22

ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئادەمنى خۇداغا ئەڭ يېقىن قىلىدۇ، زىيادە خۇشاللىق ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

23

نۇرغۇن قەلبلەر ئېتىقادنىڭ گۈزەللىكىنى بىلمەيدۇ، بۇ ئۆزىنى بىلمىگەنگە باراۋەر.

24

گۈزەل مەنزىرىلەر، ئۇلۇغ سادالار خۇش پۇراق بەخش ئەتكەن سۇپەتلەر شېئىرنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىدۇ.

25

شېئىر — ئۆز گۈزەللىكىنى ئالدىراپ ئاشكارا قىلمايدىغان گۈزەللىك.

شېئىر — ئۆزىنى مەڭگۈ يوشۇرمىغان ناخشا.

26

ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى قارا كۆڭۈل، ساختىپەز ئەرلەر قولىغا تۇتقۇزغان ئايال بەختسىز ئايالدۇر.

27

سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ھاياتىمنىڭ گۈزەل باھارىدا گويا سۈبھى غۇنچىسىدەك چېچەكلىدى.
مەن سېنى مەڭگۈ سۆيىمەن ئەزىزىم.

28

جەڭگىۋار ناخشا ئېيتقان چولپانلارنى پەقەت گاچىلا: «ئۇلار ساراڭ بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

29

ئەزىمەتلەر رەقىبلەر ئالدىدا يۈز تۇرانە تۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ كەينىنى قىلىپ تۇرمايدۇ.

30

ھەربىر ئادەم ئۇتتىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. ئوت ئادەمنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆيدۈرىدۇ.

31

مەن بىلەن يول تالاشقانلار مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم بولسا، مەن ئۇلارغا يول قويۇشۇم مۇمكىن. لېكىن، مەن رەقىبلىرىمگە ھەرگىزمۇ يول بوشىتىپ بەرمەيمەن.

32

بىر ئادەمنىڭ ھاياتى سېنى ھەيرانۇ ھەس قىلسا، سەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بول، ئەنە شۇ چاغدا ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

33

دەرەخ ئازابلانمىسۇن دېسەڭ، مېۋىسىنى ئالدىراپ ئۈزۈپ تاشلىما.

34

ئارزۇ يۈرەكتىكى بوستان، بىز ئۇنىڭغا ئۆز ئىرادىمىز بىلەن يېتىپ بارالايمىز.

35

مەندە مۇھەببەت بار، قېنى كىم ئۇنى سېتىۋالالايدۇ؟ مەندە ئېتىقاد بار، قېنى كىم ئۇنى بىتچىت قىلىۋېتەلەيدۇ؟
مەندە ئۇلۇغ ئارزۇ بار، قېنى كىم ئۇنى يوق قىلىۋېتەلەيدۇ؟
مەن بارلىقىمنى ئۆز قەلبىم بىلەن ھىمايە قىلىمەن.

36

ئەي گۈزەل قىز، سەن ئۆز ئىرادەڭ بىلەن بۇ ھاياتىمنى گۈزەل جەننەتكە ئايلاندۇر ياكى ئۆز ئىرادەڭ بىلەن ھاياتىمنى خارابىلىك ۋە يوقىلىشقا باشلاپ بار، بەربىر مەن سېنىڭ مەڭگۈلۈك قۇلۇڭمەن.

37

سەمىمىي قىز ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى باشقىلار ئالدىدا ئاشكارا قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن بۇرۇن كۆرەلىگەن.

38

شېئىر — قىزلارنىڭ قەلبىدىن تۆكۈلسە، ئۇ تېخىمۇ جۇلا

تۆكىدۇ.

39

ئىككى ئەركەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېڭىرقاپ قالغان ئايالنىڭ ئازابلىرى سەندەل بىلەن بازغان ئوتتۇرىسىدا پىغان چېكمۋاتقان تۆمۈرنىڭ ئازابىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

40

ئەتە بۈگۈننىڭ داۋامى بولۇپ قالمىسۇن، ئىبھ تەڭرىم، ئەتىنى گۈزەل قىلىپ يارات.

41

مەن نېمىدىن قانائەتلىنىمەن. تۆگىمەس ـ پۈتمەس بايلىقىمدىنمۇ؟ ياق، قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن شۆھرەتلىك ھوقۇقۇمدىنمۇ؟ ياق، ئۇنداقتا مەرمەردىن گۈل چېكىلىپ، ھەرەم خىشلىرىدىن قوپۇرۇلغان قەسرىمدىنمۇ؟ ياق.

مەن ئاشۇ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن بىر كۈنمۇ خاتىرجەم ياشىمىدىم.

مەن ئاخىر بۈيۈك بىر نۇرغا مۇيەسسەر بولدۇم، ئۇنىڭ پاك سۆيگۈسى ئىچىدە ھاياتىم قانائەت تاپتى.

42

بايلىق خۇددى دەرەخ سايىسىگە ئوخشاش بۈگۈن سېنىڭ بېشىڭغا چۈشسە، ئەتە باشقا بىرىنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئۇ خۇددى قۇشتەك ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

## 43

ئۇ تىنىق كۆز ماڭا تەئەللۇق، ئۇ قەلبىم بېغىدىكى خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىنى سۆيگەن.

ئۇ تىنىق كۆز ماڭا تەئەللۇق، چۈنكى ئۇنىڭدىن سىلجىغان يېشىل نۇر تومۇرلىرىمدىكى قاننى ئويغاتقان، چۈمپەردە بىلەن نىقابلانغان سۆيگۈمنى كۈچەيتكەن.

ئۇنىڭ بارلىقى ماڭا تەئەللۇق، مەن ئۇنىڭ تاڭ نۇرىدەك يورۇق قەلبىگە ئۇچار قۇش كەبى شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن.

## 44

ئېھ ئانا يەر، سېنى قىزغىن سۆيگەن چېغىمدىلا ساڭا ئېرىشىشىم مۇمكىن.

ئېھ، مېنىڭ يېشىل دەرىخىم، سېنى قىزغىن سۆيگىنىمدىلا سېنىڭ تاتلىق مېۋىلىرىڭ ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

## 45

مۇھەببەت كەمسىتىش ۋە تىل — ھاقارەت ئىچىدە بىر مىنۇتمۇ ياشىيالمايدۇ.

## 46

ساڭا كېرىكى مۇھەببەت، ماڭا كېرىكى سۆيۈش.

سەن مېنى ھەقىقىي يۈرىكىڭدىن سۆيسەڭ، مەن ساڭا ھەقىقىي مۇھەببىتىمنى ھەدىيە قىلىمەن.

مۇھەببەتنىڭ ئۆزى بىر يىپ، ئۇ ئۆزى ئويلاپ يەتمىگەن بىر يەرلەرگە چېگىلىپ قالىدۇ.

47

مۇھەببەت نارەسىدە بالىدەك غۇبارسىز بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى مۇھەببەتنى ساختا قىلىۋېتىدۇ.

48

— ئەي گۈل يىلتىزى، نېمە ھەققىدە سۆزلەۋاتىسەن؟
— مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ھەققىدە.
— ئەي گۈل بەرگىلىرى، ئېيتىۋاتقان ناخشاڭلار نېمە توغرىسىدا؟
— مەڭگۈلۈك گۈزەللىك توغرىسىدا.

49

ئۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن چەكسىز بايلىققا ئىگە بولدى. لېكىن، ئۇ تۇرمۇشتىن، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىن ۋە ئىمان ـ ئېتىقادتىن ئايرىلىپ كەتتى.
ئۇ ئاخىر گۈل تەشتىكىدىكى قۇرۇپ قالغان گۈل بەرگىلىرىنى ئېچىرقاش ئىچىدە سۆيۈپ كەتتى.

50

سەن ئۆز روھىڭ ئىچىدە ئۆلۈغسەن، سەن ئۆز سۆيگۈڭ ئىچىدە گۈزەلسەن، سەن ئۆز ئېتىقادىڭ ئىچىدە غالىبسەن، سەن ئۆز قەلبىڭ ئىچىدە شاھسەن.

51

كەمتەرلىكىڭنى ئۇلۇغ بىل، بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭ ئالىيجانابلىقىڭدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

52

سايە قىزىلگۈل ئۈستىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە، ئۇنىڭ غەزىپى تۇتتى. سايە يېتىم ـ پېقىرنىڭ بېشىغا چۈشكەندە ئۇ خۇرسەن بولۇپ كەتتى.

53

ئادەم بەزىدە بوران ـ چاپقۇندەك قوپال، بەزىدە قىزىلگۈلدەك نازۇك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ بىرلا تەرىپى. يەنە ئۇنىڭ نۇرغۇن تەرىپى بار.

54

بۇ دۇنيادىكى بارلىق بەخت ـ سائادىتىم سېنىڭ قولۇڭدا. سەن ماڭا شۇنداق ۋەدە بەرگەن.

هايات ۋە ماماتىمنىڭ يىپى سېنىڭ يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، سەن شۇنداق پىچىرلىغان.

بۈگۈن ۋە ئەتەمنىڭ گۈزەل ناخشىلىرىنى سېنىڭ قەلبىڭنىڭ ئالتۇن قەسىرىدىن ئىزدەيمەن. سەن ماڭا شۇنداق دېگەن.

ئېھ مەھبۇبەم، بۇ تىنىمسىز ئېقىپ كېتىۋاتقان هاياتىم سەن بىلەن ھەر دەقىقىدە ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ دۇنيادا مەن ئۆز سۆزلىرىمنى سېنىڭ لەۋلىرىڭدىن ئاڭلايمەن. يۇلتۇزلىرىمنى سېنىڭ ئاسمىنىڭدىن سانايمەن.

يېشىل ياپراقلار ئۈستىدە جۇلا قىلغان يامغۇر تامچىسى ھەش ـ پەش دېگۈچە يوقاپ كەتتى.

گۈل قېتىغا يوشۇرۇنغان خۇش پۇراق زېمىننى سۆيۈپ ئۆتتى.

بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايمىز. مۇھەببەت ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمىز ئۆز دەرىخىمىزدە مېۋە بېرىدۇ.

بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز گۈل بەرگىسىنى سۈيگەن سەھەر شەبنىمى ئەمەس. كەل ئامرىقىم بىز بىرگە ياشايلى.

55

بۇلۇت ۋەتەنسىز ئادەمگە ئوخشايدۇ. ۋەتەنسىز ئادەم نەگە بارسا ئازابلىق ياش تۆككىنىدەك، بۇلۇتمۇ بارغانلا يېرىگە ئۆز دەردىنى ئىزھار قىلىدۇ.

56

بوراننىڭ قىقاس - چۇقانلىرى زۇلمەتتىكى چىراغ تۇتۇپ ماڭغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئېيتقان ناخشىسىدىن پەرقلىق ئەمەس.

57

— ئەي تۆمۈر قەپەس ئىچىدىكى مىسكىن قۇش، سەن كۆڭلۈڭ تارتقان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكىڭدىن ئۆكۈنمەمسەن؟
— ياق ئۆكۈنمەيمەن، مەنغۇ قەپەستە، بىراق سېنىڭ سىرتقى دۇنيادا ياشاپ تۇرۇپ، كۆڭلۈڭ تارتقان نەرسىلەرگە خالىغانچە ئېرىشەلمەيۋاتقىنىڭدىن ئۆكۈنىمەن.

58

يىغلاۋاتقان بوۋاققا ئەمچەك سالساڭ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ. لېكىن، سۆيگۈدىن مەھرۇم بولغان بىرىگە تەسەللى بەرسەڭ ئۇنىڭ قەلبى ئارام تاپارمۇ؟

59

تۇنجى مۇھەببەت خۇددى باھار مايسىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ياخشى قەدىرلەنسە مەڭگۈ قۇرۇپ قالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uygurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

60

شېئىر — سۆيگۈنىڭ قانىتى.

61

ئانىنىڭ ئاق سۈتىگە تايىنىپ جان باقىدىغان بالا ھامان بىر كۈنى دادىسىنىڭ دەرىخىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

62

زېمىن ئادەملەرنىڭ رەزىللىكىدىن ياش تۆكىدۇ.

63

بىر جۈپ قولۇڭ ۋە بىر جۈپ پۇتۇڭ سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغىنىدا، سېنىڭ بارلىق خىيالىڭ دېڭىز كۆپۈكلىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

64

بالىلىرىم ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بايلىقىم، شۇڭا مەن ئۇلارنى سۆيىمەن ھەم ئۇلارغا چوڭقۇر تېۋىنىمەن.

65

مۇھەببەت يولىدا رىيازەت چېكىپ قايمۇقۇپ قالغان بىر يىگىت ئۆز سۆيگىنىنىڭ نىقاب ئىچىدىكى ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرۈپ ئوڭشىلىپ كەتتى.

66

شاللاق مۇھەببەت خۇددى ئاققۇشقاچ كەبى دەرەخمۇ دەرەخ

قونۇپ باقتى. ئۇ ئاخىر بىر رەزىل يۇرەكنىڭ ئۆلجىسى بولۇپ كەتتى.

67

نامراتلارنىڭ كۆز ياشلىرى گۈل بەرگىسىدىكى شەبنەم تامچىسىدەك يوقىلىپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ئاھۇ زارىنىڭ چەكسىز سۈكۈتلىرى ئىچىدە ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

68

كائىنات مەڭگۈ دەرد تارتمايدۇ. ئۇ ئۆز يۇلتۇزلىرىنىڭ نۇرلىرى ئىچىدە باھاردەك تۇرىدۇ.

زېمىننىڭ دەرد ـ ئەلىمى بىر ـ بىرىگە زەنجىرسىمان باغلىنىپ، خۇددى ئىس چەمبىرىكىدەك ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرىدۇ.

69

— ئەي قىز، مېنىڭ نەرىمنى ياقتۇرىسەن؟
— كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىڭنى ياقتۇرىمەن.
— ئەي قىز، سەنچۇ؟
— مۇھەببەتنىڭ سېھرىي نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىڭنى ياقتۇرىمەن.
— ئەي مىسكىن چىراي پەرىشتە، قېنى سەن ئېيتىپ باقە؟
— سىزنىڭ مۇلايىم چىرايىڭىز ۋە سەمىمىي سۆزلىرىڭىزنى ياقتۇرىمەن.

مەن بۇ قىزلارنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە پەقەت كۈلۈپلا قويدۇم.

مەن ھاياتلىق يولۇمدا يەنە بىر قىزنىڭ مۇھەببەت يىپىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باغلىنىپ قالدىم.

— ئەي قىز، سەن مېنىڭ نەرىمنى ياقتۇرسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىنمۇ.

— مەن سىزنىڭ يانار تاغلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇقەددەس روھىڭىزنىلا ياقتۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

مەن ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ قالدىم. ئۇ مېنى ھەقىقىي چۈشەنگەنىدى.

70

پادىشاھنىڭ پەرمانى پەقەت نامراتلارنىڭ كەيپىسى ئالدىدىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

71

تەبىئەت دۇنياسى كىشىنى مەھلىيا ـ مەپتۇن قىلغىنىدەك، ساددا، پاك قىزنىڭ قەلبىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قەلبىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

72

تاشلىۋېتىلگەن بىر قىز بەلكىم بىر كۈنى ھەممە ئېتىراپ قىلىپ تېۋىنىدىغان ئادەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

73

ئەگەر سەن ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ سىرتقى دۇنيانى كۆزەتسەڭ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرىسەن، بىراق چۈشەنمەيسەن.

ئەگەر سەن سىرتقى دۇنيادا تۇرۇپ، ئۆيگە زەن سالغىنىڭدا نۇرغۇن سىرلار ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

74

يېقىن دوستىنىڭ يالغان سۆزلىرى يۈرەكتە داغ پەيدا قىلىدۇ.

75

مېنىڭ ھاياتىمنىڭ نۇسرەتكە ئېرىشكەنلىكى ۋاقىتنى قەدىرلەپ تېنىمنى سۆيگەنلىكىمدىن بولغان.

76

ئۆز ئىلكىگىدىكى ھايات ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ گۈزەل ھاياتتۇر.

77

سېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭ پەقەتلا ئۆزۈڭ.

78

سەن ئېرىشمەكچى بولغان بارلىق نەرسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئالىقىنىدا.

79

بالىلىق چاغلىرىمدىكى ئالدىنىشىم خۇددى دېڭىز كۆپۈكلىرىدەكلا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ياشلىق چاغلىرىمدىكى ئالدىنىشىم قەلبىمگە مەڭگۈلۈك ئازاب مۆھۈرىنى بېسىپ قويدى.

80

مۇھەببەت ئەركىنلىكى قەلبىمنىڭ قولىدا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

81

مۇھەببىتىنىڭ قەلبىمگە بۆسۈپ كىرگەندىن باشلاپ سىنىڭ ھەممە نەرسەڭ ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس بىلىـــــندى، ھەتتا سەن قالدۇرغان ئىزلارمۇ...

82

دەريا قۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز ساھىلىدىكى غېرىب ئوت - چۆپلەرگە ئۆزىنىڭ يىغلاۋاتقان يۈرىكىنى كۆرسەتتى.

83

قۇشنىڭ دېڭىز - ئوكيان ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشى ئۇنىڭ قانىتىنىڭ بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دېڭىز - ئوكيانىنى چوڭقۇر سۆيگەنلىكىدە.

84

دېڭىز قۇرۇقلۇقنىڭ ئۈستىدىكى دەرەخلەرگە قاراپ «سېنىڭ يىلتىزىڭ مېنىڭ قەلبىمدە» دەيدۇ.

85

سەن بايلىقلارغا ئاسانلا ئېرىشتىـــڭ، ئۇ قولۇڭدىن ئاسان چىقىپ كېتىدۇ؛ سۆيگۈگىمۇ ئاسانلا مۇيەسسەر بولدۇڭ، ئۇ سېنىڭ قەلبىڭدىن ئاسانلا ئۇچۇپ كېتىدۇ.

86

يىلتىز زېمىنىنىڭ ئاستىدا شېرىن چۈش كۆردى. ئويغانغىنىدا بولسا ئۆز مېۋىسىنى يېدى.

87

ئۆز يىلتىزىنى سۆيمىگەن ئادەم قۇرۇغان دەرەخكە ئوخشايدۇ.

88

بۇلبۇل قىزىلگۈل شېخىغا قوندى، ئۇ تېنىدىن ئەنبەر تۆكۈلۈپ تۇرغان جانانىنىڭ جامالىغا قاراپ: «سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ مېنىڭ بايرىمىم» دېدى ـ دە، ئۇنىڭ شەپەقتەك لەۋلىرىگە سۆيۈپ قويدى.

89

قار ئاستىدا چۈش كۆرۈۋاتقىنى زېمىن ئەمەس، بەلكى باھاردۇر.

90

غېرىب بالا ئەمىرنىڭ بايۋەچچىسىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ غېرىبلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى.

91

ھاياتنىڭ ئۆزى تراگېدىيە، ئۇ تراگېدىيە بولمىغىنىدا ھايات مەۋجۇت بولمايتتى.

92

مۇھەببەت قۇشۇم قەلب دەرىخىڭدە ئۇنلۇك سايرىدى. سەن ئويغانمىدىڭ.

سۆيگۈ يامغۇرۇم يۈرىكىڭنىڭ يالتىراق ئەينىكىنى يېنىك چەكتى، سەن يەنىلا ئويغانمىدىڭ. مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپ قالمىغانسەن ئەزىزىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

93

مەن ئارزۇلايدىغان نەرسە دېڭىز ئاستىدىكى جىمجىت ئۇزۇپ يۈرگەن بېلىق ئەمەس، بەلكى دېڭىز دولقۇنى.

94

دېڭىزنىڭ ئەسەبىي دولقۇنلىرى ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتقان قولۋاق، كىشىلىك ھايات يولىدا تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بويۇن ئەگمەي كېتىۋاتقان ئادەمگە قاراپ: «بىز دوست بولايلى» دېدى.

95

نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوراپ بىلىۋالغىلى بولسىمۇ، ئەمما ئازابنى يوراپ بىلىۋالغىلى بولمايدۇ.

96

مەن ئۆز دەرىخىمنىڭ سايىسىدە يالغۇز ئولتۇرىمەن.
تەنھالىقتىكى شېرىن چۈش ئىچىدە سىېنى ياد ئېتىمەن.
مەن چوقۇم سىېنى ئىزدەپ بارىمەن، سەن دېرىزەڭ يېنىدا تۇرۇپ ماڭا پەقەت تەبەسسۇملا قىلساڭ شۇ كۇپايە. چۈنكى، مەن زېمىندىكى يۇمران گىياھقا ئوخشايمەن. گىياھ قۇياش نۇرىدىن بەھرە ئالغاندا كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ، ھاۋادىن نەپەس قانغاندا قەلبىگە سۆيگۈ تولىدۇ. شۇڭا، ئۇ «ھاۋا» نىڭ ئىسمىنى دائىم چاقىرىپ تۇرىدۇ.
مەن ئۆز دەرىخىمنىڭ سايىسىدە يالغۇز ئولتۇرىمەن. مەن خۇددى كىچىك گىياھ كەبى «ھاۋا» نىڭ ئىسمىنى يۈز مىڭ

قېتىملاپ چاقىرىمەن.

97

پەقەت ئالدىراڭغۇ قولۋاقلا دېڭىز خادا تاشلىرىغا سوقۇلۇپ ھالاك بولىدۇ.

98

پەقەت قۇرۇغان توغراقلا چۆل - جەزىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدۇ.

99

ھاياتنىڭ بىر قولىنى ئۆزۈڭ تۇت، يەنە بىر قولىنى سۆيگەن ئادىمىڭنىڭ قولىغا تۇتقۇز.

100

تىنچ ئۆستەڭنىڭ ئېقىشى ئازابلىق بولىدۇ. دولقۇنلۇق دەريا مەڭگۇ ئازاب كۆرمەيدۇ.

101

ئوۋچىنىڭ قۇلىقى پەقەت جىم تۇرمايدىغان قۇشنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلايدۇ.

102

قاننىڭ چىقىپ كېتىشى ئازابنىڭ چىقىپ كېتىشىدۇر. مەڭگۈلۈك ئاغرىق قان چىقمايدىغان يارا ئىچىدە.

103

دەسلەپكى قەسىمگە ئەمەل قىلمىغان مۇھەببەت ساختا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مۇھەببەتتۇر.

104

ئادەم ئۆز ئىززەت ـ ئابرۇيىنى تىكلىگۈچى ھەم يوق قىلغۇچىدۇر.

105

مېنىڭ دەرد-ئەلەملىرىم ئۆتمۈش بولۇپ قالسۇن، كۆڭلۈمنى ئارام تاپقۇزاي دېسەڭ مېنى ئۇنتۇپ كەت، مەن ئۆز كەپەم ئىچىدە يالغۇز ياشاي.

106

سۆيگۈم خۇددى تۇخۇمنى يېرىپ چىققان قۇشتەك سېنىڭ قەلب ئاسمىنىڭدا پەرۋاز قىلدى.
ھاياتىم دولقۇن يېرىپ ماڭغان كېمىدەك مۇھەببىتىڭنىڭ ئاراللىرىغا بۆسۈپ كىردى.

107

كېپىنەك قىزىلگۈلگە: «قانىتىم ساڭا تېگىپ كەتسىلا، ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن» دېدى.

108

تاڭ شەپىقىدەك قىسقا ھەم گۈزەل ھايات ئەرزىمەس ئېلىشىشلار ئىچىدە قۇربان بولدى. ئۇ قاراڭغۇ لەھەت ئىچىدە يېتىپ خۇدادىن ئۆزىنى قايتا تىرىلدۈرۈشنى ئۆتۈندى.

109

ۋەتەنسىزلىك ـ ئەڭ چوڭ غېرىبلىق.

110

مېنىڭ ئەڭ بىزار بولىدىغىنىم، چىرايلىق كىيىملەر ئىچىدىكى ساختا قىياپەت؛ ئەڭ سەسكىنىدىغىنىم، تەبەسسۇم ئىچىدىكى ھىيلىگەرلىك ۋە يالغان سۆيۈش.

111

مەن خۇددى ياۋاش قوزىغا ئوخشاپ قالدىم. بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىممۇ ياكى دۆتلۈكۈممۇ؟

112

ئەڭ چوڭ رەزىللىك ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەمگە خۇشامەت قىلىشتۇر.

113

ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ جەننىتى ئىچىدىلا بەختلىك ياشىيالايدۇ.

114

ھاياتلىق مۇھەببەتكە ئېھتىياجلىق، ئۇ مۇھەببەت ئىچىدىلا ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ.

115

مېنىڭ شەھۋانىي غالجىرلىقىم ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىمنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ قالغاندا قوزغىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

116

مۇھەببەت دەرۋازىسى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ، ئىچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئادەمگە ئەمەس، بەلكى بار ئاۋازى بىلەن تۈۋلاپ، ئىككى قولى بىلەن قاتتىق چەككەن ئادەمگە ئىچىلىدۇ.

117

بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە مەھكەم باغلاپ ئايرىلالماس قىلىپ قويغان نەرسە پەقەتلا مۇھەببەت.

تالاي قىسمەتلەرنىڭ قاپقارا بوران ـ چاپقۇنى، شىۋىرغانلىق، يامغۇرلۇق تۈنلەرنىڭ كۆرۈمسىز لىپچەكلىرى سۆيگۈ دۇنيايىمىزنىڭ يولتۇزلىرىنى توسۇۋالدى. بىزنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىرادىمىز بۇ مۇزدەك سوغۇق تەشۋىشلەرنى گويا ئەينەك پارچىسىدەك پارە ـ پارە قىلىۋەتتى.

قازاننىڭ قارىسىدەك تۆھمەتلەر كەلكۈن كەبى دولقۇنلاپ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ رەزىللىكىنى كۆرسەتتى. بىراق، بىزنىڭ سۆيگۈ قولۋۇقىمىز ئۆزىنىڭ ئىجتىھات دەرياسىدا پەرۋاسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى.

قولۇمنى مەھكەم تۇت ئەزىزىم، تېخىمۇ چىڭ تۇت، شۇنداق بولغاندا مۇھەببىتىمىز زىنھار ئۆلمەيدۇ.

118

ياۋاشلىق ئادەمنى خەققە يېلىنىپ ياشايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

119

مەن چوقۇنىدىغان قىز ـ نامراتلىق، ئاچ ـ زارلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ۋە ئىزا ـ ئاھانەتلىك جايلاردا يورىسىمۇ ئۆز

قىممىتىنى ساقلاپ قالغان قىزدۇر.

120

خارلانغان ئادەم ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى جاننى تىكىپ ئېلىشىش، ئەي قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئاجىز بەندىلىرىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ھەسەن ـ ھۈسەن ناخشىسى

1

ئاتا — خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدىكى پەرىشتىسىدۇر.

2

چىۋىن ئۆمۈچۈكنى يېۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىلىۋىدى، ئۆمۈچۈك تورى ئۇنى ھالاك قىلدى. دېمەك، ئۆمۈچۈك ئۆزىنى قوغداشنى بىلدى.

3

ياز كۈنىدىكى يامغۇر ئاسماندىن چۈشكۈچە ناخشا ئېيتىدۇ.

4

مەن ئۆزۈمنىڭ سۆيگەن ئادىمىم ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىتىمنى ئاشكارىلايمەن، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ يوشۇرۇن ئېيتقان ناخشام.

5

قۇرۇپ كەتكەن دېڭىز دائىم سۇ چۈشەيدۇ.

6

سەن «بۇگۈن»نى قولدىن بېرىپ قويۇپ ياش تۆكۈۋاتىسەن، ياش تۆكۈشنىڭ ئۆزى «ئەتە»نىمۇ قولدىن بېرىپ قويغانلىق.

7

مۇبادا يۇلتۇز ئۆز ئەركىسىنى نامايان قىلالمىسا، بۇ ئەڭ چوڭ ئۆلۈم.

8

تۈن يامغۇرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناخشىسى بىلەن مېنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ يامغۇرنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. تۆكۈلۈكۈمدىن ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن.

9

مەن ناخشا ئېيتسام باشقىلار قۇلاق سالمىدى، يىغلىسام قاراپمۇ قويمىدى. ناخشام بىلەن غەم - قايغۇم خۇددى كەچكى گۈگۈمدەك قەلبىمدە سۇكۇتكە چۆمدى.

10

دېۋانە بىر ئۆمۈر تىلەپ يەيدۇ،
شائىر بىر ئۆمۈر ئىزدەپ ئۆتىدۇ.

11

سەن ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئىزدىمەكچى بولساڭ، ئۇلارغا ئۆز قەلبىڭنى ئېچىپ بەر.

12

ياز كۈندىكى يوپۇرماقلارنىڭ شىرىلداشلىرى سۆيگىنىمنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئېھ، كۈز كۈندىكى جىمجىت ئورمان، سەن يوپۇرماقلىرىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قاياقلارغا سۈرگۈن ئەيلىدىڭ؟!

13

مەن دەرەخلەرنى سۆيىمەن. دەرەخلەرنىڭمۇ مېنى سۆيۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

14

قىش كۈنىدىكى دەريا سۈكۈتكە چۆمگەن هالدا تىمتاس تۇرىدۇ.
ياز كۈنىدىكى دەريا شاۋقۇن سېلىپ ئاقىدۇ.
ئېھ ئادەملەر، ۋۇجۇدىمىزدا ھەر ئىككىلا دەريا بىرلا ۋاقىتتا ئاقسۇن .

15

— بىر چەتتە چىرايلىق تەبەسسۇم قىلىپ، نازۇك لەۋلىرىدىن مىڭ باغنىڭ رۇخسارىنى نامايان قىلىپ تۇرغان نېمە ئۇ؟
— مەن، قىزىل گۈل.

16

ئېھ، قىش قۇشلىرى، سىلەر دائىم باھارنى سېغىنامسىلەر؟
ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى، چۈنكى ئۇلار باھارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

17

دەريا دولقۇنى گويا ئىسيانكاردەك ئۆز ساھىلىدىكى يۇمران قىياقلارنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ناخشا ئېيتىشقا چاقىرىدۇ.

18

كۆلۈشنى ياكى يىغلاشنى بىلمىگەن پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار ئاۋات رەستە ـ بازارلاردا سەدىقە تىلەۋاتقان «بايقۇش»لارغا سالام قىلدى.

19

مەن بىر پارچە تاشتىن بىر چاغلاردىكى ئەكسىمنى كۆردۈم. سەپسېلىپ ئەكسىمدىن ماھىيىتىمنى كۆردۈم، ئۇ ھازىرمۇ پەقەت ئۆزگەرمىگەنىدى.

20

قولۇمدا چىراغ، قاراڭغۇدا قالدىمغۇ بىراق، ماڭا يولنى كۆرسەتكىن ئانا، مەن قولۇمنى ئۇزاتتىم ساڭا.

21

گۈزەللىك — ئادەمنىڭ قەلبىدە تىنىق دېڭىز سۈيىدەك جىمىرلاپ تۇرىدۇ.
رەزىللىك — ئادەمنىڭ تېنىدە قوقاستەك ئۆرتىنىپ تۇرىدۇ.

22

جىمغۇرلۇق — جىمجىتلىق ئەمەس.

23

قۇرتتەك ئەڭ بىچارە ئادەملەر بىزگە ساختىلىق بىلەن خۇشامەت قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ يېقىملىق ھەم تەسىرلىك ناخشىسىدىن ھۇزۇرلانغان چېغىمىزدا، ئۇلار ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

24

ئۇ ئەما، ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز، ئۇنى تەگرى شۇنداق ئاپىرىدە قىلغان، ئۇنىڭ بۇ ئالەمدە يا نۇرى، يا ئابرۇيى يوق. شۇڭا، موھتاجلىقتا كۈن كەچۈرىدۇ.

ئۇ ئەما، ئۇ ئابرۇيلۇق ئەما، ئۇ ھەقىقەتەن بايلىق ئىچىدىكى ئەما، ئۇ ئۇردا ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق كىيىملەر بىلەن نىقابلىنىپ ياشايدۇ.

جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز ئەما زېمىننى كۆرەلەيدۇ، ئوردا ئىچىدىكى ئەما پەقەت تۆت تامنىلا كۆرەلەيدۇ.

25

بىز ھەممىمىز ئەقىللىق، دائىم بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، بىراق بەختنىڭ ئالدىمىزدىن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەي يۈرىمىز.

26

ئاققۇشقاچ بۈركۈتنىڭ باتۇرلۇقىنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇ بۈركۈتكە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ.

27

بىز سەپەرگە ماڭغان كارۋانلار، يىراق بىر مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. كېلىڭلار ئېھ قېرىنداشلىرىم، بىز ئۇ مەنزىلگە قول تۇتۇشۇپ، بىرگە يېتىپ بارايلى.

28

دېڭىز كىتنى يۇتۇۋېتىشنى ئويلايدۇ. كىت بولسا دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىنى يۇتۇۋېتىشنى ئويلايدۇ.

29

يىراقتىكى مەيىن شامال، يىراقتىكى دەريا شاۋقۇنـــى، يىراقتىكى دېڭىز دولقۇنى بولارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ چۈشۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# يۇلتۇزنامە

1

كۈندۈز كۆزۈمگە قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى.
كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچتىم، ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان بىر ئادەم تۇراتتى.
مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ يەنە ئاچتىم، ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزىدىن ھەسەت، لەۋلىرىدىن قان تاماتتى.
كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچتىم، ئۇ ئادەم زەھەرلىك يىلانغا ئايلىنىپ، مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۈستىگە گىرە سېلىۋالغانىدى.
كۆزۈمنى يۇمۇپ يەنە ئاچتىم، مەن زېمىننى دەريا ـ دەريا قان ئىچىدە كۆردۈم.
كۆزۈمنى يۇمۇپ يەنە ئاچتىم، كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى قاراڭغۇلۇق بولدى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە روھىمنىڭ ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.
ئەي يۇلتۇز، سەن بىزنىڭ روھىمىزنى جۇشقۇن نۇرلىرىڭ بىلەن سۆيۈپ ئۆتۈپ كەت. روھىمىز يىتتۈرۈپ قويغان نۇرلىرىنى تېپىۋالسۇن.

2

بورانىنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى بوۋاقنىڭ يىغىسىدىن ياڭراق بولغىنى بىلەن بوۋاقتەك مېھىر ۋە ئىللىقلىق بېرەلمەيدۇ.

3

مەن زېمىنغا قۇرت بولۇپ تۇغۇلدۇم. زېمىن ماڭا ناخشا

ئېيتىپ بەردى. مەن ئادەمگە ئايلاندىم.

4

مەن ناخشا ئېيتىۋاتىمەن. ناخشامنى زېمىن ئەۋجىگە كۆتۈردى.

مانا بۇ مېنىڭ ھاياتىم. مانا بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك يولۇم.

قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدىكى مىسكىنلىكىم غېمىم ئەمەس.

چۇقان ـ سۈرەن ئىچىدىكى جىمىغۇرلۇقۇم ئاجىزلىقىم ئەمەس. جىمىغۇرلۇقنى ئاجىزلىق، مىسكىنلىكنى غەم دېگۈچىلەر نېمىدېگەن بىچارە ئادەملەر ـ ھە!

5

نامراتچىلىق دۇنيادىكى بارلىق قايغۇلار ئىچىدە ئەڭ ئاچچىق، ئەڭ ئەلەملىك قايغۇدۇر.

مۇھەببەت ئالەمدىكى شادلىقلار ئىچىدە ئەڭ شېرىن، ھاياتقا ھۇزۇربەخش ئېتىدىغان ھاياتلىق شەربىتىدۇر.

6

تەركىدۇنيالىق — ئۆزىنى زورلاپ ساراڭ بولۇشتۇر.

7

قورسىقى ئاچ قالغان ئادەم بىلەن مەھبۇس خۇدانى ئەڭ كۆپ ياد ئېتىدۇ.

8

ئېتىقاد — بىز داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدىغان ھەقىقەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئېلېكتىرونلۇق كىتابلارنىڭ تۇنجى ئادرېسى

9

ئېتىقاد — ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئەڭ بۈيۈك ناخشىسى.

10

گۈل — تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل قەلبى، ئادەم — زېمىننىڭ سۆزى.

11

بالىلار زېمىندا كۆكلىگەن زىرائەتلەردۇر، ئۇلار ئانىلارنىڭ شەپقەتلىك نۇرى ئىچىدە پىشىپ يېتىلىدۇ.

12

باھارنىڭ كۆزى قورام تاشنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان كىچىككىنە ئۇرۇقنىمۇ كۆرەلەيدۇ.

13

سىلەر ئەڭ پاك نەرسىنى ئىزدىمەكچى بولساڭلار، ئۇنداقتا بالىلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار.

14

مۇھەببەت مېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلدى، مەن ئەركىنلىككە ئېرىشتىم.
مۇھەببەت يۈزۈمنى سۆيدى، يۈزۈمدىن تەبەسسۇم تۆكۈلدى.
مۇھەببەت كۆزۈمنى ئاچتى، كۆزۈم ھەقىقەتنى كۆردى.
مەن مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكلۈكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم.

15

تومۇردا ئاققىنى قان ئەمەس، كۆزدىن تامغىنىمۇ ياش ئەمەس. ئۇ قائىدىن بۈيۈك ياشتىن پاكىز بىر لىرىك ناخشا.

16

ئاجىزلىق قۇللۇق دېمەكتۇر، ئۇنى كىشىلەر خالىغانچە بويسۇندۇرالايدۇ.

17

ئاياللارنى خورلاش بالىلارغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت.

18

گاس — ھاقارەتنى ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈكتۇر، كور — ھەقىقەتنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن خاردۇر.

19

بايلارنىڭ سارايلىرىدا يانمىغان ئوت كەمبەغەللەرنىڭ كەپىلىرىدە يانىدۇ.

20

ياۋاشلىق دەرەختكە ئوخشايدۇ، قۇشلار ئۇنىڭغا قونۇپ ئۇۋا سالالايدۇ. خالىسا يەنە ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋېتەلەيدۇ.

21

ھايات — سەن چىن قەلبىڭدىن سۆيگەن قىز. ئۇنىڭغا سۆيگۈڭنى بەر، ئۇ سېنى گۈزەل ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياشىنىتىدۇ.

22

شېئىر — ئۆزى خالىغان ئىقىندا ئاقالىغىنىدا، قەلب ئاراللىرىدىكى ئازاب توزانلىرى توزۇپ كەتكەن بولاتتى.

23

سۆيۈش مەڭگۈلۈك بولمىغاندا، ئېرىشكەن نەرسىمىز قولدىن چىقىپ كېتىدۇ.

24

كۆپ يىگەنلەردىن قورق، ۋاقتى سائىتىگە كەلگەندە ئۇلار سېنىمۇ يەپ قويۇشتىن يانمايدۇ.

25

بىر قىز ئۆزى ئۈچۈن، باشقا ھەممە قىزلارنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان يىگىتكە ئېرىشەلەرمۇ؟

26

ھاياتقا قارا كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىرىدىن ئازاب ئۆكسۈمەيدۇ.

27

ھايات — بىز ھەقىقىي سۆيۈشكە تېگىشلىك ئايالغا ئوخشايدۇ. بىز ئۇنى يۈكسەك مۇھەببەت بىلەن سۆيسەك، ئۇ بىزنى مەڭگۈ زېرىكتۈرمەيدۇ.

28

سۆيگۈ بار ئائىلە گۈلىستاندۇر.

29

قەلەندەرگە بېرىدىغان پۇلنى يىراقتا تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىۋالسۇن.

30

يەتمەكچى بولغان مەقسىتىمىزنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمىزغا شۇنداق يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇدۇل يەتكىلى بولمايدۇ.

31

چوڭقۇر ھاڭلارغا مەغرۇر ھالدا كۆز تاشلايدىغان بۈركۈت، پايانسىز قۇملۇقنى بويسۇندۇرغۇچى تۆگە ھەممە نەرسىگە مەردانە قارايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش يۈكسەك مەخلۇقاتلاردۇر.

32

ساڭا شادلىق بېرەلىگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمە.

33

مەن گۈل بەرگىلىرىنى ئېتىكىم بىلەن يىپىۋالساممۇ، بۇلبۇل بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي سايراۋەردى.

ئەسلىدە بۇلبۇلنىڭ تەشنالىقى گۈلنىڭ چىرايلىق بەرگىلىرىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈۋاتقان خۇش ھىدلىرىدا ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# زەپەر گۈلى

## 1

تۈنجى ئۇچرىشىش مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشىمۇ؟ مەن تەئەججۇپ ئىلكىدە ئويلىنىپ قالدىم.

مەن ئۇنىڭ باھارنىڭ تىنىقىدەك يېقىملىق نەپەسلىرى ئىچىدە مەستخۇشلاندىم. قەلب گۈلزارىمدىن تاللانغان سۆيگۈ گۈلدەستىسىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم.

«مەن سىنى سۆيىمەن پەرىشتەم». بۇ سۆز ئەڭ گۈزەل مۇزىكىدەك يۈرەكنىڭ تېرەن قاتلىمىدىن چىقتى. ئۇ گويا تولۇن ئاي بولۇتلار باغرىنى يېرىپ چىققاندەك كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ چوغدەك لەۋلىرىدىن تۆكۈلگەن تەبەسسۇم مېنىڭ قەلب خانەمگە دانە ـ دانە گۈل بولۇپ تىزىلدى.

«بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز». بۇ مېنىڭ يۈرەك قوڭغۇرىقىمنىڭ يەنە بىر زىل ئاۋازى ئىدى. ئۇ بۇ ئاۋازدىن مەستخۇشلاندى. بۇ ئاۋاز كەچكى شەپەقنىڭ نازاكەتلىك گۈل بەرگىلىرىدىكى ناخشىلىرىدەك سۆيۈملۈك ئىدى.

بىز مۇستەھكەم سۆيگۈ ئۈچۈن ھەقىقەتنىڭ نۇرلۇق چىرىغىنى تەڭ كۆتۈرۈشكە ئەھدىلەشتۇق. دەريالار بىزگە بەختىنىڭ تىزىلغان زەر ئۇنچىلىرىدىن ئىنئاملىرىنى بەردى. يۇلتۇزلارمۇ ئۆزىنىڭ رەڭدار كەھرىۋالىرىنى جىلۋە بىلەن تەڭلەپ تۇراتتى. بىز سۆيگۈنىڭ ئىچىگە تىنىمسىز، ئاۋازسىز ھالدا كىرىپ كەتتۇق.

مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي سۆيگۈمنى ئاتا قىلدىم.

مەن ئۇنىڭغا بەخت ۋە ئامەت تىلىدىم. ئۇ بۇنى مەڭگۈ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى، ئۇنىڭ تىنىقى تۇنجۇققان روھىمنى يېڭى بىر ھاياتلىق بېغىغا باشلاپ باردى.
«بىز مەڭگۈ ئايرىلىپ كەتمەيمىز» . بۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى قەسىمى ئىدى.

2

ئەي گۈزەللىك، سەن مەيلى قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋال، مەن سېنى ھامان تاپالايمەن.
سەنەم لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇمنى چۈمپەردە بىلەن يوشۇردى.
نازىنىن كۆزلىرىدىكى ئىلاھىي نۇر، گۈزەللىك ئالىمىنى ئاپىرىدە قىلغۇچى نازاكەتنى قولىنىڭ ئالىقانلىرى بىلەن يوشۇردى.
تەبىئەت مەدھىيىلەرگە تولغان يېشىل لىباسىنى بۇلۇتلار بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى.
زېمىنغا ئالەمچە ھۆسن بەرگۈچى سەر خىل گۈللەر كېپىنەكنىڭ قاناتلىرى ئاستىغا يوشۇرۇندى.
كېچە ئاسمىنىنىڭ يارقىن شولىلىرىنى تاراتقۇچى يۇلتۇزلار تۇركۇمى تۇننىڭ لىباسىنى ئۆزىگە يېپىنچا قىلىۋالدى.
بەخت، خۇشاللىق، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى نىقابلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.
گۈزەللىك — ھەقىقەتنىڭ ئۆزى. گۈزەللىك ھەقىقەتنىڭ كۆزى.
ئەي دانىشمەن مەبۇدە، قېنى ئېيتىپ باقە؟ گۈزەللىكنى چۈمپەردە، نازۇك بارماقلار، كۆكۈش تۇمان، كۈل رەڭ بۇلۇت··· ۋەھاكازالار يوشۇرۇپ قالالارمۇ؟
سەن چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇردۇڭ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بۇ سوئالغا يەنىلا گۈزەللىك جاۋاب بەرسۇن.

گۈزەللىك مەڭگۈ ئۆزىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. بۇ گويا قۇياش نۇرىنى ئېتەك بىلەن توسقىلى بولمىغىنىدەك بىر بۈيۈك ھەقىقەت.

3

تالاي يىللاردىن كېيىن بەلكىم ئۆلۈپ كېتەرمەن. ئۆلۈمنىڭ سوغۇق تىنىقى يۈزلىرىمنى سىيپاپ ئۆتكەندە تۇنجى ۋە ئاخىرقى سۆزۈمنى دېيىش پۇرسىتى كەلدى، دەپ خۇشال بولارمەن.

بىراق، سۆزلىرىم يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن ئېقىپ كەلگۈچە تىنىقىم توختاپ قالارمۇ؟ بۇ چاغدا سەن «چۈشەندىم» دەپ قۇلىقىم تۈۋىدە ئاستا شىۋىرلاپ قوي. مەن ئۆز ئارامىم ئىچىدە خاتىرجەم ئۇخلاي.

ناۋادا، مېنىڭ تىنىقىم كىشىلەر سۆيىدىغان بىر دەستە گۈلگە ئايلانسا، سەن ئۇنى كارىۋىتىڭ بېشىدىكى گۈل لوڭقىسىغا سېلىپ قوي. مېنىڭ تېنىمدىن، بەرگىلىرىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئىپار — ئەنبەرلەر ساڭا سۆيگۈ ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بەرسۇن. سەن بۇ چاغدا مېنى «ئۇ مەڭگۈ مېنىڭ يېنىمدا» دەپ چۈشەن. مەنمۇ سېنىڭ يېنىڭدا ئارام تاپىمەن.

تالاي يىللاردىن كېيىن بەلكىم ئۆلۈپ كېتەرمەن. مەن ئۆلۈم ئىچىدە سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭنى كۆرۈشنى ئەسلا خالىمايمەن. سەن دالىغا بار. قۇشلارنىڭ ئورماندىكى خۇش ناۋالىرىغا قۇلاق سال. سەن دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ھەممىنى ئەسلە. سېنىڭ خىيالىڭ دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشلارغا جور بولىدۇ. دەرەخ بىر خىل سۆيۈنۈش ئىچىدە چوڭقۇر تىنىدۇ. بۇ مېنىڭ تىنىقىم، بۇ مېنىڭ ناخشام، پەرىشتەم.

سەن ناخشامنىڭ بۇ شېخىنى ئۆتەر يولۇڭغا دەرەخ قىلىپ

تىككەندىلا يىغلاشتىن مەڭگۈلۈك توختايمەن.

ئۇ سېنىڭ ئۆتەر يولۇڭدا كۆزۈڭگە چېلىقىپ تۇرسۇن. سەن مەن توغرۇلۇق سۆزلەيسەن. بۇ چاغدا مېنىڭ يۇمران، سەبىي ياپراقلىرىم ئارامسىزلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

تالاي يىللاردىن كېيىن بەلكىم ئۆلۈپ كېتەرمەن. مېنىڭ سۆزلىرىم سېنى مەڭگۈ خۇشال قىلسۇن.

4

بىلىمەن، سەن تەنھالىق قەسرىگە جىمجىت ئولتۇرىسەن. ھېچكىم سېنىڭ خىيالىڭنى بۇزۇۋەتمەيدۇ.

سەن گۈگۈم چۈشكۈچە شۇنداق ئولتۇردۇڭ. كېچىنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم ئويغاندى.

يۇلتۇزلار قۇرۇپ كەتكەن گۈلزارلىقتىكى سۇ ئۈستىدە لەرزان تەۋرەنمەكتە.

چىغىر يول، بۇ يول بېلىقچىلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلمەستە ئاپىرىدە قىلىنغان.

ھېچبولمىغاندا بۇ يولدا تۇنجى بولۇپ ھايۋانلار ئاياغ باسقان، كېيىن ئادەملەر بۇنىڭ بىر يول ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

سەن ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ يىلان باغرى يولدا كېتىۋاتقىنىڭنى ھېس قىلغىنىڭدا كۆزلىرىڭگە ياش ئالدىڭ. يامغۇر سۇيىدەك پاكىز ياشلىرىڭ قۇرۇغان گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىگە قوندى. گۈللەر ئۇيقۇدىن ئويغاندى.

بىر ناخشا يېقىنلا يەردە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سەن بىردىنلا كېپىنەككە ئايلىنىپ كەتتىڭ. ھېلىقى ناخشا بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. سەن ناخشىنى ئىزدەپ كېتىپ قالدىڭ.

بىلىمەن، سېنىڭ قانداق چۈشلەرنى كۆرگىنىڭنى بىلىمەن.

سىڭىنىڭ چۈشلىرىڭنىڭ ھايات ۋە تۇرمۇشۇڭغا ئارىلىشىۋالغانلىقىنىمۇ بىلىمەن.

## 5

ئۆي سوغۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقىنىنى سەزگەن چاغدا تۇن يېرىم بولغانىدى.

ئۇ سوغۇق تامغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇيقۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك بەخت ئىدى.

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرمايلا: «كىرىڭ» دېدى، ئەمما ھېچكىم كىرمىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كىرىشىنىمۇ ئارزۇ قىلمايتتى. ئۇ بىر خىل خۇشاللىق ئىچىدە يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

پەرىشتەم ئىشىكنى ئاچ، مەن قايتىپ كەلدىم. سىڭىنىڭ چىرىغىڭ قايتىپ كەلدى. سىڭىڭ سوغۇق ئۆيۈڭنى ئىللىتقۇچى ياز قايتىپ كەلدى. چاپسان ئىشىكنى ئاچ ئاپئىقىم، قەلبىڭنى يورۇتقۇچى تاڭ نۇرىنى ئاددىي خانەڭگە باشلا. بۇ ئۆيدە قۇياش كۈلسۇن. . .

ئۇ ئىنتىك ئويغىنىپ كەتتى. بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىق ئاڭلاندى. ئۇ ئاستا ۋە زەئىپ ئاۋاز بىلەن: «كىرىڭ، ئىشىك ئوچۇق» دېدى. ئۆيگە ھېچكىم كىرمىدى. ئۇ يەنە شېرىن ئۇيقۇغا مەستخۇش بولدى.

تۈن سوغۇق ھەم ئۇزۇن ئىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى گويا مۇز پارچىسىدەك قېتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قەلبى ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى. ئۇيقۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ شېرىن بۆشۈكىدە تاتلىق تەۋرىتىۋاتاتتى .

ئىشىك يەنە بىر قېتىم چېكىلدى. بۇ قېتىم ئۇ ئىشىكنىڭ

چېكىلگىنىنى ئاڭلىمىغانىدى.

6

يىراقتىن پوشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

توپ تېپىۋاتقان باللار پوشتەكنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ جىممىدە بولۇشتى.

پوشتەك يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. باللار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى يۈگۈرۈشۈپ ئورمانلىق تەرەپكە قاراپ كېتىشتى. ئۇلار ئورمانلىقتا دەرەخ شاخلىرىدا ناخشا ئېيتقان قۇشلار بىلەن يۇمران ئوت ـ خەسلەر ئۈستىدە ئويناۋاتقان كېپىنەكلەردىن باشقىنى كۆرمىدى.

پوشتەك بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلاندى. باللار ئورمانلىققا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كەتتى.

پوشتەك ئاۋازى ئەمدى ئاڭلانمىدى. باللار خېلى ئۇزۇن ساقلىغان بولسىمۇ، پوشتەك ئاۋازىنى قايتا ئاڭلىيالمىدى. باللار چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئۇھ تارتتى.

ئۇلار ئاخىر ئورمانلىقتىن قايتىپ چىقتى. ئۇلار يەنە توپ ئويناشقا باشلىدى.

باللار پات ـ پاتلا ئورمانلىق تەرەپكە قاراپ قوياتتى.

يىراق، ئورمانلىقتىن پوشتەك ئاۋازى ئاڭلانمايتتى.

باللار پوشتەك چالغان بىر قۇشنىڭ ئۆز يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

7

— مەن ھەممىدىن زېرىكتىم، ياشىغۇچىلىكىم قالمىدى،

www.uyghurkitap.com

ھايات مەن ئۈچۈن بىر ئەرزىمەس نەرسە، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈش، مەن ئۈچۈن نومۇس. ئاھ تەڭرىم، مېنى، بۇ رەزىللىك گۈللىرى ئېچىلغان تۇپراقتىن تېزرەك ئېلىپ كەتسەڭچۇ؟

ئۇ داد ـ پەريادلار ئىچىدە دالىلاردىن يىغىپ كەلگەن گۈللەرنى دەرياغا تاشلىدى. دەريا گۈللەرنى مىنۇت ئىچىدە كۆزدىن غايىب قىلدى.

— مەن ئۆلۈشنى خالايمەن، پەقەت ئۆلۈشنى خالايمەن. ئۆلۈم مېنىڭ نىجات يولتۇزۇم.

چاقماق چېقىلىپ، يامغۇر چېلەكلەپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يوپيۇرماقتەك تىترەپ كەتتى. ئۇ دەريانىڭ بويىدا جىممىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار يامغۇر بىلەن بىرلىشىپ دەرياغا ئاقاتتى.

— مېنىڭ ئۆلگىنىم ئۆلگەن، مەن خۇددى ئاشۇ گۈللەردەك بۇ جاھاننىڭ كۆزىدىن غايىب بولىمەن.

ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاسمانغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ يامغۇردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

چاقماقنىڭ قاتتىق چېقىلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتتى.

ئۇ قولىدا مەشئەل تۇتقان بىر ئادەمنى كۆردى. مەشئەل قۇياشتەك نۇر تۆكەتتى، پەقەت قۇياشتەك نۇر چاچاتتى. . .

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەشئەلگە قاراپ ئېتىلدى. ئۇنىڭ تىنىمسىز تىترەۋاتقان قوللىرى مەشئەلنىڭ نۇرلىرىنى ئاستا تۇتتى.

يامغۇر پەسلىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر نۇر چاقناپ كەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ تەقدىرگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ يىغلاشنى ياكى كۈلۈشنى بىلمەي نۇرنىڭ ئىچىدە قېتىپ قالدى.

ئۇ ئەمدى ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

8

قان تامچىپ تۇرغان يۇرەكنى كۆتۈرگەن بىر قىز شەھەرنىڭ يوللىرىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ كىشىلەرگە پىسەنتمۇ قىلماي قولىدىكى يۇرەككە بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە، بىردە كۈلسە، بىردە ئۆكسۈپ يىغلايتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى «ساراڭ» دەپ ئاتىدى.

ئۇ شەھەرنىڭ شىمالىدىكى دالىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يېشىل چىملىق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يۇرەكنى لەۋلىرىگە ئاستا باستى. بىردىن ئەسەبىيلىشىپ يۇرەكنى سۆيۈپ كەتتى. دالىنى بىر خىل ناخشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋاز قاپلىدى. قۇشلار تۇيۇقسىز يۇز بەرگەن بۇ ئەسەبىيلىكتىن نالەرگىدۇر ئۈركۈپ كەتتى.

قىز ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرمىدى. ئۇ قان تامچىۋاتقان يۇرەكنى كۆتۈرگىنىچە يەنە شەھەرگە كىرىپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ كۆرۈمسىز تۇرقىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ھەممىلا ئادەم قېچىپ يۇرەتتى.

ئۇ مەدرىس ئالدىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىر قەلەندەرنىڭ قولىغا ھېلىقى يۇرەكنى تۇتقۇزۇپ قويدى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى. كىشىلەر ئۇنى قايتا كۆرەلمىدى.

بىراق، قەلەندەرمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ تىلەپ يەيدىغان تراگېدىيىلىك كۈنلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى. قان تامچىۋاتقان يۇرەك ئۇنىڭ قوللىرىدا نۇر تۆكۈۋاتقان يۇرەككە ئايلاندى.

9

ئۇۋا قارىياغاچنىڭ ئۇپۇقتا تۇتىشىدىغان يېرىگە جايلاشقان.

ئۇ يەردە بىر جۇپ ئەركەك ـ چىشى قۇش ئۆز ھاياتلىقىنى قوغدايدۇ.

سۇبھىدە ئۇلار كۆككە پەرۋاز ئەيلىدى. بۇلۇتلارنىڭ يۇمشاق قەلبىدە ئۇسسۇل ئوينىدى، قۇياش بىلەن قىزغىن مۇڭداشتى. شامال بىلەن بەسلەشتى. ھايات ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ شېرىن تۇيۇلدى.

ئۇپۇقتا گىرىمسەن شەپەق پەيدا بولدى. تەبىئەتنىڭ ئاچچىقى كەلدى. بوران گۈركىرەپ چىقىشقا باشلىدى. دەھشەتلىك چۇقان - سۈرەن قۇشلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلىدى. قاناتلىرى سۇنغان بىغەم قۇشلار ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار دەريا بويىدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئەپسۇس، ئۇلار يەنە ئۇچراشتى.

ئۇلار بۇككىدە چىملىقتا ۋە يېشىل كۆل بويىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىسسەلەرنى ئېيتىشتى، دەرەخلەردىن - دەرەخلەرگە قونۇپ مۇھەببەتلىك دەملەرنىڭ شادلىق بەزمىسىنى ياڭراتتى.

ئۇلار قەدىمىي دەرەختىكى تاشلاندۇق ئۇۋىدا بىر كېچە قونۇپ قالدى.

تاڭ سۈزۈلگەندە بۇ ئادەتتىكى قونالغۇدىن ئامراقلىق، سۆيۈنۈش ۋە مۇھەببەت ئېلىپ، ئۆزلىرى بىنا قىلغان مۇقەددەس ئۇۋىسىنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى.

10

ئۇ كۆل بويىغا كەلدى.

نىمشقىدۇر ئۇنى يىغا تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ يىغلىماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ ئاخىر ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ياشلىرى

كۆل سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. زىناقلىرىدا تۇرۇپ قالغان ياشلار بەئەينى تەبەسسۇم تۆككەندەك قۇياش نۇرىدا پارلاپ تۇراتتى.

ياۋا ئۆردەكلەر سۇ ئىچكىلى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قومۇشلۇققا قوندى. ئۇلار ناخشا بىلەن سۇ ئۈستىدە ئويناقلاتتا ئىدى.

ئۆردەكلەر ئۇنىڭ يېنىدىن قاتار بولۇپ ئۆتكەندە، بىر ئوت يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، چۆچۈپ كەتتى.

ئۇ ئۆردەكلەرگە چالما ئېتىپ كۆلدىن ئۇچۇرۇۋەتتى، بىراق ئۆردەكلەر ئۇچۇپ بېرىپ يەنە قومۇشلۇققا قوندى.

ئۇ خىيالغا پاتتى. خىيال بىلەن يىغا ئۇنى يەتكۈچە قىيىنىدى.

ئۇ ئاخىر يەنە يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغلىغانسېرى نەپسى بوغۇلۇپ، يۈرىكى سىقىلاتتى.

يېنىك شامال چىقىشقا باشلىدى. شامال ئۇنىڭ يىغىسىنى توختاتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆپكۆك كۆل سۈيىگە چوڭقۇر خىيال بىلەن تىكىلەتتى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن بىر خىل ئاۋاز يىغلامسىراپ شىۋىرلىدى. ئۇ كۆلگە بىر تال يوپۇرماق بولۇپ لەيلەپ چۈشتى. ئۇ ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ يېنىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى.

## 11

باللار قەلەندەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. قەلەندەر تاكى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكۈچە ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى.

باللار دەرۋازا يېنىدا قەلەندەرنىڭ ئالدىنى توستى.

— سەن كىملىكىڭنى بىلەمسەن؟

قەلەندەر دەسلەپ تاتاردى، كېيىن ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ باللارغا يېلىنىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

— ماڭا رەھىم قىلىڭلار باللار، مېنىڭمۇ سىلەردەك نارەسىدە باللىرىم بار. ئۇلار مېنىڭ تېزرەك قايتىپ بېرىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

باللار ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى:

— سەن زادى كىم؟

بوۋاي بۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى، چۈنكى قەلەندەر ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى.

ئۇ نېمىشقىدۇر بىر خىل تىترەپ كەتتى. باللار بۇ تىترەشتىن قورقۇپ كەتتى. ئۇ شەھەرگە قاراپ يۈگۈردى.

قەلەندەر ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بىر بالىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قېپقالغانىدى. ئۇ بوۋاينىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرىنى يېنىك سىلاپ قويدى. بوۋاي ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بالىنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيدى.

— بوۋا، بۇ قەلەمنى بالىڭىزغا ئالغاچ كېتىڭ.

بالا يانچۇقىدىن كىچىك قېرىنداشنى ئېلىپ بوۋايغا بەردى.

ئۇ كەتتى. ئۇ شۇنچە ئېغىر ھەم ئاستا قەدەم بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا قاتتىق تۇرمۇش، بۇيۈك مۇھەببەت ئۇچۇپ يۈرەتتى.

## 12

مېنىڭ ھايات ھەققىدىكى ناخشىلىرىمنىڭ قەيەردىن باشلانغانلىقىنى بىلەمسىز؟

مېنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ يېقىملىق ناخشام ئاشۇ ئەتراپىدا يېشىل ئوت - چۆپ ئۆسكەن ئېلىپسىمان كۆلنىڭ بويىدا ئېيتىلغان.

مېنىڭ مۇشۇ ئالەمگە ئاپىرىدە بولۇپ تۇنجى قېتىم ئەڭ گۈزەل

بەختكە نائىل بولغان ئۇنتۇلغۇسىز ۋاقتىم ئىدى. مەن چەكسىز خۇشاللىقتىنمىكىن، ھاياجانلىق ياشلىرىم كۆزۈمدىن چىقىپ كەتكەن.

كۇنلەر ئۆتكەنسېرى كۆل بويىدىكى ناخشا كونىراپ قالدى. ئېمىشقىدۇر ناخشا ئېيتىشنى دېگەندەك خالىماس بولۇپ قالدىم. لېكىن، ئاشۇ يېشىل ئوت - چۆپلەر خىيالىمدىن بىر مىنۇتمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ھەر تىنىقىمدا ئاشۇ كۇنلەرنىڭ شېرىن مىنۇتلىرىنى كېچە - كۇندۇز ئويلاپ تۇرىمەن.

مەن بۈگۈن باشقا بىر يەردە يەنە شۇ ئاۋۋالقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆل بويىدا ناخشا ئېيتىۋاتىمەن. ناخشام كۆلنىڭ ئۇستى تەرىپىدىكى تاقىر دالىدا ئۆز سىماسىنى تۆكۈپ، تاقىرلىققا تۇتىشىپ كەتكەن بىر جۇپ چوققىغا بېرىپ ئۇرۇلدى. بۇ چاغدا ناخشام بارا - بارا ئاستىلاپ، لەۋلىرىم قۇرۇپ، بەدەنلىرىم بوشىشىپ، كۆزلىرىم ئېچىلمايلا قالدى.

كۆل ئىچىدىكى بېلىقمۇ بىر پەس يايرىغاندىن كېيىن، شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ھەممە يەر شېرىنلىك ئىچىدە مەستخۇشلىنىدۇ.

قىرو چاچلىرىمنى سۆيۈپ يۈرۈپ ئاخىرى كۆڭلىمنى ئارام تاپقۇزدى.

مەن كۆلنىڭ بويىغا ئاخىرقى قېتىم بارغىنىمدا ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتقانىدى. مەنمۇ ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىدىم. تىنىقىم بوغۇلۇپ ھاسىراپ كەتتىم، ئۆزۈمنىڭ قېرىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. يەنە بىر رەت ناخشا ئېيتىش ماڭا نېسىپ بولمىدى.



بىرمۇنچە قۇشلار يازنىڭ ئىسسىق ئاپتىپىدا قاقاس تاغ باغرىغا

www.uyghurkitap.com



كېلىپ قوندى. ئۇلار نېمىشقىدۇر تەرەپ ـ تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتى. ئۇلار ئەسلىدىكى ئورنىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى.

قۇياش زېمىننى ئوتتەك قىزىتاتتى. هاۋا گۆردەك تىنجىق ئىدى. ئەتراپ شۇنچە جىمجىت، زېمىندا بىرمۇ هاياتلىق يوقتەك بىلىنەتتى.

قۇرۇق ئاپتاپ بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى، سۇزگەن چېچىكى قۇرۇپ يەرگە چۈشتى، ياپراقلىرى كۆيۈپ كۈل بولدى.

قۇشلار ئىزدىگەن نەرسىنى تاپقاندەك خۇشال هالدا جەم بولدى. ئۇلار بىر خىل مېهىر تىلدا ئۇزاق سۆزلەشتى. بۇلار قۇياشنىڭ هارارىتىنى، زېمىننىڭ ئوت ئىچىدە قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى.

ئۇلار يەنە تارقىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى پەقەت شۇ قۇشتىن باشقا هېچكىم بىلمەيتتى، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى باشقا بىرسىگە دېمەيتتى.

ئۇلار خېلى ئۇزاقتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ يەنە قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئۇلار كەچ كىرەي دەپ قالغاندا پاراڭلىرىنى توختاتتى.

قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. قۇشلار ئۇلارنى قاناتلىرى ئاستىغا ئېلىپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن قۇشلار يەنە بۇ دالىغا ئۇچۇپ كەلدى. بۇ يەر بۇرۇنقىدەك ئانچە ئىسسىق ئەمەس ئىدى.

قۇشلار قاقاس تۆپىلىكلەردىن ئۆز ئىزىنى ئىزدىدى، بىراق ئىزلارنى قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ بۇزۇۋەتكەنلىكىنى كۆردى.



— مېنى كىم ياراتقان؟

زېمىن جىمىپ كەتتى. يۈرەكلەرمۇ سوقۇشتىن توختىدى. تاغلار بۈيۈكلۈكنى، دەريالار شاۋقۇنلىرىنى يوقاتتى.

— مېنى قايسى ئىلاھ ياراتتى؟

قۇشلار سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئالدىمدىكى قىيا تاش ئۈستىگە قوندى. ئۇلارمۇ تاشتەك جىمجىتلا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قاناتلىرىدىن سورىدىم، بىراق جاۋابقا مۇيەسسەر بولالمىدىم.

ئەتراپ تىنچ ئىدى. جىمجىتلىق ئىچىدە ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ئۇسسۇزلۇق، ئېچىرقاش روھىمنى قىينىدى. قارا ياشلار قولۇمدىكى قەدىمىي ساپال قاچىغا ئېقىپ چۈشتى. قاچا ئىچىدە چىرايلىق بىر قىز جىممىدە ئولتۇراتتى.

مەن قىزنىڭ قوقاستەك لەۋلىرىدە ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى كۆردۈم.

تاۋاق قولۇمدا قېيىقتەك چايقالدى. قىز شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ماڭا لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، تاۋاق ئىچىدىكى قارا ياشلىرىمنى سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئۇ بىردىنلا مۈشۈككە ئايلىنىپ تاۋاقتىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ ئىسسىق قۇچىقىمدا ناخشا ئېيتقىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ سۈزۈلگەندە ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئۇ ساپال قاچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ خىيالغا كەتتى، ئۇ ئادەمدەك خىيال سۈرەتتى.

— مېنى كىم ياراتتى؟

مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ سوئالنى سورىغىنىمدا، ئۇ ئىللىق كۈلۈپ قويدى.

مەن ھەممىلا نەرسىنىڭ مېڭىسىدىن ئادىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. زېمىن ھېچ نەرسىنى تۇيمىغۇدەك دەرىجىدە مەست بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 15

تەنھالىقتىن زېرىكتىم. ماڭا گەپ قىلىپ بېرىدىغان ئادەملەر، ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان قۇشلار، ياش تۆكۈپ بېرىدىغان بۇلۇتلار، غەم ـ ئەندىشىلەر ھەققىدە ھېكايە سۆزلىگۈچى ياپراقلار. . . سىلەر نەگە كەتتىڭلار!

قولۇمدىكى خرۇستال رۇمكام تاش ئۇستىگە چۈشۈپ گويا يۈرىكىمدەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

تەنھالىقتىن زېرىكتىم. مەن ئادەملەرنى، تەبىئەتنى سېغىنغانىدىم.

## 16

ئۇ ئەزەلدىن قۇش بېقىپ باققان ئەمەس.

نېمىشقىدۇر ئۇ بۈگۈن كىچىككىنە قۇش چۈشەپ چىقتى. ئۇ سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتى. سەھەر قۇشلىرى دېرىزىنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك گۈلزارلىقتا يېقىملىق ناخشا ئېيتىشۋاتاتتى.

ئۇ قۇشلارنىڭ ناخشىسىنى بىر پەس تىڭشىغاندىن كېيىن ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قۇش بازىرى ئۇنىڭ ئۆيىدىن خېلى يىراق ئىدى. ئۇ شۇنچە تېز قەدەم تاشلاپ قۇش بازىرىغا بىردەمدىلا يېتىپ باردى. ئۇ ھەشەمەتلىك قەسىرلەرنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئوبرازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەپەسلەرنى كۆردى. قەپەسلەردە خىلمۇخىل قۇشلار پوكىنىنى ۋە قاناتلىرىنى قەپەسكە ئۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دەپ سايراۋاتاتتى. بۇ قۇشلارنىڭ سايرىشى گويا گۈللەرنىڭ شېخىدىن غۇلاپ چۈشكەندە چىقىدىغان ئاۋازغا ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇ ياغاچلىرى گۈل بىلەن بېزەلگەن بىر قەپەسنى تاللىدى.

ئۆنىڭدىكى قۇش باشقا قۇشلاردەك قەپەسكە ئۆزىنى ئۇنچە ئۇرۇپ كەتمەيتتى. ئۇ شۇنچە جىمىغۇر ۋە غېرىب ئىدى. ئۇنىڭ جىمىغۇرلۇقى قىزلارنىڭكىدەك نازاكەتلىك ئىدى. ئۇ ئۇنى بالكونغا قويۇپ قويدى. قەپەستىكى كىچىك قاچىغا تېرىق، گۈرۈچ ۋە سۇ قۇيۇپ بەردى. بىراق، قۇش بۇ ئۆيگە كەلگەن بىر ھەپتىدىن بېرى پەقەتلا سايراپ باقمىدى، قاچىدىكى دانلارمۇ شۇ پېتى تۇردى.

ئۇ ئاخىرى قۇشنى قويۇۋېتىش قارارىغا كەلدى. قەپەسنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىۋىدى. قۇش ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالىقىنىغا قونۇپ سايرىغىنىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان تۆكۈلدى. ئۇ قانىنىڭ ئىچىدە بىر پەس سايراپ بەردى.

ئۇ قۇشنى قويۇۋەتتى. قۇش ئۇنىڭ ئۇستىنى ئەگىپ ئۆتۈپ يەنە ئالىقىنىغا قوندى. بۇ قېتىم ئۇ نەپەستىن قالغانىدى. ئۇ قۇشنىڭ يۇمران پەيلىرىنى يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ قويدى.

17

مەن يېشىل چۆپلەر ناخشا ئېيتقان گۈزەل دالىلارنى چۈشەيمەن.

سۇبھى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندە بۇ يەرگە پادىچى بالا پادىلىرىنى ھەيدەپ كېلىدۇ. ئۇ سېھىرلىك نېيىنى دالا ناخشىلىرىغا ياڭراتقاندا مەن چۈشتىن ئويغىنىمەن .

مەن يېشىل دالىلاردا قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ يۈرۈشنى خالايمەن، بىراق بۇ يەردە قاقاس بىر قۇملۇق بار. مېنىڭ كىچىككىنە زېمىنىمدا يايلاق يوق. قوي پادىلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى چۈشتەكلا يوقىلىپ كەتكەنىدى.

مەن يىراقتىن نەي ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ چۈش ئەمەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىدى.

18

قېيىق ھەيدەشنى ماڭا دادام ئۆگىتىپ قويغان. مەن قېيىقنى ھەيدەشنى ئۆگەنگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك مەھلىيا بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

كىچىك قېيىقىمنى ھەيدەپ بېلىق تۇتۇش مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇندۇ.

مەن بېلىقچى بولۇپ يېتىلگەندە يېقىملىق بېلىقچىلار ناخشىسىنى ئېيتىپ، بېلىقلارنىڭ كىچىك ئاراللاردىكى ئۇيقۇسىنى بۇزىمەن. بېلىقلار ناخشامدىن مەستخۇشلانغاندا، ئۇنىڭ بارلىقى مېنىڭ ئىلكىمدە بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ كۈمۈش قاسىراقلىرى ئىچىدىكى زۇمرەت، كەھرىۋالارنى سورايمەن. بېلىقلار بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمە دېمەيدۇ.

مەن ياقۇت، كەھرىۋالارنى ماڭا تۇنجى قېتىم بېلىقلار ناخشىسىنى ئۆگىتىپ قويغان سۆيۈملۈك ئانامغا سوۋغا قىلىمەن. ئۇ ياقۇت ۋە زۇننارلىرىنى بويىنىغا ئېسىۋالغاندا، مەن خۇشال بولىمەن.

19

كېتەر ۋاقتىم بولۇپ قالدى.

كەل دىلبىرىم، ئاخىرقى قېتىم شېرىنلىك بىزنى تاتلىق ئۇخلاتسۇن. قولۇڭنى بەر، مەن ئاشۇ ئاپئاق قوللىرىڭنى يەنە بىر تۇتۇۋالاي. بۇ بەلكىم ئاخىرقى تۇتۇش بولۇپ قالار.

بىلىمەن، مېنىڭ ئۆرغۈپ تۇرغان ياشلىق باھارىم سېنىڭ ئالىقانلىرىڭ ئاستىدىكى يول - يول سىزىقچىلارغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ كەتكەن. سەن ئۇ يوللاردا مېنىڭ سۆيگۈ ناخشىسىنى

ئوقۇغان چاغلىرىمنى مەڭگۈلۈك ئەسلىمە سۈپىتىدە يۈرىكىمنىڭ بىر بۆلۈكىدا ساقلا، ئۇ سېنى ئىپار مەيدەك سەگەك قىلىدۇ.

ئامرىقىم، ساڭا مالاللىق يەتكەندە ناخشىلىرىم سېنىڭ هايات دەرىخىڭگە تەسەللى بەرگۈچى قۇشقا ئايلىنىدۇ.

كېتەر ۋاقتىم بولۇپ قالدى.

كەل دىلبىرىم، تېخىمۇ يېقىن كەل، هاياتىمىزدىكى گۈزەل مىنۇتلارنىڭ خاتىرىسىنى كۆرەيلى. ياخشى ئۆتكەن چاغلار، لەززەتلىك مىنۇتلار، ئۇنتۇلغۇسىز دەملەرنى ئاشۇ كىتاب قۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەيلى. بۇ قۇرلار بىزگە ئۆتمۇشنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ بىزگە ئاشىق ـ مەشۇقلار ھەققىدىكى ئاجايىپ يۇكسەك هېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بىز بىردەم بولسىمۇ ئايرىلىشنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە بىر ـ بىرىمىزگە مۇھەببەت ئىزهار قىلايلى. ئىسسىق قۇچاقلىرىم سېنىڭ قەلبىڭنى سۆيسۇن. يۇكسەك كىشىلەر، پەقەت يۇكسەك كىشىلەرلا باشقىلارنى سۆيەلەيدۇ.

كېتەر ۋاقتىم بولۇپ قالدى.

ئەزرائىلنىڭ خۇش ھىدى گويا باهار تىنىقىدەك قەلبىمنى ئىللىتتى.

پەرىشتەم، مەن ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزۈمگە كەلگەن ھەرقانداق خۇشاللىق ۋە ئازابنى مەردانىلىك بىلەن قوبۇل ئېتىمەن. بۇ مېنىڭ هايات يولۇمدۇر بەلكىم.

كېتەر ۋاقتىم بولۇپ قالدى.

كەل ئاپئىقىم، مېنى سۆيۈپ قوي! تىنىقلىرىڭ مېنىڭ بىلەن بىللە كەتسۇن، مەن ئۇنى ئاشۇ يەردە مەڭگۈ ھەمراھ قىلاي. . .

## 20

مەن ئۇنى ھەركۈنى دېڭىز بويىدا ئۇچرىتىمەن. ئۇ ئاشۇ بىرلا ئورۇندا كۆككە باققىنىچە ئۇزاق خىيال سۈرىدۇ. يۇلتۇزلار سەھنىلىرىدىن چۈشكەندە ئۇمۇ كەپىسىگە يېنىپ كېلىدۇ.

ئۇنىڭ كەپىسى دېڭىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان تاغلىق يېزىنىڭ يان باغرىدا، كىچىك ئارچىزارلىقنىڭ ئىچىدە ئىدى.

ئۇ ئۇ يەردە يالغۇز ياشايتتى. ئۇ يالغۇزلۇقنى، بۈيۈكلۈك دەپ قارايتتى.

قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭ دوستى، سۆھبەتدىشى. كۈندۈزلىرى قۇشلار بەزمە قىلىپ بەرسە، كېچىلىرى بۆرىلەر ھۇۋۇلاپ بېرىدۇ.

بۈگۈن ئۇ كۈندۈزنى ئورماندا ئۆتكۈزدى. ئۇ كۈندۈزنىڭ نەقەدەر ئۇزۇنلۇقىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى.

گۈگۈم پەردىسى يېيىلغاندا ئۇ دېڭىز ساھىلىغا باردى. ئۇ بىر جۈپ كۆزىنى ئاسمانغا تىكتى. غېرىب ئاسماندىكى سېرىق يۇلتۇز ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارايتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بىر خىل تەبەسسۇم ئەكس ئېتەتتى. ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ ئاستا شىۋىرلىدى:

«بىلىمەن، سەن ماڭا تاتلىق سۆيگۈ بېرىسەن، بىراق سۆيگۈڭ بۇ يەرگە ئۇچۇپ كەلگۈچە يوقاپ كېتىدۇ. قوللىرىمنى ساڭا ئۇزىتىمەن. بىراق قولۇم قىسقىلىق قىلىدۇ. سېنىڭ يىراقتا ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىنتىلىپ باقىمەن. بۇ مېنىڭ سېنى نەقەدەر ياقتۇرۇپ قالغانلىقىمنىڭ دەلىلى.

ئۇ يەردە جىمغىنا تۇرۇپ تۇرغىن يۇلتۇزۇم. مەن تاغنىڭ باغرىدىكى كىچىك چىغىر يول بىلەن سېنىڭ قېشىڭغا يېتىپ بارىمەن».

دېڭىز شاۋقۇنلىرى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ دېڭىزغا قارىۋىدى، كېمىلەرنىڭ ماياكلىرىنى كۆردى.

## 21

تۈنۈگۈن مېنىڭ دادام دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ كەتكەنىدى.

ئانام گۈل كەشتىلەنگەن قولياغلىقنى دادامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلغانلىقى ھېلىھەم ئېسىمدە. مەن ئۇ چاغدا تېخى بالا ئىدىم.

ئۇ تۈنۈگۈنكى ئىشلار ئىدى. دادامۇ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. مېنىڭ بالىلىقىم دېڭىز ئۈستىدە خادا تاشلارنىڭ تەلۋە سادالىرىنى ئاڭلاپ پىشىپ يېتىلدى.

يىگىتلىكىم نۇر تۆككەندە، مەن دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتتىم.

مەن بۈگۈن دېڭىز سەپىرىگە چىقىمەن. چاچلىرىغا قار سانجىغان ئانام مېنى قولياغلىق بىلەن ئەمەس، سۆيگۈ بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

كېتىۋاتىمەن. دېڭىز ھالاكىتىنىڭ يوشۇرۇن يوللىرىدا كېتىۋاتىمەن. دولقۇنلار ئىچىدىكى گىگانت ئاكۇلاردەك مەردانە كېتىۋاتىمەن.

ماڭا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ساھىلدا قالدى. ئۇلار نېمىدېگەن ئاجىز ۋە بىچارە كىشىلەر ـ ھە!

مەن ھېسداشلىق ئىچىدە ھاياتلىقىم ۋە سائادىتىمنى تاپالمايمەن. مەن پەقەت جاپا ئىچىدىلا يۇلتۇزلارغا قەدەم ئالالايمەن.

كېتىۋاتىمەن. گويا قۇش يېشىل ئاسماننى سۆيگەندەك، مەنمۇ دېڭىزنىڭ ئىسسىق مېھىر سۇيىدە راھەتلىنىپ، يىراق ـ يىراقلارغا كېتىۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

دولقۇن، چاقماق، يامغۇر — مانا بۇلار ھالاكەتنىڭ بەلگىلىرى، ئۇلار مېنىڭ يېنىمدىلا ئەگىپ يۈرىدۇ. مەن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.

دولقۇن دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ قېيىققا قاتتىق ئۇرۇلدى. مەن سىلكىنىپ كەتتىم، كۆزۈمگە دادامنىڭ سىماسى كۆرۈندى.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كېمىچى. ئۇلار دېڭىز سەپىرىنىڭ سەركەردىلىرى، ئاشۇ پايانسىز سۇ ئۈستىدە يول ئاچقۇچىلار. ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەي مەنزىلگە يېتىپ باردى.

ئوغلۇم، جاپادىن قورقۇپ كېمىنى يېرىم يولدىلا تاشلاپ كېتىش ئۆزىنى ئەزىمەت سانايدىغانلارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇ پەقەت قورقۇنچاق، يۈرەكسىز، نامەردلەرنىڭ بەلگىسى، خالاس. مەن دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە دادامنىڭ ئاشۇ مەردانە ناخشىلىرىنى ئاڭلىدىم.

## 22

دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئاللىقاچان يالىڭاچلىنىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ سەن بۇ يەردىن يەنىلا مەيلىڭنى ئۈزەلمەيۋاتىسەن؟

يۇلتۇزلارمۇ بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن.

بىلىمەن، سەن شېرىن چۈش كۆرۈۋاتىسەن. سەن ئۇلارنى شېرىن چۈشلىرىڭدىن ئىزدىسەڭ، چۈش سېنى ئۇلارنىڭ قېشىغا باشلاپ بارالمايدۇ.

ئەي ئادەم، شەبنەم سۆيگەن گۈل بەرگىلىرىنى ئاسرا! ئۇ ساڭا باھار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ. باھارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭدىن بىل. ئۇ گەرچە كۆز ئالدىڭدىلا سولىشىپ كېتىۋاتقان

بولسىمۇ، كېلەر قېتىم ساڭا يەنە يېڭى غۇنچە ئاتا قىلىدۇ. سەن ئۇ غۇنچىنى «مەن» دەپ بىل.

يۇلتۇزلارنى ئۆيۈڭنىڭ دېرىزىسى يېنىدا تۇرۇپ كۆزەتكىن. بەلكىم بۇ چەكسىز كائىناتتا بىرمۇ يۇلتۇزلارنى تاپالماسلىقىڭ ئېنىق، شۇنداقتىمۇ كۆزلىرىڭنى يۇمماي ئىزدىگىن.

ئىزدەش سېنى ئويغىتىدۇ. ئىزدىگەنسېرى ئوي - پىكرىڭ ئېچىلىدۇ.

ھەممە يەر قۇرۇپ كەتتى. پەقەت سېنىڭ قەلبىڭنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. قەلبىڭ ئۇخلاپ قېلىشتىن ئاۋۋال يۇلتۇزلىرىڭنى تېپىۋال.

## 23

ئۆرۈك دەرىخى، مەن ۋە كەپەم، بىز ئەڭ يېقىن دوستلار.

بىر تىۋىش يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ شۇنچە تېز يېقىنلاپ كەلدىكى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۆرۈك دەرىخىمۇ ئېيتىپ بېرەلمىدى. كەپەممۇ ئۇ ناتونۇش تىۋىشنى بىرەر قېتىممۇ ئاڭلاپ باققىنى يوق.

كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان زادى كىمدۇر؟

چەكسىز جىمجىتلىق — تالادىن ئۆيگە، ئۆيدىن تالاغا سوزۇلغان جىمجىتلىق ئاخىر بۇزۇلدى.

مۇشۇكياپىلاق نەدىندۇر ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ دېرىزەم تۈۋىدىكى قېرى ئۆرۈك دەرىخىگە قونۇپ ئۇنلۇك سايرىدى. ئۇنىڭ يېقىمسىز سايراشلىرى ھېلىقى تىۋىشنى بېسىپ چۈشتى. مەن ئۇنى ئۇچۇرۇۋەتتىم.

تىۋىش يېقىنلاپ كەلدى. بەدىنىم سوۋۇشقا باشلىدى، روھىمنى قورقۇنچ باستى. مەن قولىقىمنى سەگەك تۇتۇپ تىۋىش

كەلگەن تەرەپكە قاراپ تۇردۇم.

ئاسمان قارا بۇلۇتلار بىلەن ئورالدى. بىردەمدىن كېيىن شامال ئارىلاش يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇستۈبىشىم چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى.

مۇشۇكياپىلاق باش ئۇستۇمدىن سايرىغان پېتى ئەگىپ ئۆتۈپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى. بۇ كېچە مەن كۆتكەن ھەممە نەرسە ئىز - دېرەكسىز يوقالدى.

مەن، ئۆرۈك دەرىخى، سوغۇق كەپەم، بىز يەنىلا ئەڭ يېقىن دوستلاردىن.

24

خەير خوش ئانا، مەن كەتتىم. پېشانەمگە ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ قويغان مۇشۇ مىنۇت مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بىز خەيرلىشۋاتىمىز. سەن تالاي يىللاردىن بېرى ئۆكسۈتۈپ قويمىغان ئاشۇ ناخشاڭ بىلەن مېنى ئۇزىتىپ قويدۇڭ. مەن ئاشۇ گۈزەل ئېتىقاد بىلەن مەردانە يول تاللىدىم.

مېنىڭ نەگە بارىدىغىنىمنى بىلمەيسەن. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ نەگە كېتىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. كىچىككىنە قولۇۋقىم مېنى قارشى قىرغاقتا ئېلىپ بارار. مەن ئۇ يەردە بەلكىم بىزگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كېتىمەن. ئۇ كىشىلەردىن بۇ يەردە يوق ئېسىل ئېتىقادلارنى ئۆگىنىپ قالارمەن.

مەن دەريا بويىدىكى كىچىككىنە قومۇش كەپەمدە ئولتۇرۇپ نەي چالىمەن. مۇڭلۇق، لىرىك كۈي قۇلاقلىرىڭغا يەتكەندە، ھېچ ئىككىلەنمەيلا: «بۇ ئوغلۇمنىڭ يۈرىكى» دېگىن. بۇ سەن ئۈچۈن ئېيتىلغان ناخشا.

مەن خىيال قىلىۋاتقاندا، سەن چۈشلىرىڭدە مېنى كۆرىسەن.

سەن شۇئان ئۈيغىنىپ يۇلتۇزلار تولۇپ كەتكەن ئاسمانغا قارىساڭ، مېنىڭ قوي ـ پادىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ يۇلتۇزلار ئارىسىدا يېگانە يۈرگەنلىكىمنى كۆرىسەن. «سەن بۇنى، مېنىڭ ئوغلۇم كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋېتىپتۇ. ئوغلۇم سادىر مىنگەن ئارغىماقنى مىنىپتۇ» دېگىن. بۇ ھەرگىزمۇ سېنىڭ چۈشلىرىڭ ئەمەس.

ئانا، سۆيۈملۈكۈم، سەن مېنى كۆرۈپ تۇرىدىغانسەن. بىراق سەن مېنى دېگەننى ماڭا ئۆگەتكىنىڭنى ھېلىھەم ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. ئەسلەشنىڭ ئۆزى كۆرۈشۈپ تۇرۇش، دەمدە مەن ساڭا كۆرۈنمەيمەن.

مەن قومۇش كەپىمدە ئولتۇرۇپ سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكرى قىلىۋاتقىنىمدا، مەيىن سابا ياغاچ شېشىقلىرىدىن كىرىپ يۈزۈمنى ئىللىق سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇنى سېنىڭ مېھرىڭ دەپ بىلدىم.

ھايات تەشتىكىمگە ئۇرۇق سالدىم، ئۇ ئۈزۈنغا بارماي بىخ سۈردى. غۇنچە گۈل توغىدۇ. بىر گۈل يېڭى بىر ھاياتنىڭ يارىتىلىشى.

خەير خوش ئانا، خەيرلىشىش مەڭگۈ ۋىدالىشىش ئەمەس.

## 25

بۇ ئۇجمە دەرىخى ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ ھويلىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىبلىلاپ كەتكەن قوۋزۇقلىرى تالاي كۈلپەت، تالاي باھارلارنىڭ ئىللىق تىنىقلىرىنى خاتىرە قىلىپ يازغان. ئۇ بوۋامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئىبتىقاد مۇنارى. بوۋام بۇ مۇنار ئاستىدا ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئاشۇ دەرەخ ئاستىدا ئىبادەت قىلغىنىنى بىلمەيمەن.

ئۇ ھەرقېتىملىق ئىبادىتىنى تۈگەتكەندە، ئۇجمە ئاستىدىكى

تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تۈگىمەس خىياللار قوينىغا غەرق بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى قۇشلار ئۇۋا ياسىغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلىدۇ. مومام ئۇنىڭ ئۈچۈن قېنىق دەملەنگەن چاينى سۇنغاندا، ئۇ مومايغا ياشلىق چاغلىرىدىكى ئوتلۇق تەبەسسۇمىدەك بىر خىل غالىب سۆيگۈ بىلەن كۈلۈپ قويىدۇ.

بۇ كىچىككىنە ھويلىمىزدا قەدىمىي جەمئىيەتنىڭ ئىزناسى بولغان ئاشۇ قېرى ئۈجمە دەرىخى بار. ئۇ يۈكسەك ئىنساندەك باشقىلارغا مېۋە بېرىدۇ، ئۇلۇغ ئانىدەك بالىلارغا مېھىر بېرىدۇ. ئۇ قۇشلارنىڭ ۋەتىنى، ياشانغانلارنىڭ ئارامگاھى. ئۇ زېمىنغا ئەتىر گۈلىنىڭ خۇش ھىدىنى چاچىدۇ. بوۋام شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سايىسىدە مومايىنىڭ قاپقارا چاچلىرى ئاقارغۇچە ناخشا ئېيتقان.

مەن ئاشۇ ئۈجمە دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، مومايىنىڭ قاردەك ئاپئاق چاچلىرىنى سىلاۋاتقان بوۋامغا بىر خىل سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ قالدىم.

## 26

مەن مەشۇقۇمنى چۈش ئەينىكىدە كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ماڭا گۈلدەك قاراپ تۇرغۇدەك.

چۈشتىن ئويغاندىم. ئۇ ئالدىمدا يوق ئىدى. مەن ئۇنى خىيال قىلدىم:

مېنىڭ مەشۇقۇم تاغ باغرىدىكى ئورمانلىقتا ياۋا گۈللەر بىلەن ئويناۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ياغاچ كەپىسى قۇرۇغان دەريانىڭ ساھىلىدا.

ئۇ ھەركۈنى قۇشلار نەزمە قىلىدىغان ئاشۇ ئىپتىدائىي ئورمانغا گۈل ئۈزگىلى بارىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى تېخى تۈزۈك ئېچىلمايلا توزۇپ كېتىۋاتقان غۇنچىلار ئىدى. ئۇ تۇپراقتا چېچىلىپ

ياتقان گۈل بەرگىلىرىنى ئەينەك قۇتىغا سېلىپ ياغاچ كەپىسىگە ئېلىپ كېتىدۇ. يۇلتۇزلار تارقاپ سۇبھى كەلگەندە ئەينەك قۇتىلاردىكى گۈل بەرگىلىرىنى قۇرۇغان دەرياغا تاشلايدۇ. بەرگىلەر بۇ قاغجىراپ كەتكەن سۇسىز دەريادا ئىزسىز غايىب بولىدۇ.

ئۇنىڭ كۆنلىرى ئاشۇ ئورماندا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىنى شامال سۆيگەندە مەن رىۋايەتلەردىكى سەنەملەرنى ئەسلەيمەن. ئۇ باھاردەك ئوماق ناخشا ئېيتقاندا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولىمەن. ئۇ ماڭا ئېرەن قىلمىغاندەك قېيىن دەرىخىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆزۈمدىن غايىب بولىدۇ. مەن ئۇنى ئىزدەپ ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالىمەن.

بىز دەريانىڭ ئىككى قېتىدا ئولتۇرىمىز. بىز ھەر كۈنى ناخشا بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئۇنىڭ ناخشىسى قۇشلارنىڭ تىلىدا شۇنچە گۈزەل ئوقۇلىدۇ. مەن ئارچا دەرىخى سايىسىدە ئولتۇرۇپ شاماللار ئېلىپ كەلگەن ناخشىنى ئاڭلايمەن. ئۇ قانلىرىمدا ئېقىپ ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كىرگەندە، ئۇنىڭ ماڭا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن.

27

سەن ئىنتىلگەن مەنزىل تېخى كۆپ يىراقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن قالتىس بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيقۇڭنى ئاچ، بۆرە ئۇۋۇسىدىن چىققۇچە خەتەردىن ئۆتۈپ كەت.

يۇگۇر دوستۇم، قەدەملىرىڭ ئارىسىدىن ئاچچىق توپىلار توزۇپ تىنىقلىرىڭغا كىرگۈچە، نەپسىڭ بوغۇلۇپ، ئۇيقۇڭ كەلگۈچە مەنزىلىڭگە يېتىۋال.

گۇگۇم ئىز بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ سېنىڭ ئەڭ چوڭ

رەقىبىڭ. ئۇ سىنىڭ كۆزۈڭگە قارا چۇمبەردىسىنى زورلاپ ئارتىپ قويىدۇ.

تېز ماڭ دوستۇم، كۆرۈنگەن تاغنىڭ ئارقىسىدا ئاي بار، ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغاندى. سەن گۇللەر ئېچىلغان دالىغا بارغۇچە ئۇ گۈگۈمنى توسۇپ تۇرىدۇ.

سەن جەننەتكە تۇتىشىپ كەتكەن بۇ يول بىلەن سەپەر قىل. بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە يىقىلىپ كەتمە، يىقىلساڭمۇ ئۇخلاپ قالما. ئەنە شۇنداق بولغاندا ھېلىقى مەنزىلگە يېتىپ بارالايسەن.

كەينىڭگە قارىما، كەينىڭدە قالغىنى پەقەت ئىزىڭ... ئۇ چۇشتەكلا سەندىن يىراقلاپ كەتتى.

28

ئەتىۋارلاپ باققان قۇشۇم يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. مەن ئۇنى قايتا ئۇچرىتالمىدىم. قۇرۇق قالغان مىسكىن ياغاچ قەپەس ئۆيۈمنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تاشلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ سولغۇن ھالىتىنى كۆرگىنىمدە ئۇچۇپ كەتكەن قۇشۇمنى ئەسلەپ قالىمەن.

باھارنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى ھويلىمىزدىكى ئانار دەرىخىنىڭ شېخىدا بىر قۇش پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇچۇپ كەتكەن قۇشۇمدەك سايرىمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئوخشايتتى. ئۇ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ ياپراقلار ئارىسىدىن بىر نېمە ئىزدىمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

كەچ كىرىشى بىلەن ئۇ يەنە نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەسلىدىكى قۇشۇمدەك قىزىقىپ قالدىم. ئۇنىڭغا ھەركۈنى نەچچە رەت قارايدىغان بولۇپ قالدىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ بىزنىڭ ئۆز قۇشىمىزغا ئايلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى ئۇ چاڭىلداپ سايراپ كەتتى. بۇ چاغدا گۈگۈم

چۇشۇپ يۇلتۇزلار پارلىغان چاغ ئىدى. مەن پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سايراشلىرىغا زەن سالدىم. ئۇ يۇلتۇزلار بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى. بىر چاغدا ھارغىنلىق يېتىپ، ياپراقلار ئارىسىدىكى كىچىك ئۇۋىسىدا ئۇخلاپ قالدى.

يېرىم كېچە بولاي دەپ قالغاندا، قۇش يەنە سايراپ كەتتى. مەن تۆشەكتىن قوپۇپ ئانار دەرىخى يېنىغا بارغىنىمدا، ئۇ قىپقىزىل قانىنىڭ ئىچىدە توختىماي ياش تۆكەتتى.

ئۇ بۇ قېتىم جورىسىنى ئەسلەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ جورىسى زېمىستانىنىڭ قاتتىق بورانلىق كۈنلىرىدە يوقىلىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن بېرى ئۇ جورىسىنى ئىزدەپ بارمىغان تاغ قاپتىلى، قونمىغان دەرەخ شاخلىرى، بىلمەيدىغان ئورمىنى قالمىدى، ئۇ ئاخىرقى قېتىم مۇشۇ كىچىككىنە ئانار دەرىخىنى ۋەتەن ئەتتى.

مەن بۇ يەردىن ئۇچۇپ كەتكەن قۇشۇمنى ئويلاپ قالدىم. ئۇمۇ ئىسسىق، مېھىرلىك بىرەر ئۇۋىغا مۇيەسسەر بولالىغاندىمۇ! ؟...

29

ئۇ ھەر قېتىملىق سەپەرگە ئاتلانغاندا كونا قەلئەسىنى يوقلاپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەردىكى ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ ئۇچۇن ناتونۇش بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن سەممىي پاراڭلىشىدۇ، بىراق ئۇ ئۇ كىشىلەرگە كۆڭلىنى بەرمەيدۇ.

شەھەردە ئادەملەر قالمىغاندا كونىراپ كەتكەن ھۇجرىسىغا كىرىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە باللىقىنى ئەسلەيدۇ. يۈكسەك سېغىنىش كۆيىنى تۆكۈپ يىراقلارغا تەلپۈنىدۇ.

ئۇ بۇ قەدىمىي شەھەرە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ يەنە باشقا يەرلەرگە كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر قەدەملىرى ئۆكسۈپ يىغلاش ئىچىدە بېسىلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ ئىزلىرى ئارىسىدىن كونا قەلئەدىكى مەدەنىيەت ئامبىرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تېپىۋالدىم.

## 30

ھاياتلىقتا شۇنداقمۇ كۆزلەر باركى، ئۇ كۆزلەرگە ئالەمدىكى بارلىق شۇملۇق، رەزىللىك، مۇناپىقلىق بىر خىل سېھىر بولۇپ جەملەنگەن.

ھاياتلىقتا يەنە شۇنداق كۆزلەر باركى، ئۇ كۆزلەرگە ئاجايىپ گۈزەل مۇھەببەت، يۈكسەك پەزىلەت، بۈيۈك ئېتىقاد نۇر تۆككەن.

پەرىشتەم، مەن سېنى پاسىقلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغان گۈلزارلىقتىن تونىمەن. ئۇ يەردە شادلىق رومكىسىدا قايغۇ ـ ھەسرەت شارابلىرى ئىچىلىدۇ. ئۇ يەردىكى گۈللەر مۇناپىقلارنىڭ قېنىدا بويالغان.

سەن بىر قىممەتلىك قاتتىق كۆلكىدىن كېيىنكى مىسكىن تەلپۈنۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيسەن. مەن سېنىڭ قەلبىڭنى ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن مەھلىيا قىلىۋالغان ئاشۇ ناخشىنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىدىن تارتىپ چىقىمەن. گەرچە ئۇ قۇچاقلاردا شېرىنلىك بولسىمۇ، كېيىنچە سەن ئۇنىڭ ساختىلىقىنى چۈشىنىسەن.

ئۇيقۇڭنى ئاچ گۈزىلىم، مۇھەببەت سېنى چاقىرىۋاتىدۇ. سېنىڭ روھىڭ مۇھەببەت ئىچىدە كۆكلەيدۇ. سېنىڭ كۆز نۇرۇڭ ۋە تىنىقىڭ مۇھەببەتنىڭ ئوت ـ يالقۇنى. سەن مۇھەببەت ئىچىدە تۇرۇپ ئالەمنى كۆرەلەيسەن.

يېنىمغا كەل ئاپئىقىم، ئۆزۈڭگە نېسىپ بولمىغان پلانېتتىن قول ئۈز، سۆيگۈ بەرمىگەن گۈلنى پۇرىما، سايە بەرمىگەن دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرما، گۈزەللىك بەرمىگەن ھاۋادىن نەپەس ئالما. ھايات ئۇنى سۆيگۈچىگە ئاجايىپ خۇشاللىقلارنى بېرىدۇ.

ساڭا بارلىقىنى بېغىشلىغۇچىلارنى پەقەت گۈزەل مۇھەببەت، يۈكسەك پەزىلەت، بۈيۈك ئېتىقاد نۇر تۆككەن ئاشۇ كۆزلەردىن ئىزدە.

31

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى بۇ يول سېنىڭ بېغىڭغا تۇتىشىدۇ. بۇ مەن ياسىغان يول، مەن بۇ يولدا ساڭا توقۇلغان مۇھەببەت ناخشىلىرىمنى ئېيتىمەن. ناخشىلىرىم شۇ نازۇك قەلب ياپراقلىرىڭنى تىترىتىدۇ. مەن سېنىڭ مىسكىن تۇرقۇڭنى بېغىڭنىڭ شاد ئىشىكىدە تۇرۇپ كۆرىمەن.

ناخشام يامغۇر تامچىسى بولۇپ پىچانگۈللىرىنىڭ بەرگىلىرىگە تۆكۈلگەندە، سەن يۈگۈرۈپ كېلىپ گۈللەرنى بىر ـ بىرلەپ ئۈزۈۋالىسەن. يېڭى تېرىۋېلىنغان بۇ گۈللەر ساڭا يېڭىدىن ـ يېڭى سۆيگۈ بېرىدۇ.

سەن پىچانگۈللىرىنى گۈلدەستە قىلىپ مەن ياسىغان يولدا ئاستا كېلىسەن. مەن بۇ چاغدا تېرەك ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ سېنىڭ ئارقاڭدىن قارايمەن. سەن بېغىمىزنىڭ كەينىدىكى تاش ئورۇندۇقتا گۈللەرنى يوشۇرۇن قويۇپ قويىسەن. مەن ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

بېغىڭغا تۇتىشىدىغان بۇ يولنى مەن ياسىغان. مەن بۇ يولدا پەقەت سەن ئۈچۈنلا ماڭىمەن. يولۇمنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۆسكەن گۈللەر مېنىڭ گۈللىرىم. بۇ گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىدە بىزنىڭ لەۋ ئىزلىرىمىز بار.

كەل، بىز بېغىمىزنىڭ كەينىدىكى تاش ئورۇندۇقتا جەم بولايلى. مېنىڭ ياسىغان يولۇم بىزنى جەننەت ئىشىكىگە باشلاپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

32

كەچۈرگىن، يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپمۇ سەن ئېھتىياجلىق ئاشۇ يېرىم يارماقنى تاپالمىدىم.

ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياپراقتەك تىترەۋاتقان قوللىرىنى يىغدى. مەن ئامالسىزلىق ئىچىدە يۈزۈمگە ئۆرلەپ چىققان خىجىلچىلىقىمنى يوشۇردۇم.

ئۇ دوقمۇشقا بېرىپ تۇردى. ئۇ يولدىن ئۆتكەن ھەربىر كىشىگە قولىنى ئۇزىتاتتى. ئۇنىڭ بۇ قىسقا قولى كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ قىسقىراپ كەتتى.

ئۇ غېرىبلىق كوچىسىدا بىر دەردمەن ئىدى. تار، بەتبۇي كوچىلاردا ئۇنىڭ تەقدىرى، ھاياتى خۇددى شېخىدىن غۇلاپ چۈشكەن ياپراقتەك ئۇنسىز يىغلايدۇ.

ئۇ كەلدى، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئۇ ماڭا خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ زەئىپ ھالدا كۈلۈمسىرىدى ھەمدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن جىمجىتلا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە بىھوش ھالدا قاراپ تۇردۇم. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى ئۈمىدۋار كۆزلىرىم ئۇنى ئاخىرغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

شامال چىقىشقا باشلىدى. قاقشال شاماللار مۇسىبەتلىك قىقاس - چۇقانلارنى ھەش - پەش دېگۈچە غايىب قىلدى. يوللار سۈكۈتكە چۆمدى. توزۇغان چېچەكلەر پەرىشان شاماللار بىلەن يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ھىجراننىڭ ئاچچىق ناخشىسى زېمىننى قاپلىدى.

33

يۇمران يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئويغانغان ھىلال ئاي دەرەخ

ئۇچىدا ئىلىنىپ قالدى. مېنىڭ ئۇنىڭ قەلبىمدىن ئېتىلىپ چىققان بىر ناخشا ئىكەنلىكىنى ھەممىگە جاكارلىغۇم كەلدى.

ھىلال ئاينىڭ ئۇستىگە پەسىل قۇشلىرى كېلىپ قوندى. ئۇلار ھىلال ئاي بىلەن بىرگە چىمەن كۆلىگە چۆمۈلگىلى باردى. ئۇلار سۇ ئۇستىدە كىچىك قولۋاقلارغا ئايلاندى. ياۋا ئۆردەكلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئاسماندا يۇلتۇزلار نۇر تۆككەندە ئۇلار يەنە قول تۇتۇشۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

سولغۇن كۆزلىرىم ئۇلارنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىــــــدە چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم. مەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن تىترەپ تۇرغان يالىڭاچ بىر دۇنيانى تېپىۋالدىم.

ھىلال ئاي يەنە دەرەخ ئۇچىدا پەيدا بولدى. ئۇ مەن تۇرغان قىرغاققا قاراپ يول ئالدى.

34

*خۇداغا تاپشۇردۇم سېنى،*
*قالما ئۇنتۇپ قەدىم كەپەڭنى.*
... ...

كۆل بويىدا ئەما بىر موماي، قۇشلارنىڭ قەلبىدەك قەلبى بىلەن ئېيتىدۇ ناخشا، ئېيتىدۇ تالاي. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلىدۇ قان رەڭلىك ياپراق، قېرى شاخلىرىدىن ئازاب توختىماي.

ئۇ كىم؟ ھېچبىر كىشى بىلمەيدۇ ئۇنى، ئادەملەر ئۇنتۇپ قالغان ئۇنىڭ تۇرقىنى.

*خۇداغا تاپشۇردۇم سېنى،*
*قالما ئۇنتۇپ قەدىم كەپەڭنى.*
... ... ...

## 35

بۇ قۇرۇغان دەرەخ، قۇشلار قونمىغان؛ بۇ يېگانە دەرەخ، قۇشلار ئۇۋا سالمىغان. بۇ يەردە ھەممە تۇتۇندەك يوقالغان. ئەقىل ۋە ئەخلاقمۇ شۇنداق.

جىمجىت يەر، جىمجىت ئاسمان، جىمجىت دەرەخ... بۇلار ھەممىسى شېرىن ئۇخلىغان. ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالغان. ئادەملەر بۇ يەردە ئەپسانە، ئۇنتۇلغان ھېكايە تامام.

تەنها قولۋاق، ئۇنتۇلغان ناخشا، ئۆلگەن پلانېت.

قاسىراقسىز يىلان، ئۇ قېرى دەرەخ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، ئەسلەپ ئۆتىدۇ ئۆتمۈشنى.

ئاي، قۇياش، يۇلتۇزلار توپى گويا بىر چۈش، ئۇ بىزنىڭ خىيال، پەقەت بىزدىكى تۇرمۇش.

— ئەي بىتەلەي پەرىشتە، ئاچچىق تاماكاڭدىن بىر چېكىم بەرگىن، ئاچچىق يوقىلىش ئىچىدە تۇرۇپ، دەرىخىمىزنىڭ قوۋزۇقىنى قەغەز قىلىپ چېكىۋالاي. خۇدا مېنىڭ نېمە چېكىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قويسۇن.

ئالەم قاراڭغۇلاشتى. ھەممە يەر قاراڭغۇ، ئادەممۇ، زېمىنمۇ، دەل ـ دەرەخمۇ.

— بۇ خۇدانىڭ كارامىتى.

— ياق، ياق، بۇ خۇدانىڭ كارامىتى ئەمەس، بۇ كۆڭلى قارىلارنىڭ كارامىتى. چىراغنى ئۆچۈرگەنلەر دەل ئاشۇ كۆڭلى قارىلاردۇر.

ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرغان ئاۋازسىز قاراڭغۇلۇق مىدىر ـ سىدىر قىلماي، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تىنىقلىرى بىلەن، رەھىمسىزلەرچە ئۇمىدسىزلىكنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى.

بىپايان قۇملۇق، قاغجىرىغان دالا، ھالسىرىغان تۆگە

كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. ئۇلار قوم بارخانلىرىنىڭ باغرىدا خۇداغا تېۋىنىدۇ.

كېلىۋاتىدۇ، كېتىۋاتىدۇ. . . ئۈنگەن گىياھ، ئۆلگەن گىياھ. . . ئۇنتۇلغان ئىسىم، ئۇنتۇلغان سادا. . . چۇقانلارنىڭ ئىزى يوق.

جىمجىت كۈندۈز، جىمجىت كېچە، ھەممە ئۇخلىغان، ھەممە توڭلىغان، خىيال مۇزلىغان. بىز چۆشنىڭ ئىچىدە.

36

ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەر ئانا. مەن ناخشاڭنىڭ سېھرىي كۈچىدە مېنى ئاچچىق قىيناۋاتقان زۇلمەتلەر ئىچىدىن ئويغىنىپ يېنىڭدا ھازىر بولاي، تىنىقلىرىڭدىن تۆكۈلگەن تىكەنسىز گۈللەر مېنىڭ بارلىق ئازابلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرسۇن.

ئانا، يۈرىكىڭ ئاجىز ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ. قوللىرىڭمۇ يۈرىكىڭدەك ئاجىز تىترەۋاتىدۇ. قېنى، ئەكەل، ئاشۇ بىر ئەسىرگە يېقىن بىزنىڭ بارلىقىمىزغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق نۇرلىرىنى چاچقان قوللىرىڭغا يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈۋالاي! يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا، ۋۇجۇدۇمنىڭ ھۈجەيرىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن سېغىنىشىم ئويغاندى. ئۇنى ئۆز مەيلىچە تۆكۈۋالاي!

ئېشىك ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ يىراقلارغا سەپەر قىلىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ قوڭغۇراق ناخشىسى كوچا ئىتلىرىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىتلار كارۋانلارنىڭ كەينىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئەگىشىپ قاۋىغان بولسىمۇ، كارۋانلار يەنە ئۆز يوللىرىغا كېتىۋەردى. سەن ئۇ ناتونۇش كىشىلەرگە قاراپ كۈلۈپ قويدۇڭ. مەن سېنىڭ قەلبىڭنى ئاختۇرۇپ بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ دۇنياسىنى كۆردۈم.

ئانا، قارلىغاچلار ئۇچۇپ كەتتى. لەمپە ئۆيدىكى كىچىك ئۇۋىمۇ جىمجىت ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ قارلىغاچلارنى چۈشەۋاتامدۇ تېخى. خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۇخلاۋاتىدۇ.

بالىكوندىكى كەپتەرلەر دېيىشىۋالغاندەك بىردىنلا سايراپ كەتتى. ئۇ كارۋانلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى.

ئانا، لىرىك ناخشاڭ بەكۋاش ۋە غەمسىز قەلبىمنىڭ كىچىك ياپراقلىرىنى تىترەتسۇن، سۆيگۈڭ تومۇرلىرىمدىن تۆكۈلگەن قانلىرىمغا رەڭ بەرسۇن! مەن سىلكىنىپ ئويغاندىم. ئەمدى ئادەملەرنى، مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنى، ھەقىقەتنى چۈشىنەي! تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ سىرىنى ئۆگىنىۋالاي.

## 37

بۇ يەر ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىمجىت ۋە تىنچ.

بۇ يەر دۇنيانىڭ يىراق گىرۋىكىدىكى خىلۋەت بىر جاي. ئۇ يەر شارىنىڭ يىراق چېتىدە. ئۇنىڭ ئىسمىنى تېخى ھېچكىم تىلغا ئېلىپ باقمىغان، ئۇنى تېخى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان، شۇنداقلا ئۇ يەرگە يەنە ھېچكىممۇ بېرىپ باقمىغان.

شېرىن چۈشلىرىم مېنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارغاندا مەن گۈزەل چۈشلىرىمدىن ئويغاندىم. بۇ چاغدا قۇياش چىققانىدى. مەن قۇياشنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇ يەرگە باردىم. ئۇ يەردە چۈشتەك مەۋھۇم نەرسىلەر گويا تۇماندەك ئەگىپ يۈرەتتى. مەن مەۋجۇت نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەچكە، ئۇ مەۋھۇم ھاياتلىق كۆزۈمگە سىغمىدى.

مەن كۆل بويىغا كەلدىم. بۇ نىلۇپەر گۈللىرى ئۆسىدىغان كۆل ئىدى. كۆل يېگانە قولۋاقنى ئاستا تەۋرىتىپ ئۇخلىتىۋاتاتتى. كېپىنەكلەر قولۋاق ئىچىدە خۇددى ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئۇلار بالا

چاغلىرىدىكى چۆشلىرىگە غەرق بولغان بولسا كېرەك.
مەن بۇ يەرگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىردىم. بۇ يەردە سامان يولىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىك بىر ئېقىن دەرەخلەر ئارىسىدىن ئېقىپ بولۇتلار ئىچىگە غايىب بولاتتى. بۇ يەردە مەن تېخى ئىچىپ باقمىغان پۇراقلىق مەينى كۆردۈم. بۇ مەيلەر بىزگە تونۇش كۈينى كۈيلىمەي، ئۆز ئېقىنىدا ئۇنىسىز كۈيلەرنى شىۋىرلايدۇ.
مەن يۇمشاق كارىۋىتىم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خىيالىمدىكى بىر قىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ئۇ ئورماندىكى بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ قۇشلاردەك ناخشا ئېيتىدۇ. مەن ئارزۇ قىلغان مەينى خرۇستال رۇمكىغا قۇيۇپ بېرىدۇ.
ئاھ، شېرىن چۆشلىرىم ئۆز ئۇۋاڭغا قايتىپ كەل...

38

بوۋاي گۈللۈك يېنىدا جىمجىت ئولتۇراتتى. كەپسىز نەۋرىسى ئۇنىڭغا بىر تال گۈل سۇنۇپ بەردى. بوۋاي گۈلنى قولىغا ئېلىپ بېشىنى چايقىدى. ئۇ گۈلنىڭ خۇش ھىدلىرى ئىچىدە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن خىيال سۈردى.
بالا گۈللۈك يېنىدا خېلى ئويلىغاندىن كېيىن بوۋىسىغا يەنە بىر تال گۈل ئۈزۈپ بەردى. بوۋاي گۈلنى قولىغا ئېلىپ رازىمەنلىك بىلەن نەۋرىسىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە بىر خىل سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى.
ئۇ قولىدىكى بىر جۈپ ئوتقاشتەك گۈلگە قاراپ، ئانار دەرىخى ئۈستىدە تىنماي سايراۋاتقان ئاققۇشقاچقا قارىغان پېتى كۆل سۈيىدەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. كەچكى شەپەق گۈللەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن بەرگەندە ئۇ ئورنىدىن تۇردى.
ئۇ ئانچە كەڭرى بولمىغان بۇ ھويلىنى بىرنەچچە رەت ئايلىنىپ

www.uyghurkitap.com

يەنە گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ قولىدىكى ئىككى تال گۈلنىڭ بىر تېلىنى گۈللۈككە ئاۋايلاپ قويدى، بىر تېلىنى پۇراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش توختىماي تۆكۈلەتتى. ئۇ ئۆز ھاياتلىقىدىكى مېھرىبان جورىسىنى، سۆيۈملۈك يۆلەنچۈكىنى سېغىنىپ قالغانىدى.

يۇلتۇزلار ئاسماندا چىراغدەك ئېسىلىپ تۇردى. بوۋاي خېلى ئۇزۇندىن كېيىن نەۋرىسىنى ئېسىگە ئالدى. نەۋرىسى پېشانىسىدىكى ئۆچكە تېرىسى ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىگە يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويدى.

39

ئىلاھ مېنى ئادەم قىلىپ ياراتتى. مەن ھەقىقەتنى قىلىچ قىلىپ، ئۇنىڭ سايىسىدە ئادالەت تاپتىم.

ئىلاھ مېنى بوران قىلىپ ياراتتى. مەن ياۋايىلار بارالمىغان كۆھقاپتا چوڭ بولدۇم، تىلسىملار ئۈستىدە يۈرۈپ پىشىپ يېتىلدىم. ئانام مېنى ئىسسىق ۋۇجۇدىدىن دالىغا ھەيدىۋەتتى. مەن غەزەپ بىلەن ھۆشقىيتىپ كېلىۋاتىمەن. باشقىلارنىڭ چەللە ـ باراڭلىرىنى ئۆرۈپ، مۇناپىقلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلايمەن؛ ناكەسلەرنىڭ قاچىسىدىكى ئاشقا قۇم تاشلاپ، زوراۋانلارنىڭ كۆزىگە توپا چاچىمەن.

ئىلاھ مېنى يامغۇر قىلىپ ياراتتى. مەن مېھرىبان بۇلۇتنىڭ مۇھەببەتلىك ناخشىسى. مەن زېمىنغا سۆيگۈ بولۇپ تۆكۈلدۈم. تۇپراقنىڭ قۇلىقىغا يېشىل قىسسە سۆزلەپ بەردىم.

ئىلاھ مېنى چاقماق قىلىپ ياراتتى. مەن خۇدانىڭ غەزىپىنى سەندەل بىلەن بولقا ئارىسىغا يەتكۈزدۈم. بۇ بىلگۈچىلەر ئۈچۈن ئىشارەت.

ئىلاھ مېنى ئوت قىلىپ ياراتتى. مەن روھىي مەرەزلەر بىلەن تېنى كېسەللەرنى داۋالىدىم. غالىجىرلار، سەپرالارنىڭ قۇرۇق شاخلىرى كۆيۈپ كۈل بولدى.

ئىلاھ مېنى سۇ قىلىپ ياراتتى. مەن زېمىنغا پاك، پەرىشتە سۈپىتىدە ئاپىرىدە بولدۇم. مەن زېمىننىڭ لەۋلىرىنى سۆيۈپ ياشايمەن. ئالەمدىكى نىجاسەتلەرنى ئېرىغداپ، ھاياتلىققا گۈزەللىك بېرىمەن. مەينەت ۋۇجۇد، پاسكىنا قاننى يۇيىمەن.

ئېھ ئىلاھ، مېنى ئەركىنلىك قىلىپ يارات. مەن ئۇچۇپ بېرىپ سېنىڭ بارماقلىرىڭغا قوناي. . .

40

چۈشۈمدە قوشنامنىڭ غالجىر ئىتى ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بوينى زەنجىرلەكلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى زەنجىردىن بوشىتالمايتتى. مەن ئۇنى زەنجىردىن بوشىتىۋەتتىم. ئۇ ماڭا يەر سۆيۈپ تۇرۇپ رەھمەت بەجا كەلتۈردى. مەن ئۇنىڭ مۇلايىم خۇلقلىرىغا قاراپ تۇرغىنىمدا ئۇ يەنە غالجىر ئىتقا ئۆزگىرىپ قالدى. مەن قورقۇپ كەتكىنىمدىن قاراڭغۇلۇققا قاراپ قاچتىم. ئۇ كەينىمدىن قوغلىدى، شۇنداق تېز قوغلاپ كەلدى. مەن قېچىۋەردىم. بىر چاغدا ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. پۇت ـ قولۇمدا جان يوق، ماغدۇرسىزلاندىم. يېشىل چۆپلۈك ئۈستىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتتىم. خېلى ئۇزۇن ياتقان بولساممۇ غالجىر ئىت بۇ يەرگە كەلمىدى.

ناتونۇش بىر كىشى مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ھېجىيىپ قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىگە سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ قوشنامنىڭ غالجىر ئىتى ئىكەنلىكىنى بايقىۋالدىم. ئۇ راستىنىلا ئاشۇ غالجىر ئىت ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ماڭا تەبەسسۇم قىلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا ئۇ شۇنچىلىك مۇلايىم بولۇپ قالغاندى.

ئۇ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ يېنىككىنە سىقىپ قويدۇم.

بىز بىللە قايتتۇق. كۆزۈمنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇ يەنە غالجىر ئىتقا ئايلىنىپ قالدى. تېنىم شۈركىنىپ كەتتى، لەۋلىرىم تىترەپ گەپ قىلالماي قالدىم.

ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا مۇلايىم قاراپ تۇردى. مەن يەنە قاچتىم، قېچىپ كېتىۋاتىمەن.

مەن مانا ئاشۇ كۈندىن كېيىن چۈشكە تەبىر بەرگۈچىنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

41

بېغىمىزدىكى بىھى دەرىخى يېنىدىكى خام كېسەكتە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا يېقىملىق مەيىن سابا يۈزۈمنى ئەركىلىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن چۆچۈپ ئويغاندىم. بىھى دەرىخى شېخىدا بىر تومۇچۇق ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن بۇ ناتونۇش مېھماننىڭ بېغىمغا تۇنجى رەت قەدەم ئالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىغا ئۆزۈنىغچە مەپتۇن بولۇپ ئولتۇردۇم. ئۇ بىردەم سايراپ، بىھى دەرىخى يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا سەكرەپ يۈرگەندەك بولدى ↵

ئويىنىدى؛ بىر دەم باش ئۇستۇمدىلا قانات قېقىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ، يەنە دەرەخ شېخىدا تۇرۇپ سايراشقا باشلىدى.

ئۇ بۇ بىھى دەرىخىگە كۆنۈپ قالدى. ئۇ ئاتۇش بىھى دەرىخىنى بىلىدۇ، بىھى دەرىخى ئەتراپىدىكى كىچىككىنە بوشلۇق ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئاسمىنى ئىدى.

مەنمۇ ئۇنى خېلىلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ سايراشلىرى

مېنىڭ قەلبىمدىن تۆكۈلگەن ناخشىغا ئەڭ يېقىن دوست، شۇڭا ئۇنىڭ مۇڭلىرى ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ مۇڭلىرىنى كۆردۈم.

مەن ئاخىر ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر قەپەس ياسىتىپ، ئۇنىڭغا ماكان تۇتۇپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. بىراق، شۇنچە قىلىپمۇ تۇمۇچۇقنى تۇتالمىدىم. ئاخىر ئۇنى قەپەس ئىچىدە سولاپ بېقىش نىيىتىمدىن ياندىم.

ھەر كۈنى گۇگۇم چۈشۈش ئالدىدا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا باغدىن يېنىپ چىقىمەن. ئۇ مېنىڭ ئارقامدىن قارىغىنىچە يەنە بىر قېتىم سايراپ قويىدۇ.

قىش يېقىنلاپ كەلدى. بېھى يوپۇرماقلىرىمۇ سارغىيىپ يەرگە چۈشتى. تۇمۇچۇقنىڭ نازۇك قاناتلىرى سوغۇق شامالدا تىترىگەندە، مەن ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭ ئوماق كۆزلىرىگە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن قاراپ تۇردۇم. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ بوشلۇقىدا بىر رەت ئۇچۇپ ئۆتۈپ بېشىمغا كېلىپ قوندى. مەن ئۇنى كۆلبەمگە ئەكىردىم. ئۇ تەشتەكتىكى گۈل شېخىغا قونۇپ يەنە بۇرۇنقىدەك سايرىدى. ئۇنىڭ سايرىشىغا مەستخۇش بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

چۈشۈمدە ئۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىنى خالىمايتتىم.

ئويغىنىپ قارىسام، ئۇ يېنىمدىلا ئۇخلاپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ مىسكىن تۇرقىغا قاراپ: «خۇدا بىزنى نەقەدەر تەقدىرداش ياراتقان ـ ھە!» دەپ ئۇنىسىز شىۋىرلىدىم.

42

يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئەتراپنى كۆكۈش تۇمان قاپلاپ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى. يامغۇر خېلى

ئۆزۈن ياققاندىن كېيىن توختىدى. يامغۇرنىڭ توختىشى بىلەن شىمال شامىلى چىقىشقا باشلىدى. شامال ئاخىر بورانغا ئايلاندى. بوران كۆكۈش تۇمانلارنى يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈنگەن قۇياش ئۇپۇقتا يەنە جۇلالاندى. ئۇ كۈمۈش رەڭ نۇرلىرىنى زېمىنغا تۆكۈپ، ئەتراپنى نۇرلاندۇردى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ خۇشال كۈلدى.

مەن تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىمەن. ئىشىنىمەنكى، مەنزىلگە چوقۇم يېتىپ بارىمىز. يىراقتىن كۆرۈنگەن قارلىق چوققا بىزنىڭ ئاخىرقى بېكىتىمىز.

ۋاقىت بىر مىنۇت، بىر مىنۇتتىن ئۆتمەكتە. سائەت ئىسترېلكىسى توختاپ قالغىنى يوق. مەنزىل بىزگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىزگە قاراپ تەبەسسۇم قىلماقتا. بىز داۋاملىق مېڭىۋاتىمىز. بىزنىڭ قەدەملىرىمىز ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان بۇ يولدا ئالدىراش يۆتكەلمەكتە.

يامغۇر ياغدى، توختىدى. بوران چىقتى، توختىدى. قار ئۇچقۇندىلىرىمۇ زېمىننىڭ ھەممىلا يېرىگە ئاق لىباس ياپتى. بۇلارمۇ غايىب بولدى. بۇ مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ كەتتى.

شۇنداق، ئۇنىڭ دەل ئۆزى — ھايات. ھايات — تەبىئەتنىڭ بۇ قوپال چاقچاقلىرىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە!

## 43

دادام ئوۋچى بولغاچقىمىكىن، قاندىن قورقمايتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا بەدەنلىرىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئېلىپ كەلگەندە يۈرىكىم ئازابلىنىپ، تېنىم شۈركىنىپ كېتەتتى. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ: «ھۇ توخۇ

يـۈرەك، قورقۇنچاق. . . ! » دېگەن گەپنىلا قىلالاتتى.

كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى، دادام مېنى ئوۋغا بىللە ئېلىپ چىقتى. بىز پايانى يوق ئورمانلىقتا كىرىپ كەتتۇق. دادام ماڭا يول بويى ئوۋ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە دەرس سۆزلەپ بەردى. دادامنىــڭ گەپلىرى كاللامغا كىرمەيۋاتاتتى. ئويلاۋاتقىنىم كېسىۋېتىــلگەن دەرەخلەر، ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىغان ئورمانلار ۋە زوراۋانلىقتا دۇچ كېلىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ھايۋانلار ئىدى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ تراگېدىيىلەرنى كۆرۈپ ئىچىمنى قورقۇنچ باستى.

بىز ئورمانلىقتا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. مۇرەمدىكىــى قارا مىلتىقتىن سۇس قان ھىدى كېلىۋاتاتتى. كۆڭلۈم ئېلىشىپ، بېشىم قېيىپلا كەتتى. شۇ چاغدا بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان چاتقال ئارىسىدىن بىر توشقان يۈگۈرۈپ چىقتى. دادام مــاڭا «سەن ئات! » دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ جىملا تۇردى. مەن قورالنى بەتلەپ دەرەخكە قارىتىپ ئوق ئۈزدۈم. توشقان كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كۆزدىن غايىب بولدى.

«ھۇ يارىماس! » ، دادام ماڭا غەزەپلىك تىكىلدى. بىــز يولىمىزنى داۋام ئېتتۇردۇق. بىر چاغدا بىزگە ئانا كېيىــك ئۇچرىدى. دادام ماڭا قارايمۇ قويماي ئۇنى يەر چىشلەتتى. ئۇ يوغان كۆزلىرىنى ئاچقىنىچە قان ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

بىز يەنە ماڭدۇق. قۇرۇق دەرەخ ئۇستىدىكى ئۇلار بىر خىل غەزەپ بىلەن سايراپ كەتتى. دادام قاراپ ئۇنى ئېتىشقا ئىجازەت قىلدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقاردىم. بىر چاغدا قارىسام ئۇ يەردە يېتىپتۇ. مەن تۇلپارىمدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇلانىڭ قانغا مىلىنىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ: «سېنى ئۆلتۈرۈپ نېمىمۇ قىلاتتىم» دېدىم. بىراق، ئۇ ئۈن ـ تىنسىز ياتاتتى. مەن بۇنى كۆرۈپ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلاندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

44

بالىلىق چاغلىرىمدا يولنى بىلمەيتتىم. چوڭ بولغانسېرى خۇدانىڭ يولنى ئىنسانلارنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن ئۈزۈن قىلىپ ياراتقانلىقىنى بىلدىم.

مانا كۆز ئالدىمدىكى يول يۇلتۇزلارغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ پايانى ھەم چېكى يوق. مەن بۇ يولدا مېڭىپ كېتىۋاتىمەن، لېكىن نېمىنى ئىزدەيدىغىنىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇ يول مەن ئۈچۈن تولىمۇ گۈزەل، مەن بۇ يولدا خاتىرجەم يۈرەلمەيمەن. بۇ يولدا ناپاكلىق ۋە شەرمەندىلىك ئوت - چۆپلىرى باراقسانلىغان. بۇ يولدا يەنە بىباھا، ئەڭ گۈزەل ھەم مۇقەددەس بولغان ھەقىقەت كۆمۈلگەن.

مەن ئەنە ئاشۇ ھەقىقەت ئۈچۈن ئىزدەنگۈچى. مەن ھەقىقەت ئۈچۈن بۇ يولدا جەبىر - جاپا چەككۈچى.

مەن يولدا چېچىلىپ ياتقان گۈللەرنى كۆردۈم. مەن گۈللەرنى بىر - بىرلەپ تېرىۋېلىپ دەريا ئېقىنىغا ئېقىتىۋەتتىم. گۈللەر دەريادا خۇشال ئېقىپ كەتتى.

مەن يولدا چېچىلغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ كۆزى ياش، چىرايى سولغۇن ئىدى. بىر قارا بارماق ئۇنى مەھكەم سىقىمداپ تۇراتتى. بارماقلار ئارىسىدىن قارا تۇمان تامچىلاپ تۇراتتى. مەن ياپراقلارنى بارماقلار ئارىسىدىن قۇتقۇزدۇم. يوپۇرماقلار دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئۇچۇپ كەتتى. قارا بارماقمۇ كۆزدىن يىراقلاشتى.

نېمىشقىدۇركى ئويلاپ قالدىم. ھەربىر ئىنسان ئۆزى ئىزدىمەكچى بولغان نەرسىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىدىن ياناماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە.

مەن سادالار، غوۋغالار ئىچىدە بۇ چەكسىز يولدا

كېتىۋاتىمەن. قەلبىمدىن تۆكۈلگەن نىدالار ئۇيقۇدا ياتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە يامغۇر بولۇپ قۇيۇلماقتا.

## 45

دالىدا مەن يالغۇز ئىدىم. قۇشلار ئاۋازىنىڭ ئىچىدە ئىدىم. مەن بۇ ئاۋاز ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. ھەممە مېنى ئۇنتۇلدۇردى.

سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندا، قۇشلارنىڭ ئاۋازى يېنىمدىن غايىب بولدى. مەن ئەسلىمگە قايتىپ كەلدىم. يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. دەرەخ دالدىسىدا تۇرۇپ يەنە يامغۇرنىڭ ئاۋازىغا غەرق بولدۇم. يامغۇردا قالغان بىر قۇش يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆزىگە پاناھ ئىزدەيتتى. بىراق، يوپۇرماقلار قۇشقا پاناھلىق بېرەلمەيتتى. ئۇ ئاخىر بۇ يەردىن ئۇچۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ قانات قېقىپ باققان بولسىمۇ ئۇچالمىدى، ئۇ يەنە بىر رەت غەيرەت قىلدى، شۇندىمۇ ئۇچالماي ئالدىمغىلا يىقىلىپ جان ئۈزدى. ئۇنىڭ ئېغىزى ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك ئېچىلىپ قالغانىدى. يامغۇر، لاي - پاتقاق ئۇنى كۆمۈپ تاشلىدى.

مەن بارا - بارا ئاق يېغىنغا ئايلىنىۋاتقان يامغۇرغا قارىغىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. بىر چاغدا يوپۇرماقلار ئارىسىدىن يەنە بىر قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بىرى چاقىرىۋاتقاندەك ئىتتىك قارىدىم، بىراق سايرىغان قۇشنى كۆرەلمىدىم.

سايراش تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. يامغۇر ئاۋازى ئۇنىڭ ئاۋازى ئىچىدە قالدى. مەن شۇنچە ئىزدەپمۇ قۇشنى تاپالمىدىم.

قۇش سايرىماقتا، ئەتراپتا سايراۋاتقان باشقا بىرەر قۇشنىڭ يوقلۇقى مېنى ھەيران قالدۇردى.

www.uyghurkitap.com



مەن سۈكۈت ئىچىدە يامغۇر ۋە لاي كۆمۈپ تاشلىغان ھېلىقى قۇشنى ئىزدىدىم، لېكىن ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. بىراق، ئۇ ئۆلگەن يەردە ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىش ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

## 46

يىگىت گۈل دۇكىنىدىن سېتىۋېلىنغان قولۇڭدىكى سەر خىل ئەتىر گۈللەرنىڭ ھەسرەتلىك نىدالىرىغا قۇلاق سال! ئۇ ساڭا مۇھەببەت ھەققىدە ئەڭ يېڭى ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئېنىقكى، سەن بۇ ناخشىلارنى ئاڭلاپ باقمىغان.

بىلىمەن، بۇ گۈللەرنى مەشۇقۇڭ ئۈچۈن سېتىۋالدىڭ. مەشۇقۇڭ سېنىڭ بۇ گۈللىرىڭنى گۈل لوڭقىسىغا سېلىپ قويۇپ، گۈللەرنىڭ ناخشىسىنى تىڭشايدۇ. ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا چۈشىدە سېنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان ھالىتىڭنى كۆرىدۇ.

ئۇ گۈللەرنىڭ تومۇرلىرى ئاخشاملا ئۆز يىلتىزىغا ئۇلاقلىق ئىدى. ئۇ تېخى ھېلىلا ئۆز ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدا شېرىن ئۇيقۇنىڭ ئەسىرى ئىدى، بىراق ئۇ بۈگۈن ئۆز خۇشاللىقلىرىدىن مەھرۇم قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزى بىلمەيلا يىلتىزىدىن ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

سەن گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى كۆرۈۋاتامسەن؟ ئۇلار ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈنسىز ياشلىرى دەل سەن تېخى ئاڭلاپ باقمىغان ھېلىقى ناخشا.

سېنىڭ ئەتراپىڭدا ئەگىپ يۈرگەن قۇشلار گۈللەرنىڭ ھەسرەتلىك ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان. ئۇلار ئاشۇ گۈل دۇكىنىدىن نەقەدەر نەپرەتلىنىدۇ ـ ھە!

يىگىت، قولۇڭدىكى بۇ بىر دەستە گۈلنى ئۆز سۆيگۈنۈڭگە بەرگەندە، دىلدارىڭ گۈللەرنىڭ سولغۇن چېھرىگە قاراپ چەكسىز

خىيالغا پاتىدۇ. ئۇنىڭ نېمىنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنىنى ئاشۇ گۇللەردىن سورا.

## 47

بۇ كېچە يەنە ئۇيقۇ يوق. خىياللىرىم نېمىلەرگىدۇر ئەگىشىپ يىراق – يىراقلارغا كېتىپ قالدى. ئۇ كائىناتنىڭ بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەي يەنە قايتىپ كەلدى.

يولۇچىلارنىڭ يېنىك تىۋىشى بىردەم پەيدا بولۇپ، بىردەم يوقىلىپ تۇراتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىمۇ توختاپ قالغانىدى.

مەن ئىشىك يېنىغا كەلدىم. ئىشىكىم قۇلۇپلاقلىق ئىدى. مەن ھەيران قالدىم. ئىشىكنى مەن قۇلۇپلىمىغانىدىم ھەم باشقىلارنىڭ قۇلۇپلاپ قويغىنىنىمۇ سەزمەي قالغانتىم. مەن دېرىزە يېنىغا كەلدىم. قازاننىڭ قارىسىدەك زۇلمەت كېچە ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرەتتى. مەن يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم. كۆزۈمگە قاراڭغۇدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. يۇلتۇزلار بىلەن تولۇن ئاي قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانمىدۇر! ؟ تەئەججۇپلەنگەن يۈرىكىم چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

مەن بۇ كېچە چەكسىز بۇرۇقتۇرما ئىچىدە تاڭنى كۈتۈۋالدىم، لېكىن قۇياشنىڭ چىققانلىقىنى كۆرمىدىم. قۇياش بەلكىم چىققاندۇر، دەپ ئويلىدىم.

مەن ئىشىكىمنىڭ قۇلۇپىنى بىرى ئېچىپ بېرىدۇ، دەپ خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلىغان بولسامۇ، بىراق بىرەر شەپىمۇ ئاڭلانمىدى. مەن بىرەر شەپىنىڭ كېلىشىنى بىر كۈن ساقلىدىم، بىراق كەلمىدى.

بىزارلىق، زېرىكىشلىك بۇ كۈنلەرنى ماڭا بېرىپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com



ئادەم ئاتام بىلەن ھەۋۋا ئانامغا ئاچچىق غەزەپلەندىم. ئۇلار مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

مەن ئىشىك يېنىغا باردىم. ئىشىكنىڭ شىشىقىدىن تالاغا قارىدىم. كوچىدا ئادەم، ماشىنىلار، ئېشەكلەر ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىپ يۈرىدۇ. ئۇلار مېنىڭ بىر ئىشىك شىشىقىدىن قاراۋاتقانلىقىمنى خىيال قىلىپ باقمىغانىدى.

48

ئىككى يىل ئارىسىدىكى دوقمۇش ماڭا ئۆزۈمدەكلا تونۇش، مەن ھەر كۈنى بىر يولدىن چىقىپ ئاشۇ دوقمۇش بىلەن يەنە بىر يولغا كىرىپ كېتىمەن. مەن دوقمۇش بىلەن ھەرقېتىمدا ئۇچراشقىنىمدا ئۇ گويا مېنى سىزىۋاتقان رەسسامدەك ماڭا قاراپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقمىغاندەك ئۆتۈپ كېتىمەن. كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىغىنىمدا ئۇنىڭ غېرىب تۇرقى باشقا بىر ئەسلىمىنى ئېسىمگە سالىدۇ. بەزىدە ئۇ يەردە ئۆزۈمدىن ـ ئۆزۈمگە سوزۇلغان تۈننىڭ ئىچىدە، قىغاس ـ چۇقانغا چۆمگەن كۈندۈزنىڭ يورۇقىدا تۇرۇپ قالىمەن. مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىلا، پەقەت ئۆزۈمنىلا كۆرىمەن. ئۆزۈمنىڭ سولغۇن چىرايى، غېرىب روھى ۋە يېرىلىپ كەتكەن قىلىپ كالپۇكلىرىم، يىرتىلىپ كەتكەن كۆلا ـ جەندىلىرىم مەن بىلەن كۈندە ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ دوقمۇش ماڭا شۇنداق تونۇش. قېرىپ ھالىدىن كەتكەن كونا تونۇرنىڭ ئۈستىدە قوقاسقا پۈت ـ قولىنى قاقلاپ ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يۇمۇپلا ئۇخلاپ قالىدۇ. مەن ئۇلار ئويغانغۇچە ئۇلارغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئولتۇرىمەن. ئۇلار كۆزلىرىنى ئاچقاندا مەنمۇ شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىمەن. ئۇلار رەستە ـ رەستىلەرگە يۈگۈرۈشۈپ

كىرىپ كەتكەندە مەنمۇ ھېلىقى يولۇمدىن كەلگەن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، شۇ تەرەپكە كېتىپ قالىمەن.

مەن ھەربىر باسقان قەدىمىمدە يوللاردا، بازار ـ رەستىلەردە گەپ قىلالايدىغان بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتالمىدىم.

## 49

قۇشلار ئاياغ باسمىغان بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بۇ يەر بەلكىم بۇرۇنقى ئېرالاردا بىر زۇمرەت بوستانلىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە قەبرىلەردەك تىزىلىپ تۇرغان دەرەخ كۆتەكلىرى قەدىمىي ئورماننىڭ ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېگى ـ تېگىدىن پۇرلىشىپ، چىرىپ كەتكەن بۇ كۆتەكلەردىن غېرىبلىق پۇراپ تۇرىدۇ.

مەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋە تۇنۇگۇنكى چۈشتەك بۇ سىرلىق جايدا ئولتۇرۇپ، ماڭا يات ھەم تونۇش بولغان بۇ ئىزلارنى ئىنچىكە كۆزىتىۋاتىمەن.

تومۇر ـ تومۇرلاردىن قاندەك ئېقىپ كەلگەن ناخشا چوقچىيىپ تۇرغان كۆتەكلەرگە تېمىپ چۈشكەندە، ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىڭ باغرىمۇ چاڭىلداپ يېرىلىدۇ. مەن دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى بۇ يەردە سۈكۈت ئىچىدە ئەڭ گۈزەل مەرسىيىلەرنىڭ ئىچىگە غەرق بولىمەن. ھەممە نەرسە مەرسىيە ئىچىدە خىيالغا ئەسىر بولغان دۇنيانىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك، ئۆز خاھىشى بىلەن ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ھەققىدە پىچىرلاپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كۆپ ئولتۇراي دەپ قالغاندا، مەن ناتونۇش بۇ زېمىندىن ئايرىلدىم. مەن گويا ئىككى ئالەم ئارىسىدا تېگىشىرقاپ يۈرگەن سوپىلاردەك، بىر ئالدىمغا ئاياغ باسسام بىر كەينىمگە قاراپ قالدىم.

قۇرۇغان يىلتىزلار ئەپسانە ۋە رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ يەرنىڭ تۇپرىقىنى ئەسلىتىپ، ئۆتمۈشنى زىكىر قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ مۇڭلۇق ھەم غېرىبلىق ناخشىسى ئىچىدە ئۇنىڭ سايىسى چۈشكەن يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتىم.

## 50

سەن سۆيگۈ ھەققىدە سۆزلەيسەن، سېنى باشقىلار سۆيگۈ ئىلاھى، دەپ قارايدۇ.

سەن سۆيگۈ ھەققىدە ناخشا ئېيتىسەن، كىشىلەر سېنى سۆيگۈ مۇئەككىلى، دەپ ئاتايدۇ.

بىراق، سەن ساڭا چوقۇنغۇچىلارغا سۆيگۈ بېرەلمەيسەن. ساڭا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا گۈزەللىك بېرەلمەيسەن.

سېنى كىشىلەر چۈشىنىپ يېتىدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆزى ئادەمنىڭ قەلبىنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن.

سۆيگۈ — ساختىلىق بىلەن دوست ئەمەس، ئۇنىڭ ھىماتچىسى سەممىيلىك ۋە ئەخلاق.

سۆيگۈ — گۈزەل قەلب ئىچىدە قۇياشنىڭ ھۆسنىنى باسىدۇ. ئۇ قۇياشقا ئوخشاشلا نۇر تۇزانلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان مەبۇد، ئەبەدىي ھاقارەت چاڭلىرىدىن غالىب كەلگۈچى ئىلاھ.

سۆيگۈ — يۈكسەك كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە تۇرۇپ ناخشا توۋلىسا، زېمىن ئۆز گۈزەللىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئەي سۆيگۈ ھەققىدە سۆزلىگۈچىلەر، سىلەر زېمىندا توزان بولۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن سۆيگۈ توزانلىرىنى يىغىڭلار. سۆيگۈ توزانلىرى سىلەرگە ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈپ قويسۇن. سىلەر ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنگەندە بەلكىم تەنھالىق قەسىرلىرىڭلاردا زار - زار يىغلىشىڭلار ئېنىق. ئۇشبۇ يىغاڭلار سۆيگۈنىڭ قولاق پەردىلىرىنى

يېنىك تىترەتسۇن. ئۇ چاغدا سىــــلەر كەچۈرۈمگە مۇيەسسەر بولىسىلەر.

سۆيگۈ — خازان بولمىغان گۈل بەرگىسى. مەڭگۈ ئۆكسۈپ قالمايدىغان يۇلتۇز سىماسى.

مەن سىلەرنىڭ: «بىز سۆيگۈ جامالىغا نائىل بولدۇق...» دېگەن سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ قالدىم.

## 51

ئويلىنىش ئىچىدە تۇرىدۇ جىمجىت بىر يۇمران گىــياھ، ھاياتلىق جەزىرىسىدىكى ھارغىن ئادەم، ئەرش سەلتەنىتىدىكى يېگانە خۇدا.

بۇلار ھەممىگە ئايان مەۋجۇتلۇق، ھەممە چۈشەنمىگەن ئادەم، ھەممە كۆرۈپ باقمىغان ئىلاھ، مەڭگۈ لېنتىغا ئېلىپ بولمايدىغان خىيال، ئەبەدىلئەبەد يېشىلمەيدىغان سىرلىق چۈش.

ئويلىنىش ئىچىدە تۇرىمەن جىمجىت.

ئالەم مەن ئوقۇپ چۈشىنەلمىگەن كىتاب. قېنى مەن، «مەن» نىڭ ئۆزىنى بىلىشى، ئۇ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان خىيال.

قېنى سەن لاتاپەتلىك سۆيگۈ نۇرى؟ قېنىــى سەن گۈلدىن ئايرىدە بولغان قىز.

قېنى سەن تاش كۆتۈرگەن سۆلەتلىك ئادەم ئاتا، يىــلان قاسىرىقىدىن يېپىنچا ئارتقان ھەۋۋا ئانا؟

قېنى سەن ئايالىلاردەك مېھىرلىك جەننەت ، مەڭگۈ سولۇپ قالمايدىغان گۈل ـ گىياھ. ئوي ـ چېكى يوق يول.

بارچە ھاياتلىق ئاشۇ چەكسىز يولدا كېتىۋاتىدۇ. ئىسسىق ـ سوغۇق ئارىلىقىدا، ئىزدىمەك بولۇپ پەقەت ئۆزىنى.

ئويلىنىش ئىچىدە جىمجىت تۇرىدۇ بىر يۇمران گىــياھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئادەم، شەيتان ھەم خۇدا. . . ھەممىسى ئۇيدا.

52

ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى بۇ ساسلىق مەن تۇغۇلماستىنلا بار ئىكەن. شۇ چاغدىمۇ بۇ ساسلىقتا يىلانلار ياشايدىكەن. بۈگۈنمۇ ئۇ يەر يىلانلارنىڭ ماكانى.

تاسمىدەك ئۇزۇن تەن، ياڭاقتەك كىچىك باش، بۇ ئاجايىپ سۈرلۈك مەخلۇقتەك بەكلا قورقۇنچلۇق. ئۇلارنىڭ ئۇۋىلىرى دەرەخ يىلتىزلىرىنىڭ بىقىنىدا، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئاشۇ يىلتىزلارغا باش قويۇپ تاتلىق ئۇخلايدۇ. ئانىلىرى ئۇزۇقلۇق ئىزدەپ قۇش چاڭگىلىرىنىڭ يېنىدا جىمجىت ياتىدۇ.

يامغۇر ياغقان كۈنلىرى يىلانلار سەپ ـ سەپ بولۇپ ساسلىقتىن چىقىپ يوقاپ كېتىدۇ، ئۇلار قۇياش پارلىغاندا يەنە پەيدا بولىدۇ. سىنىڭ كۆزۈڭگە چېلىقىپ قالغاندا بولسا، ساڭا مۇلايىم بولۇپ كۆرۈنىدۇ ۋە ساڭا بىر خىل ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. سەن شېرىنلىك ئىچىدە قالغاندا ئۇ ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ. سەن يەنە شېرىنلىك ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىسەن.

ئۇلار ئۇچۇن ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى . ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزلىرىنىڭ توي مەرىكىسى، دەپ بىلىدۇ. ئۇلار كۈن بويى ئادەم چۈشەيدۇ.

ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى بۇ ساسلىق يىلانلارنىڭ ۋەتىنى. ئۇ يەرگە ياۋا قۇشلارمۇ قونۇپ ئۆتەلمەيدۇ. بۇ يەردە پاقا ۋە بېلىقلارنىڭ ئىزى يوق. بۇ يەر جىمجىت ۋە گۈزەل. بۇ يەردە يىلانلار بەخت قۇچقان. بۇ يەردە باھار كۈلگەن يىلانلار ساما سالغان. ئۇلار بۇ يەردە مەڭگۈ تەڭداشسىز.

قەدىمىي دەرەخنىڭ ئۈستىدە يالغۇز ئولتۇرغان يېگانە قۇش

يىرگىنچلىك يىلان بالىسىغا قاراپ: «خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، مېنى خۇدانىڭ سەن قىلىپ يارىتىپ قويمىغىنىغا شۈكۈر...» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تاغدىن ـ باغدىن

1

ئەبەدىل ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئالقىش بار. ئۇ بولسىمۇ قەھرىمانلارغا ياڭرىتىلغان ئالقىش، ئەبەدىي ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان قارغىش بار. ئۇ بولسىمۇ مۇناپىقلارغا ئوقۇلغان لەنەت ـ نەپرەتتىن ئىبارەتتۇر.

2

بىز زېمىننىڭ نېمەتلىرىدىن زوقلىنىمىز. زېمىن بىزنىڭ ئەمگەكلىرىمىزدىن زوقلىنىدۇ.

3

پەسكەشلىكلەر ئادەم بەدىنىدىكى زەھەردۇر، مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق ئادەم بەدىنىدىكى ھەسەلدۇر.

4

ماددىي جەھەتتىكى يوقىلىشتىن مەنىۋى جەھەتتىكى يوقىلىش چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى يوقىلىشتۇر.

5

تراگېدىيىسىز ئۆتكەن ھاياتتا ئېتىقاد ۋە ئىمان ئاجىز بولىدۇ.

6

قورقۇنچاقلىق — ئىنسانلاردىكى روھىي ئاجىزلىقتۇر.

7

تىل ـ ھاقارەت، كۈچلۈك مەسخىرىلەر ئۈيغۇتالمىغان ئادەمنى ئىززگۈ ـ چۇقانلارمۇ، گۈزەل ناخشىلارمۇ ئويغىتالمايدۇ. ئۆزى ئويغانغان ئادەمنى ھەرقانداق بىسىم، سۇيىقەستلەرمۇ ئۇخلىتالمايدۇ.

8

ھاياتلىق ئالىمىدە مېھىر ـ ۋاپا توختىغاندانى، خۇدا دۇنيا ھاياتلىقىنىمۇ ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

9

تەگرىنىڭ مەغپىرىتى ۋە مەرھەمىتى زېمىننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالدى، ئەمما پاسىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمىدى.

10

گېگانت ئادەملەرنىڭ قەلبى ھەقىقەتلەرنىڭ خەزىنىسىدۇر.

11

قۇلچىلىق قىلىش — ئاجىز خەلقنىڭ ئېتىقادى؛
بىپەرۋالىق ، بىخۇدلۇق — ئاجىز خەلقنىڭ روھى؛
پەسكەشلىك، رەزىللىك — ئاجىز خەلقنىڭ ئەخلاقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

12

تۇرلۇك ـ تۈمەن گۇناھلارغا يول ئېچىپ بىرىۋاتقان ئادەملەردە ئىمان بولمايدۇ.
تۇرلۇك ـ تۈمەن گۇناھلارغا سۈكۈت قىلىۋاتقان ئادەملەردە ۋىجدان بولمايدۇ.
تۇرلۇك ـ تۈمەن گۇناھلارغا شېرىكلەشكەن ئادەملەردە ئېتىقاد بولمايدۇ.

13

بىر يۇرتنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلىششى ئۇنىڭ ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

14

سەن ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغاندا، سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىكى دەرىخىڭمۇ ساڭا سايە بەرمەيدۇ.

15

دۇنيا تارىخىدا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي بېسىملار ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنى توسۇپ قالالىغان ئەمەس.

16

ھاياتنىڭ ھەربىر ئىشىكىنى يۇكسەك ئەقىدە بىلەن ئاچقان ئادەم خار بولمايدۇ.

17

ئېتىقاد بولمىسا ۋىجدان نە بولسۇن!

ئىمان بولمىسا ئىھسان نە بولسۇن!

18

يىلان ـ چايانلار كەمستكەن ئادەم چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

19

گىگانتلارنىڭ قانىتى ئېتىقاد ۋە ئىرادىدۇر، پاسىقلارنىڭ قانىتى ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۇيىقەستلەردۇر.

20

دۇشمەنلىرىمىزنى بىلمەي ياشىغىنىمىز — ئەقلىدىن پۈتۈنلەي ئازغانلىقىمىز.

21

ھايات ئازابلىرىغا چىدىغان ئادەمنىڭ كەلگۈسى مەنىلىك بولىدۇ.

22

كۆندۈرۈلگەن ياۋا قۇش ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قان ۋە گۆشى بىلەن بېقىلىدۇ.

23

بالىلارغا تىل تەگكۈزگەن ھەرقانداق ئادەمنى بىز زالىم، دەپ قارايمىز.
ئانىلارغا تىل تەگكۈزگەن ھەرقانداق ئادەمنى بىز زالىم، دەپ قارايمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋەتىنى ، يۇرتىغا تىل تەگكۈزگەن ھەرقانداق ئادەمنى بىز زالىم، دەپ قارايمىز.

24

تۇرمۇش ۋە ھاياتتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەر، ھاقارەتلەنگەن قەدىر - قىممەتلەر، چەتكە قېقىلغان مۇھەببەتلەر ئەقىللىق ئادەملەر ئۈچۈن پەندى - نەسىھەت.

25

دۈشمەنگە سادىق بولۇش، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش جاھالەت پىرلىرىگە ھامىي بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

26

تارىخنى بۇرمىلىغانلار يا ساتقۇنلار ياكى زوراۋانلار.

27

سەن يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان تەقدىردىمۇ ئەس - يادىڭ يۇرتۇڭدا بولسۇن.
سەن ئۆز خەلقىڭ تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن تەقدىردىمۇ ئوي - خىيالىڭ خەلقىڭدە بولسۇن!

28

خورلۇق ۋە ھاقارەتلەردىن يانغان ئوتنى كىم ئۆچۈرەلىگەن، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقتىن تۇغۇلغان ئۇلۇغ سادالارنى كىم كۆمەلىگەن!

29

بىمەنە چاقىرىقلار، ئۆلۈك شوئارلار كۆمۈلۈپ قالغان ئادەملەرنى ئويغىتالمايدۇ.

30

كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن ھوقۇق بولۇش كېرەك، ھوقۇق بولۇش ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇش كېرەك.

31

ماڭا ئېيتقىن، پەرىشتەم!

كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ تەبىئەت دۇنياسىغا نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرگىن. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن، ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ سۆيۈملۈك شىۋىرلاشلىرىنى تىڭشاۋاتىمەن. يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ ئىنزىگۇ ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، تەبىئەت دۇنياسىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئەمما سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىيالمىدىم.

ئېيتقىن دوستۇم!

ساڭا ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئاسمان ۋە زېمىنغا قاراپ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرگىن!

قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ لەۋلىرىنى بىر پەس سۆيۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.

تاغ باغرىدىكى پادىچى باللارمۇ پادىلىرىنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىشتى. سەن يەنىلا يېگانە ھالدا سۆزلەۋاتىسەن. كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى يوشۇرمىغىن. گەپلىرىڭنى ئاشۇ گۈل - گىياھلار، دەريا - ئېقىنلار تىڭشىغاندەك مەنمۇ تىڭشاي، سۆزلىرىڭنى قۇلاقلىرىم ئەمەس يۈرىكىم تىڭشايدۇ.

ئېيتقىن، پەرىشتەم!
تەنھالىقتىكى ئازابىڭنى، جىمجىتلىقتىكى لىرىك ناخشىلىرىڭنى، خىيالدىكى كۆز ياشلىرىڭنى ماڭا ئېيتقىن!

32

كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئادەملەر باشقىلارنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىدىن قۇسۇر ئىزدەپ يۈرمەيدۇ.

33

ئېتىقاد — دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ، مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. ۋەتەن — ئانا يۇرت، ئاتا - ئانا، قېرىنداشلارغا سادىق قىلىدۇ. ئېغىر يۈكلەرنى يېنىكلىتىدۇ، قەلبلەرنى خاتىرجەم قىلىدۇ، كۆڭۈلدىكى غەشلىكلەرنى تۈگىتىدۇ، ھەقىقەت يولىنى، ئۇلۇغ ھىجرەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

34

ئىرادە — يۈكسەك ئادەملەرنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى. ئۇ ئەزىمەتلەرنى جاسارەتكە ئىگە قىلىدۇ، دۈشمەنلەردىن قورقماي داۋاملىق قىلىدۇ،

ئىنسان ھەرقانداق بىر ئىشنى دورىيالايدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلالمايدۇ.

36

سەن ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقەتنى ماياك قىلساڭ، ھاياتىڭنىڭ ھەربىر مىنۇتى كۈچ ۋە نۇر ھاسىل قىلىدۇ.

37

چىكىدىن ئاشقان ھېسداشلىق ساڭا ھالاكەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

38

تەڭرى ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەملەر بىلەن بىللە كۇلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاق كۆڭۈل ھەم سەممىي.

39

قۇياش — مەڭگۇ پەرۋاز قىلىدىغان پەرىشتە. قۇياش — مەڭگۇ مېڭىپ يۈرگەن ئادەم.

40

ئاسان خاتالىشىپ قالىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلىرى ئالدىراڭغۇ ۋە قىزىققان كېلىدۇ.

41

زېرەك ئادەملەر ئۆز ھاياتىنى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت بىلەن تەڭرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋېتىدۇ.

42

ساختىلىق يوللىرى بىلەن ئېرىشكەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

43

توختىماي مېڭىش كېرەك. يا دېڭىزغا بارسەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

ياكى دەرياغا. . .

توختىماي مېڭىش كېرەك، دەناغا ئېرىشمىسەڭ ياكى رەناغا. . .

بىر جايدا ئولتۇرۇۋالساڭ، ھەممە نەرسەڭدىن قۇرۇق قېلىشىڭ مۇمكىن.

44

ئەرزىمەس مەپكورلارنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىۋالغان ئاۋامنى ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى سۆزلەش بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

45

مۇھەببەت ۋە ئەخلاقنى ئۆز پەرزەنتىنىڭ ۋرجۇدقا مۇجەسسەم قىلمىغان ئاتا ـ ئانا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

46

روھنى يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك.
ئۆز روھنى پاكلىمىغان ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

47

ئۆز مەقسىتلىرىگە ئۇدۇل يېتىپ بارغان ھەقىقەتچىلەر بار بولغان ئەمەس.

48

ئەتراپىدىكى ئۇلۇغ روھلارنى كۆرەلمىگەن ئادەم مەڭگۇ بۇيۇك بىر روھ يارىتالمايدۇ.

49

خىلمۇخىل مۇسىبەت ۋە مەغلۇبىيەتلەر ئۇچۇقتۇرۇۋەتكەن ئادەملەر ئىرادە جەھەتتە ئەڭ ئاجىز ئادەملەردۇر.

50

يۈكسەك ئادەملەر ئۆزىنى مەڭگۈ پەس كۆرمەيدۇ.

51

پەقەت ئىرادىلىك ئادەملەرلا ئۆز تۇرمۇشىدىن ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ.

52

سەمىمىيلىك — ئىنسانلارنى مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختكە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ يول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مېھرىگۈل ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە مۇساجان

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن ئەسەرلىرى (2)
ئاپتورى: ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
قىستۇرما ۋارىقى: 6 باسما تاۋىقى: 14.625
2005 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN 7—228—09343—7
ئومۇمىي باھاسى: 60.00 يۈەن
يەككە باھاسى: 20.00 يۈەن